سىز نىمە ئۈچۈن نامرات؟

《穷人羊性 富人狼性》一年就销售 200000 册。在此基础上，
《穷人羊性 富人狼性2》将有更多的实用方法，屌丝逆袭的技巧更出彩！

# نامراتلار قوي تەبىئەتلىك

# بايلار بۆرە تەبىئەتلىك

富人看了会更富，穷人看了改变命运！

2

蔡富强◎著




哈尔滨出版社
HARBIN PUBLISHING HOUSE

你为什么是穷人？

《穷人羊性 富人狼性》一年就销售200000册。在此基础上，
《穷人羊性 富人狼性2》将有更多的实用方法，屌丝逆袭的技巧更出彩！

# 穷人羊性 富人狼性

富人看了会更富，穷人看了改变命运！

2

蔡富强◎著



Baidu百科

哈尔滨出版社
HARBIN PUBLISHING HOUSE

ئەقدە قاشگەرلىك شىركىتى ___________ دەۋرىمىز خوتەن قاشگەرلىك مەدەنىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن چاڭجاڭ دەريا دىلتىسى ئىقتىساد بەلبىغىدىكى مەركىزى رايۇن جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ ، شىركىتىمىز ـ ئەمەلىي سودا بىلەن تور سودىسىنى بىرلەشتۈرگەن (O2O)سودا ئەندىزىسى بويىچە دىيارىمىز تەبئى بايلىقلىرىنىڭ خان تاجى بولغان خوتەن قاشلىرى تىجارىتىنى ئاساس قىلىپ ،خوتەن قاش ئويمىلىرى ، تەبئى مەرۋايىت ۋە مەرۋايىت زىننەتلىرى ... نى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپلەشكەن جاۋاھىرات ( ئۈنچە ـ مەرۋايىت ) شىركىتى .



ئەقدە قاشگەرلىكىمىز مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بەش يىلدىن بۇيان ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر قاشگەرلىك مەدەنىيىتى مىراسلىرىنى قېزىش،رەتلەش ۋە زامانىمىزغا لايىقلاشتۇرۇش جەھەتتە

كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇق.ئۇيغۇر قاشتېشى تورىنى قۇرۇپ خوتەن قاشگەرلىك مەدەنىيىتىنى ئاۋامغا تونۇتۇش ۋە قاشگەرلەرنى ھەم ئويمىچىلارنى كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش جەھەتتە نۇرغۇن ئەجايىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق.يوقۇلۇپ كەتكىنىگە نەچچە يۈز يىل بولغان ئۇيغۇر قاش ئويمىچىلىق كەسپىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ ئورۇپ ـ ئادىتىمىز ۋە ئېتىقادىمىزغا ئويغۇن بولغان ئەقدە ماركىلىق خوتەن قاش ئويملارنى بازارغا سالدۇق .



خوتەن قاشگەرلىك مەدەنىيىتىمىزنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە كەسپىي خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ شىنجاڭ ئويــمــچــىلــىق زاۋۇتــى سۈرەتــكــە ئالغان 12 قىسىملىق ھۆججەتلىك فىلىم ‹‹ ئاسايىشلىق يىللاردىكى گۈزەل قاشتېشى ›› نى ئانا تىلىمىزغا ئاۋازلىق تەرجىمە قىلىپ ئاۋامغا سۇندۇق.قاشتېشى كەسپىي ئاتالغۇلىرىنى ئانا تىلىمىزدا قېلىپلاشتۇردۇق.ئۇندىدار سالونى قۇرۇپ خوتەن قاش مەدەنىيىتى ۋە جاۋاھىرات بىلىملىرىنى ئاۋامغا دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كىلىۋاتىمىز.ئەقدە قاشگەرلەر ئۈندىدار مۇنبىرى قۇرۇپ ھەركۈنى كەچتە بازار ئۇچۇرى ۋە ئېلىم ـ سېتىم ئۇچۇرلىرىنى كەسپكارلارغا يەتكۈزۈپ كىلىۋاتىمىز.

تور مۇھىتىدا « ئەقدە قاشتېشى بازىرى 阿克达和田玉市场 » (خەزىنچە ئۈندىدار سۇپىسى) قۇرۇپ كەسپداشلىرىمىز ئارىسىدىكى خەزىنچە بىلمەسلىك سەۋەبى بىلەن ماللىرىنى ساتالمايۋاتقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى، سېپەتلىك ماللىرنى خەنزۇ خېرىدارلار بىلەن بىۋاستى ئۇچراشتۇرۇپ ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتۇق .

长按二维码选“识别图中二维码”可快速关注。

微信号：阿克达和田玉市场

英文ID：AKIDA_HeTianYu

ئەقىدە قاشتېشى بازىرى ______ قاشگەرلىرىمىز ۋە گۆھەر تاش سودىگەرلىرىنىڭ تىل قىينچىلىقىنى ، ماكان ، زامان قىينچىلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىپ ئۆز ئورنىدا تۇرۇپلا ماللىرىنى جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ساتالايدىغان ، خەنزۇ خېرىدارلارمۇ ئۆز ئورنىدا تۇرۇپلا ئۆزىگە كېرەكلىك ماللارنى سېتىۋېلىشىدا ھەقىقىي كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقتىن خېرىدارلىرىمىزنىڭ سانى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۆپەيمەكتە ھەم بىزگە ئەمەلىي سودا بىلەن ئىنتېرنېت مۇھىتىدىكى سودىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرماقتا .

ئەقىدە قاشگەرلىكىمىزنىڭ نىشانى ـ تەۋەرۈك كەسپىمىز خوتەن قاشگەرلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ،تەبىئى مەرۋايىت ،پىروزە،خىرىستال...قاتارلىقلاردىن تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملارنى ئىشلەپ خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپە قوشۇش ۋە خوتەن قاشگەرلىكى كەسپىدە داڭلىق ماركا يارىتىشتىن ئىبارەت.

ئەقىدە قاشگەرلىكىمىز ھەر ساھەدىكى خوتەن قاشگەرلىكى مەدەنىيىتىمىز ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان مۇتەخەسسلەرنىڭ ۋە خوتەن قاشگەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپكارلارنىڭ

ھەمكارلىششنى ،داڭلىق ماركا يارىتىش ئۈچۈن قولنى قولغا تۇتۇپ بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرستىشنى سەمىمي ئۈمۈد قىلىمىز.

شىركىتىمىز قۇرغان ئەقىدە قاشگەرلەر مۇنبىرى ئانا تىلىمىزدىكى خوتەن قاشگەرلىكى ۋە گۆھەر تاشلار ھەققىدە كەسپى مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىدىغان ، ئۈچۈر ئالماشتۇرۇلىدىغان كەسپى بىلىملەرنى ئۆز ـ ئارا ئۆگىنىدىغان كەسپى ھەمكارلىق مۇنبىرى . تىزىملىتىش ئۆندىدار نومۇرى :UYHTCN ئەنئەنىۋى تەۋەرۈك كەسپىمىزنى زامانىۋى كارخانىچىلىق ئەندىزىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا توختاۋسىز ئىزدىنىۋاتقان شىركىتىمىز ________ ھەمكارلىشىپ يول ئېچىپ قاشگەرلىك ساھاسىدە داڭلىق ماركا يارىتىش ؛ ئەنئەنىۋى تەۋەررۇك كەسپىمىزنى زامانىمىزغا لايىقلاشتۇرۇپ سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ؛ ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن كۈچلۈك سېتىش قوشۇنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر جاۋاھىرات كەسپىمىزنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسىتىدە تور سودىسىغا مەبلەغ سېلىپ تاۋباۋ توربىدا دۇكان ئاچتى.

ئەقىدە قاشگەرلىكى شىركىتى تاۋباۋ دۇكىنى : TAOBAO.UYHQT.COM

ئەقىدە قاشگەرلىكى

مەنبە:خاربىن نەشرىياتى 2011 ـ يىلى نەشر قىلغان
«نامراتلار قوي تەبىئەتلىك، بايلار بۆرە تەبىئەتلىك 2 » ناملىق كىتاب
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەقىدە قاشگەرلىكى ـ ئۇيغۇر قاشتېشى تورى(WWW.UYHQT.CN)
تەرجىمان: ئابدۇللا ئۆمەر
تەرجىمە تەھرىرى: رەيھانگۈل نىزام
ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: مەمەت ئىلى نىزام

## ئىدىيىدىكى پەرق:

## نامراتلار قويغا ئوخشاش راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدۇ. بايلار بۆرىدەك خەتەرگە تەييار تۇرىدۇ

ئالدىراقسانلىق بىلەن قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىش مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەتراپلىق ئويلىنىش غەلىبىگە باشلايدۇ..........2
نامراتلار ئىش قىلىشتا سۆرەلمە، بايلار بولسا قارار قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا دەرھال ھەركەتلىنىدۇ..........9
كۆپرەك ئىش قىلىشنى داۋاملاشتۇرسىلا نامراتلارمۇ باي بولالايدۇ..........14
بايلارنىڭ يۈرگۈزىدىغان تەپەككۇرى مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىكتۇر..........18
نامراتلار توختىماي ۋالاقلايدۇ. بايلار باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ..........23
نامراتلار خىيال بىلەن ئۆمرىنى نابۇت قىلىدۇ. بايلار ھەركىتى ئارقىلىق بايلىق ئىشكىنى ئاچىدۇ..........27
نامراتلار قارغۇلارچە كۆپچىلىككە ئەگىشىدۇ، بايلار ئاخىرىغىچە ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرىدۇ....32

## ھەركەتتىكى پەرىق:

## نامراتلار قوي خاراكتېرلىك ئېزىلەڭگۈ ، بايلار بۆرە مىجەزلىك ئاكتىپ بولىدۇ

نامراتلار راھەت ـ پاراغەتكە، بايلار رىقابەت بار مۇھىتقا ئادەتلەنگەن..........37
بايلار ماسلىششىش ئۈچۈن ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلالايدۇ. نامراتلار راھەت ياشاش ئۈچۈن مۇتەئەسسىپلىك قىلىدۇ..........43
نامراتلار ھەمىشە باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغانىغا خۇشال بولىدۇ، بايلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ تاللىشىدا

چىڭ تۇرىدۇ ............ 48

ياۋۇز بۆرە قاپ يۇرەك بولغانلىقتىن «چىداپ ئۆلىدۇ» ، قوي توخۇ يۇرەكلىكىدىن «ئاچ قېلىپ ئۆلىدۇ»

............ 53

«قوي خاراكتېرلىك ئادەم» ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ ئىش قىلىدۇ، نىشانى يوق............ 57

«بۆرە خاراكتېرلىك ئادەم» ئاچكۆز، ھەمىشە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ئويلايدۇ............ 62

نامراتلار دائىم پۇرسەت كۈتىدۇ، بايلار تاللاپ تۇرۇپ پۇرسەت يارىتىدۇ............ 66

نامراتلار مەغلۇبىيەتكە سەۋەپ ئىزدەيدۇ، بايلار غەلىبىگە ئامال ئىزدەيدۇ............ 70

**نەزەر دائىرىدىكى پەرق:**

**نامراتلار كۆز ئالدىدىكى بىلەنلا چەكلەنگەن، بايلار يىراقنى كۆرىدۇ**

نامراتلار باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۆزىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، بايلار ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىدۇ............ 76

نامراتلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، بايلار كەلگۈسىدىكى قىممەتنى مۇھىم بىلىدۇ

............ 81

بايلار ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش قىلىدۇ، نامراتلار نەتىجىگە قاراپ ئىش قىلىدۇ............ 85

نامراتلار ھەمىشە مۇتەئەسسىپ، بايلار مۇۋاپىق ھالدا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدۇ............ 89

بايلار پۇل تاپالايدۇ، خەجلەشنىمۇ بىلىدۇ............ 93

نامراتلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدۇ، بايلار يىراقنى كۆرىدۇ............ 98

نامراتلاردا پەقەت ‹‹ئۇچ مىنۇتلا قىزغىنلىق ››بار، بايلاردا ئۇزاققا سوزۇلغان قايناق ھېسيات بار

............ 103

**نىشاندىكى پەرق:**

**نامراتلاردا پەقەت بىرلا بېيىش نىشانى بولىدۇ، بايلاردا كۆپلىگەن مەبلەغ سېلىش نىشانى بولىدۇ**

نامراتلار بىلەن بايلار ئارىسىدىكى پەرق خام خىيال قىلىش ياكى نىشان بىكىتىشكە باغلىق.109
رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە رەھبەرلىك قىلىنغۇچى: نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ ئەڭ روشەن «سالاھىيەت بەلگىسى»..........113
«خانىش» بىلەن «دېھقان ئايال»نى ايرىتىش پەرقىدىكى سىرلىق كۈچ..........116
نىشاننى خاتا تاللاش سىزنى هامان بايلىق بىلەن «مۇكۇشمەك» ئويناتقۇزىدۇ..........122
نېمە ئۈچۈن نىشان بىلەن ھەرىكەتنى «قوش كېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار» دەيمىز..........127
نىشانغا توغرا ئورۇن بىكىتىش – باي بولۇش يولىدىكى «زۆرۈر دەرسلىك»..........130
كەسپىنىڭ ‹چوڭى› بۇلۇش نىشانىڭىز بارمۇ ـ يوق، باي بولۇش نىشانىڭىزنى بەلگىلىيەلەمسىز؟
..........133

**بىلىم پەرقى:**

**بايلارئۆزلۈكسىز ئۆگىنىدۇ، نامراتلار يوزەكى ئۆگىنىپلا بولدى قىلىدۇ**

نامراتلار جان ساقلاش ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىدۇ،بايلار تېخىمۇ بېيىش ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىدۇ....139
نامراتلاردا بىلىم كەمچىل بولغاچقا ئويلىنىپ ئىش قىلمايدۇ، بايلار ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ، خۇشاللىق بىلەن ئۆگىنىدۇ..........145
نامراتلارنىڭ ئۆگىنىشى پەقەتلا قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ، ئەمما بايلار ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ

بايلىق يارىتىدۇ................................................................150
نامراتلار يۈزەكى ئۆگىنىدۇ، ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ. بايلار جەۋھىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىدۇ................................................................155
بىلىمگە نىسبەتەن، نامراتلار پەقەت ساقلاشنىلا بىلىدۇ، ئەمما بايلار جانلىق ئىشلىتىدۇ........161
نامراتلار كىتابتىن بىلىمگە ئېرىشىدۇ. بايلار تۇرمۇشتىن بىلىمگە ئېرىشىدۇ..............................166

## كىشىلىك ئالاقىدىكى پەرق:

### نامراتلاردا بارى يەتتە ئۇلۇش قابىلىيەت، ئۈچ ئۇلۇش كىشىلىك ئالاقە؛ بايلاردىكىسى يەتتە ئۇلۇش كىشىلىك ئالاقە، ئۈچ ئۇلۇش قابىلىيەت

نامراتلار پۇل ئۈچۈن كىشىلىك ئالاقىنى ئۈزىدۇ. بايلار پۇل خەجلەپ كىشىلىك ئالاقە ئورنىتىدۇ
170................................................................
نامراتلا ئۆزىگىلا كەڭ قورساق بولۇپ، باشقىلارغا ئىچى تارلىق قىلىدۇ؛ بايلار ئۆزىگە ئىچى تارلىق قىلىپ، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولىدۇ................................................................175
نامراتلار پەقەت ئاغرىنىشنىلا بىلىدۇ، بايلارنىڭ كۆڭلىدە مىننەتدارلىق بولىدۇ........................179
نامراتلار ئىقتىدارنى كىشىلىك ئالاقىدىن مۇھىم دەپ قارايدۇ، بايلار كىشىلىك ئالاقە ئىقتىدارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ................................................................183
نامراتلار رەھىمسىز،باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشقا ئامراق، بايلار مۇلايىم، دوستانە.................187
نامراتلار كىشىلىك ئالاقىنى ياقتۇرمايدۇ ،بايلار ھەر خىل ئىجتىمائى سورۇنلاردا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈيدۇ................................................................191
نامراتلار كىشىلىك ئالاقىدە بىپەرۋا، بايلار ئالاقە ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ..........................194

پۇرسەتتىكى پەرق:

**نامرات ئادەم قوي مىجەزلىك پۇرسەت كۈتىدۇ, بايلار بۆرە خاراكتېرلىك پۇرسەت يارىتىدۇ**


نامراتلاردا پۇرسەتنى بايقىيالايدىغان كۆز كەمچىل ........ 200

بايلار كىرزىس ئىچىدىمۇ پۇرسەت تاپالايدۇ ........ 204

بايلار دائىم ھەر بىر مۇمكىن بولغان پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويمايدۇ ........ 207

نامراتلار پۇرسەتكە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدۇ، بايلار پەقەت پۇرسەتنى تۇتۇشنىلا ئويلايدۇ ........ 210

قوي مىجەزلىك نامراتلار پۇرسەت كۈتۈش داۋامىدا ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ ........ 213

بۆرە خاراكتېرلىك بايلار خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، پۇرسەت يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدۇ........ 216

بايلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇرسەتنى تۇتىدۇ. نامراتلار پاسسىپ بولغاچقا پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ ........ 219

نامراتلار پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالالمىسا ۋاز كېچىدۇ. بايلار پۇرسەتنى كۆرمەيلا تەييارلىق قىلىدۇ 222


تەقدىر ئۇقۇمىدىكى پەرق:

**نامراتلار قوي مىجەزلىك بولغاچقا دائىم تەقدىرگە تەن بېرىدۇ، بايلار بۆرە مىجەزلىك بولغاچقا تىرىشنى ياقتۇرىدۇ**


نامراتلار ئۇڭۇشسىزلىققا يۇلۇقسا، تەقدىر دەپ قارايدۇ، بايلار قىيىن مەسلىگە يۇلۇقسا بۇ بىر پۇرسەت دەپ قارايدۇ ........ 226

تەقدىرىڭىز تەدبىرىڭىزگە باغلىق........ 229

نامراتلار پەقەت تەقدىرنى ئۆزگەرتىش خىيالىنىلا سۈرىدۇ، بايلار ھەمىشە تەقدىرنى ئۆزگەرتىش

ئۇچۇن كۈرەش قىلىدۇ..........232

## بايلىق ئۇقۇمىدىكى پەرقى:

## قوي مىجەزلىك نامراتلار پۇل يىغىدۇ، بايلار پۇل بىلەن پۇل تاپىدۇ

نامراتلار كۈچىگە تايىنىپ «كىچىك» پۇل تاپىدۇ، بايلار پۇلغا تايىنىپ «چوڭ» پۇل تاپىدۇ
..........237
نامراتلارنىڭ پۇل تېپىشى تاماق يېيىش ئۈچۈن ،بايلارنىڭ تاماق يېيىشى پۇل تېپىش ئۈچۈن...242
نامراتلار بايلىقنىڭ «ئىسراپ قىلغۇچىسى»، بايلار بايلىقنىڭ «كونتروللىغۇچىسى»..........244
نامراتلار بىلەن بايلاردىكى بايلىق پەرقى ئۇلارنىڭ پۇلغا تۇتقان پوزىتسىيىدە ئىپادىلىنىدۇ.....247
پۇل ئامانەت قويۇش بىلەن پۇل قەرز ئېلىش نامراتلار بىلەن بايلارنى قانداق پەرقلەندۈرىدۇ؟
..........250
بايلىق ئۇقۇمىدىكى ئوخشىماسلىق «قۇل» بىلەن «خوجايىن» نىڭ پەرقىنى بەلگىلەيدۇ......253
ئىدىيەنى ئۆزگەرتكەندە، جاپالىق ئىشلىگەنگە قارىغاندا، تېخىمۇ ئاسان بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ
..........256
نىمە ئۈچۈن بايلىق قارشى بايلار بىلەن نامراتلارنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئاساس دەيمىز؟......259

## ئىدىيىدىكى پەرق:

## نامراتلار قويغا ئوخشاش راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدۇ. بايلار بۆرىدەك خەتەرگە تەييار تۇرىدۇ

مۇۋەپپەقىيەت ـ رىقابەتچانلىق ۋە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش روھىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەر پەقەت راھەت ـ پاراغەتنىلا ئويلىسا، تىنىچ ۋە مۇقىم ياشاش مۇھىتىغا بېرىلىپ كەتسە،ئۇنداقتا ئالغا ئىلگىرلىيەلمەيدۇ. لېكىن كىشىلەر ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلسا، جان تىكىپ كۆرەش قىلسا، ئىش قىلغاندا كۈچلۈك رىقابەتچانلىق روھىغا ئىگە بولسا، غەلىبە كۆز ئالدىدىلا.

ئۆزگە ئىشىنىش ھەم ئۆزى تاللىغان يولغا ئىشىنىش، باشتىن ـ ئاخىر دەسلەپكى ئارزۇسىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەسلىك كېرەك. ئادەم ياشايدىكەن ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بىر ئادەم نىشانىنى بەلگىلەپ، يولنى توغرا تاللاپ، ئۆزى تاللىغان يولدا قەتئىي ئالغا ئىلگىرلەپ، مەغلۇب بولۇشتىن، قىيىنچىلىقتا ئۇچراشتىن قورقمىسىلا غەلىبە قازىنالىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايدىكەنمىزچوقۇم شۇنىڭغا ماس پىلان بولۇشى كېرەك. بىر ئادەمنىڭ غەلىبە قىلالىشى ياكى قىلالماسلىقىدا ئاساسلىق شۇ ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسىگە قارايمىز. چۈنكى پوزىتسىيە شۇكىشىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەغدىرىنى بەلگىلەيدۇ.

پۇرسەت پەقەت تەييارلىقى بارلارغا مەنسۇپ. ئادەم پۇرسەتنى تۇتۇشنى ھەم ئۆگىنىش پۇرسىتىنى تىزگىنلەيدىغان ئىقتىدارنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرىشى، ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەمىلىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى، ھەتتا روھىيىتىدىكى پاسسىپ ھالەتتىن ئاكتىپ ھالەتكە ئۆزگىرىشى،ھەركىتىدىكى قولايسىزلىقنى قولايلىقتا ئۆزگەرتىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

# ئالدىراقسانلىق بىلەن قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىش مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەتراپلىق ئويلىنىش غەلىبىگە باشلايدۇ

رېئال تۇرمۇشتا،بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدا ناھايىتى كۆپ پەرق بار. نامراتلارنىڭ ئويلانماستىنلا قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىشى بۇ پەرقلەرنىڭ بىرسى. ئەكسىچە بايلارئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەركەت قىلىدۇ. «بەك ئويلىنىپ ئىش كۆرۈش ئادەمنى چارچىتىۋېتىدۇ، ئاددىيلا ئىش كورگەنگە يەتمەيدۇ» دەپ قاراش نامراتلارنىڭ ئادەت سۆزىدۇر. بايلار ئەكسىچە «ئىشتىن بۇرۇن ئەتراپلىق ئويلىنىش كېرەك، بۇنداق بولغاندا ئاسان خاتالاشمايمىز. پەقەت پىلان بىلەن ئىش كۆرگەندە ئاندىن غەلبە قازانغىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن نامراتلارنىڭ ھەركەتلىنىش ئېڭى بولىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزى ئىش قىلىش ئارقىلىق،مۇشكۇل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ. لىكىن ئۇلارنىڭ ھەركەتلىنىشى قارغۇلارچە ،قولىنىڭ ئۇچىدىلا بولۇپ، بۇ ھال ئۇلارنى پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ خىل پايدىسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىش قىلىشتىن ئاۋال چوقۇم ئەتراپلىق ئويلىنىشنى ، ئىشنى تەرتىپلىك پىلان بويىچە قىلىشنى ئۆگىنىش كېرەك. مۇنداق بولغاندا ئۇنۇمى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ.

*بىز تۆۋەندىكى مەسىلىنى بىرلىكتە كۆرۈپ باقايلى:*

بايىلا دېھقاننىڭ تۇخۇسىنى ئوغرىلاپ يېگەن بىر تۈلكە كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۆيىگە كىتىۋېتىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەر قانچە قىلىپمۇ قۇدۇقتىن يامىشىپ چىقالماپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بىر ئۆچكە سۇ ئىزدەپ قۇدۇق بويىغا كېلىپتۇ ۋە قۇدۇق ئاستىدىكى تۈلكىنى كۆرۈپ، تۈلكىدىن سۇنىڭ ئىچىشلىك ياكى ئەمەسلىكىنى سوراپتۇ. گەرچە تۈلكىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئېچىنىشلىق بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى پەردازلاپ، قۇدۇق سۈيىنىڭ ئىچىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئېغىزى قۇرۇپ كەتكەن

ئۆچكە پەقەت سۇ ئىچىشنىلا ئويلاپ، تۈلكىنىڭ راست  ياكى يالغان سۆزلىگەنلىكى توغرىسىدا ئويلانمايلا قۇدۇققا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۆچكە سۇنى قانغۇچە ئىچىپ بولۇپ، بەدىنىنىڭ خېلىلا ئېغىرلاپ قالغانلىقىنى، قۇدۇقتىن سەكرەپ چىقالىشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقاپتۇ. ئۆچكە ئالاقىزادىلىك ئىچىدە تۇرغاندا ،تۈلكە ئۇنىڭغا قۇدۇقتىن چىقىشنىڭ ياخشى بىر ئامالىنى ئېيتىپتۇ. «ئۆچكە ئاكا، سەن ئاۋۋال بېشىڭنى تامغا تىرەپ تۇرۇپ بەرگىن. مەن يامىشىپ چىققاندىن كېيىن سېنى تارتىۋالاي» ئۆچكە ئويلانماستىنلا تۈلكىنىڭ دېگىنىنى قىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۈلكە تېزلا يامىشىپ قۇدۇقتىن چىقىۋاپتۇ. قۇدۇق ئاستىدىكى ئۆچكە جىددىيلەشكەن هالدا تۈلكىنىڭ تارتىۋېلىشىنى ئۈتۈنگەن بولسىمۇ ، لېكىن تۈلكە پەرۋامۇ قىلماپتۇ.  بۇ ۋاقىتتا ئۆچكە تۈلكىنى ۋەدىگىدە تۇرمىدىڭ دەپ تىللاپتۇ. لېكىن تۈلكە «سەن ھەقىقەتەنمۇ كاللاڭ ئىشلىمەيدىغان دۆت بىرنېمە ئىكەنسەن. ئەگەر سەن ھەرىكەت قىلىشتىن ئاۋۋال كاللاڭنى ئىشلەتكەن بولساڭ قۇدۇققا چۈشمىگەن بولاتتىڭ ھەمدە بۇ قىلتاققىمۇ دەسسىمەيتتىڭ»دەپتۇ ـ دە كۆرەڭلىگەن ھالدا كېتىپ قاپتۇ. ئەكسىچە ئۆچكە ئەخمەقلەرچە قۇدۇق ئاستىدا قېلىپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

ھېكايىدىكى ئۆچكىنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن سۇ ئىزدەپ كېلىشى ماختاشقا تېگىشلىك ئىش. ئەمما كېيىنكى ئالدىراڭغۇلۇقى ئۇنى ئاشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى.شۇڭا ھەر بىر ئادەم ئىش قىلىشتىن ئاۋۋال ياخشى ئويلىنىشى، يېنىكلىك قىلماسلىقى، ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىشى لازىم.  «تىز سۇرئەتتە بېيىش»نى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ ‹ سالماقلىق بىلەن ئويلىنىپ، پۇختا قەدەم بىلەن ھەرىكەتلىنىپ سىجىل بېيىش › تىن ئىبارەت بۇ قائىدىنى ئەستە تۇتۇشى تېخىمۇ زۆرۈر. مۇۋەپپەقىيەتلىك بېيىش يولىغا  بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئامىللار يوشۇرۇنغان.پەقەت پۇختا ھەرىكەت قىلالايدىغان ئادەملا بۇ يولدا مەزمۇت تۇرالايدۇ ھەم غەلىبە قىلالايدۇ. ئەگەر سىز ھەمىشە يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىش قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا باي بولۇش يولىڭىزنى ئەگرى ـ توقاي، جاپالىق قىلىپ قويىسىز. ھەتتا يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، نىشاندىن ئادىشىپ قالىسىز. شۇڭا سالماقلىق

بىلەن ئەتراپلىق ئويلىنىشنى بايلارنىڭ غەلبە قىلىشىدىكى ئەڭ چوڭ تەجرىبە دېيىشكە بولىدۇ. بېيىشنى ئارزۇ قىلىدىغان نامراتلار بۇ نۇقتىغا چوقۇم دىققەت قىلىشى كېرەك.

كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى لېل.خورلىن ئىلگىرى مۇۋەپپەقىيەت ئۇستازى كارنېگىنى زىيارەت قىلغان. زىيارەتتە ئۇ كارنېگىنىڭ ئىش ئۇستىلىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. خورلىن: «ناھايىتى ئاسانلا نۇرغۇن پۇل تاپالايدىغان بىر باينىڭ ئۇستىلىنىڭ شۇ قەدەر رەتلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەنمۇ تەس. چۈنكى ئۇنىڭدەك ئالدىراش ئادەمنىڭ ئۇستىلى ئۇستىدە ھەر خىل ھۆججەت ياكى ماتېرىياللار تولۇپ كەتكەن بولىدۇ» دىگەن. لېل.خورلىن بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي: «كارنېگ ئەپەندى كۈندىلىك ئىش بېجىرىش جەريانىدا سىز قىلىدىغان ئىش چوقۇم كۆپ. لېكىن سىز قارىماققا شۇنداق تەمكىن ھەم تەرتىپلىك ئىكەنسىز. سىزبۇنى قانداق قىلالىدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. كارنېگ كۈلۈپ تۇرۇپ : «بۇ بەلكىم مېنىڭ خىزمەت قىلىش ئۇسۇلۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتە ماڭا  بىر كۈن ياكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا بىر ئىشنى تاماملاش ياكى قارار چىقىرىش زۆرۈر بولسا، ئىشتىن ئاۋال ئاشۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ماتېرىياللارنى رەتلىۋالىمەن. مېنىڭچە، قانداق ھەركەت قىلىشنى قىياس قىلىش ياكى قارار چىقىرىش ئۈچۈن ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مېنىڭ قىلىدىغىنىم شۇ قارار ياكى خىزمەت مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئامالىنىڭ بارىچە كۆپرەك تەتقىق قىلىش، ئاشۇ ماتىرىياللارنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن كاللىمىزدا كونكرېت ھەركەت پىلانى ياكى تەدبىر تەبىئىيلا شەكىللىنىدۇ. چۈنكى بۇ ماتىرىياللارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەت ئاساسىدا توپلانغان. بۇ ئاڭلىماققا بەك ئاددى، شۇنداقمۇ؟» ،دەپتۇ.

كارنېگىنىڭ ئۇسۇلىنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار. لىكىن تۇرمۇشتا ئۇ دائىم كىشلەر تەرىپىدىن سەل قارىلىدىغان ئىش. كىشلەرنىڭ ھەركىتى كۆپىنچە ئالدىراقسانلىق ھەمدە كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەم پىشپ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ھەم باي بولۇشتىكى ئەڭ چوڭ توساق بولۇپ،بۇنى «بالىلارنىڭ ھەمىشە ئويلانماستىنلا بىر ئىشنى قىلىش»قا ئامراقلىقىغا ئوخشاتساق

بولىدۇ. بۇ يەنە كىشىلەردىكى ئويلىنىشنىڭ كەم ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۆزىدىكى بىردەملىك ھاياجانغا بېرىلىپ يەڭگىلتەكلىك بىلەن قىلىنغان گۆدەكلەرچە قىلىقتۇر.

شۇنى دېيىش زۆرۈركى، نۇرغۇنلىغان كىشلەرنىڭ دائىم ئۆتكۈزىدىغان « ئۆزىدىكى مەسلىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلماسلىقتەك » بىر خاتالىقى بار. ئادەم مۇنداق خاتالىق سادىر قىلغاندا مەسىللەرنى بىر تەرەپ قىلالماي بېشى قاتىدۇ، ھەتتا ئۇيقۇسى قاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ قارار چىقىرىدىغان قىممەتلىك ۋاقتىنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ ياكى ياخشى ئويلانمايلا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئالدىراپ قارار چىقىرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەركەتلىنىشتىن ئاۋال مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئامالىنىڭ بارىچە كۆپرەك جۇغلاش ھەم رېئاللىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىش، مۇمكىن بولسا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈش بەكمۇ زۆرۈر.

ئەمەلىيەتتە،ھەممە ئادەم ئالدىراقسانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنالمايدۇ،بۇ نورمال ئەھۋال. چۈنكى ئالدىراقسانلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەت بىزنى ئازاپقا دۇچار قىلىدۇ. شۇڭا يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىش كۆرىدىغان كىشلەر «ئاۋال ئۆزىگە نىمە كېرەكلىكىنى ھەقىقي چۈشىنىش،ئاندىن ھەركەت قوللىنىش» تىن ئىبارەت بۇ ھېكمەتلىك قائىدىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى زۆرۈر. بۇ قائىدە نامراتلىق سىپىدە تىركىشىۋاتقان كىشلەرگە « ئىش قىلغاندا ئالدىراقسان بولماسلىق، چوقۇم ئىشنىڭ ياكى مەسلىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرغاندىن كيىن، ئاندىن توغرا ھەركەت قىلىش» كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇخۇددى تاشقى كېسەل دوختۇرى ئوپېراتسىيە قىلغاندا، ئەگەر بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرماي ئوپېراتسىيە قىلسا، داۋالاش ھادىسىسى كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىدەكلا بىر ئىش. ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئەھۋال ئاستىدا دەرھال ھەركەت قوللىنىش زۆرۈر. لېكىن بۇ يەردىكى « دەرھال ھەركەت قوللىنىش » ھەرگىزمۇ يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىش كۆرۈشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

لىنجىيەن بېيجىڭغا كەلگىلى 8 يىل بولغان. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى داڭلىق بىر كارخانا تەرىپىدىن پىلان نازارەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، يىللىق مائاشى 300 مىڭ ئىدى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق باي ئىدى. ئۇ كەسپى ھاياتىدا ماڭغان ھەر بىر قەدىمىنى پۇختا ئويلىنىپ باسقان، ئەزەلدىن ئالدىراپ ئىش كۆرمىگەن. پىلان نازارەتچىلىك خىزمىتى لىنجىيەنگە نىسبەتەن بىر خىرىس ئىدى. لېكىن يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ غەلبىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئاۋۋال مۇشۇ شىركەتنىڭ بۇرۇنقى پىلان نازارەتچىسى ۋە ھازىرقى بازار بۆلۈمى دېرىكتورىنى ئىزدەپ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن ھەمدە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئانالىز قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەتنى ياخشى قىلىشنى ئويلىغان، ھەمدە بازار ئېچىش ۋە پىلانلاشتا بۇسۇش ھاسىل قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ بىرقېتىملىق داغدۇغا قوزغايدىغان بازار پىلانى پائالىيىتىنى تاماملاشقا تەييارلانغان. شۇنداق قىلىپ پۇرسەت بىر ئايدىن كېيىن يېتىپ كەلگەن. شىركەت بىلەن مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى بىرلىشىپ، يېڭى بىر ساغلاملىق مەھسۇلات تۈرىنى ئاچقان. بۇ مەھسۇلات دۆلەت ئىچىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ھازىر شىركەت ئۇنى چەتئەلگە، بولۇپمۇ شەرقى جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىگە سېتىپ چىقىرىشنى پىلانلىغان ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا لىن جىيەننىڭ ئويلايدىغىنى باشقىچەرەك بولۇپ، ئۇ بۇ مەھسۇلاتنى تايلاند بازىرىغا ئەكىرىشنى پىلانلىغان. ئۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تايلاندنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى پىششىق ئىگەللەپ، تايلاندنىڭ بۇددا دىنىغا كۈچلۈك ئېتىقاد قىلىدىغان دۆلەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن. بۇ مەھسۇلاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تايلاند بازىرىغا ئەكىرىش بىلەن بۇددا دىنىنىڭ بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، لىن جىيەن بۇنى مەسىلىنىڭ نۇقتىسى دەپ قارىغان.

بۇشىركەتنىڭ مەھسۇلاتى يۈرەكنى تازىلاپ مېڭىنى ساغلاملاشتۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇپ، قۇتىغا قاچىلىنىدىغان سۇيۇقلۇق ئىدى. لىن جىيەن مەھسۇلاتنىڭ ئۇنۇمىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، تايلاندىكى ۋاكالەتچى سودىگەر بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلاشقان. ئاۋۋال تايلاندنىڭ پايتەختى

باڭكوكدىكى بىر قىسىم بوْتخانا يېنىغا كۆزگە چېلىققوْدەك قىلىپ تەشۋىقات تاختىسى ياسىغان. بوْ تەشۋىقات تاختىسىدا تايلاندتىكى داڭلىق بىرناخشىچىنىڭ قولىدا ساغلاملىق مەھسوْلاتى توْتقان، كوْلوْمسىرگەن هالدا يىراققا قاراپ توْرغان رەسىمى ۋە «شوْ دەقىقىدە يوْرىكىم ئەينەكتەك سوْزوْك!» دىگەن سۆزلەر بار ئىدى. لىنجيەن ئېلان تاختىسىنى كۆرگەنلەرنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل كوْزەتكەن، ھەم بىر مەزگىل كوْزىتىش ئارقىلىق مەھسوْلات تەشۋىقاتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ياختوْرىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى بايقىغان. بىر قاتار ئەتراپلىق پىلانلاش ئارقىلىق، شىركەتنىڭ مەھسوْلاتى تايلاند بازىرىغا موْۋەپپەقىيەتلىك كىرگەن ھەم سېتىلىش مىقدارى ناھايىتى تىز يوْقىرى كۆتوْرۈلگەن. لىنجيەننىڭ بوْ خىل ئەستايىدىل ،ئىنچىكە ئىش قىلىش ئوْسوْلى ئاخىرى ئوْنى موْۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتوْرگەن.

ئەمەلىيەت داۋامىدا قانداق ئىش قىلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر ھەرقانداق ئىشقا سەگەك كاللىمىز بىلەن موْئامىلە قىلىشىمىز ھەم كوْچىمىزنىڭ بارىچە قارغوْلارچە ئىش قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز زۆروْر. ئىش قىلىشتىن ئاۋۋال ياخشى ئويلىنىپ، ئاندىن قول سېلىشىمىز كېرەك. موْنداق بولغاندا بىز تەشەببوْسكارلىق ئورنىنى ئىگەللەپلا قالماستىن، يەنە ناھايىتى تىزلا غەلبە مېۋىسىنى ئوْزەلەيمىز. بوْ ئەمەلىيەتتە بايلار بىلەن نامراتلاردىكى ئەڭ روشەن پەرقنىڭ بىرسى.نامراتلار باي بولوْشنى ئويلايدىكەن، ئىشتىن ئاۋۋال ئەتراپلىق ئويلىنىش كېرەك.ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىش قىلمايدىغان كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىگە پايدىلىق بولغان بارلىق پوْرسەتلەرنى توْتالايدوْ ھەم تىرىشىپ كۆرەش قىلىدوْ. چوْنكى بوْنداق ئادەملەردە مەڭگوْ يېڭىلىق يارىتىدىغان، تەشەببوْسكارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرلەيدىغان يوْرەك بولىدوْ.يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلمايدىغان، ئوْزلوْكسىز ئۆزىنى موْكەممەللەشتوْرىدىغان كىشىلەرجەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغانلاردوْر. پەقەت شوْنداق ئادەملا كىشىنى ھەۋەس قىلدوْرالايدىغان بايلىققا ئېرىشەلەيدوْ.

كىشىلىك توْرموْش ھەمىشە كومىدىيىلىك بولىدوْ. نامراتلار باي بولوْشقا قانچە ئالدىرىغانسېرى غەلبە قىلىشى شوْنچە تەس بولىدوْ. ئوْلارنىڭ ئۆزىدىكى ئالدىراقسانلىق ناھايىتى زور دەرىجىدە

ئۇلارنىڭ سەگەك كاللىسىنى،جانلىق تەپەككۇرىنى بوغۇپ قويىدۇ. ئاخىرىدا كۆرەش قىلىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ يەڭگىلتەكلىك بىلەن قوللانغان ئۇسۇلى سەۋەبىدىن مەغلۇب بولىدۇ.شۇڭا بايلىق ئىزدەش يولىغا قەدەم قويغان ۋاقىتتا نامراتلار ئۆزىدىكى ئالدىراقسانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ھەمدە تۇرلۇك قايمۇقتۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى بىلىشى زۆرۈردۇر. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇلار ئاندىن ئۆزىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتەلەيدۇ.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

بىر ئادەم پەقەت ئۆزىدىكى يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلىدىغان ئادەتنى كونترول قىلالىسىلا، ئاندىن سەۋىرچانلىق بىلەن مەزمۇت ئالغا ئىلگىرلىيەلەيدۇ، سىرتتىكى ھەر خىل قايمىقتۇرۇشلاردىن ئازمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، كىشى ھەۋەس قىلغۇدەك بايغا ئايلىنىش بەك تەس.

# نامراتلار ئىش قىلىشتا سۆرەلمە، بايلار بولسا قارار قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا دەرھال ھەركەتلىنىدۇ

بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ ھەركەت جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى روشەن. ئەڭ روشەن بولغىنى نامراتلارئىش قىلىشتا سۆرەلمە، بايلار ئىش قىلىشتا كەسكىن. قىينچىلىققا يولۇققان ۋاقتتان امراتلار «پۇرسەت تېخى پىششىپ يېتىلمىدى، يەنە ساقلاپ كۆرەيلى» دەيدۇ. بايلاربولسا «ھىچقانداق كىشىگە تايانماسلىق كېرەك. پەقەت ئۆزىمىزلا ئۆزىمىزگە ياردەم قىلالايمىز. سۆرەلمىلىكنى ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى توسالغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك» دەيدۇ. ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، ئادەمنىڭ ئۆمرى تولىمۇ قىسقا ھەمدە ھەر خىل ئوخشىمايدىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە كۆپلىگەن ئىشلارنى ھەل قىلىش كىشلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان زۆرۈر مەسىلىگە ئايلاندى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش ناھايىتى مۇھىم. باياشات تۇرمۇش كەچۈردىغان ئادەملەر ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ھەمدە پۇختا قەدەم بىلەن ئىش قىلىش ئارقىلىق بايلىققا ئېرىشكەن.

قۇياش نۇرىغا پۈركەنگەن گۈزەل ئورمانلىقتا ھەر خىل قۇشلار خۇشال-خورام ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيلىرى چىرايلىق ھەمدە ئاۋازى زىل بىر بۇلبۇل بار بولۇپ، ئۇ ئورمانلىقتا توختىماستىن ئۆزىنىڭ پەيلىرى ۋە ئاۋازىنى ماختايدىكەن. ئۇ بەزى قۇشلارنىڭ ئالدىراش كىتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىپ: « ھۇزۇرلىنىشنى بىلمەيدىغان ئەخمەقلەر!» دەپتۇ . ئۇنىڭ يېنىدىكى قۇشلار قىش كېلىشكە ئاز قالغانلىقىنى، ۋاقتىدا قىشلايدىغان ئوزۇق - تۈلۈك غەملىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىسمۇ، لېكىن بۇلبۇل يەنىلا بۇرۇنقىدەك يۈرىۋېرىپتۇ. ئۇ مەنىستىمىگەن ھالدا: «ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، قىش كېلىشكە تېخى بالدۇر، ۋاقىت كۆپ، يەنىلا كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن بەھرىلىنىۋالغانغا يەتمەيدۇ.» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ كۈنلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ قىشمۇ تىزلا كىلىپ قاپتۇ. ئوزۇق - تۈلۈكنى تەييارلىۋالغان قۇشلار ئىسسىق

ئۇۋىسىدا نازۇ ـ نىمەتلەردىن ھوزۇرلىنىپتۇ. لىكىن ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىغان بۇلبۇل بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئاچقورساق ھالدا قاتتىق شۇئىرغان ئىچىدە قاپتۇ. ئەتىسى كۈن ئۆرلەپ قۇياش نۇرى سوغۇق شامالنى تارقىتىۋېتىپتۇ. ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەن بۇلبۇل كېچىلەردە مۇزلاپ قالغان چاغدىكى ئازاپلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ خۇشال ـ خورام ناخشا ئېيتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، تىزراق ئۇۋا ياسىشى كېرەكلىكى بولمىسا كەچتە يەنە سوغۇقتا قالدىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىپتۇ. لېكىن بۇلبۇل پىسەنت قىلمىغان ھالدا: «ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، كەچ بولۇشقا تېخى بالدۇرغۇ!» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىلىپ ـ بىلمەيلا كۈن كەچ بوپتۇ. بۇلبۇل يەنە ئاۋالقى كەچكە ئوخشاش سوغۇقتا قاپتۇ. تەكرار نەچچەئاخشام شۇنداق بولۇپ، تۇيۇقسىز قاتتىق قار يېغىپتۇ. بۇلبۇل پاناھلىنىدىغان ئۇۋا ياسىمىغاچقا ھەمدە ئوزۇق توپلىمىغاچقا ئاخىرى بىچارە ھالدا ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بۈگۈن قىلىدىغان ئىشنى ئەتىسىگە قالدۇرسا، ئەتە قىلىدىغان ئىشنى يەنە ئۆگۈنگە سۈرسە ،شۇنداق قىلىپ قايتا ـ قايتا ھەركەت قوللانمىسا، ئىشنى ياخشى قىلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە پەقەت ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنالايدىغان، سۈرەلمىلىك قىلمايدىغان، ۋاقتىدا ئويلىنىۋېلىپ ئىش قىلىدىغان ئادەم ئاندىن غەلبە قىلالايدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدا نامرات ياشايدىغان بىر قىسىم كىشلەردە پەقەت ئىشەنچ كەمچىل ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا زۆرۈر بولغان ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ كەمچىل. نىگىزدىن ئالغاندا، ئادەمدە پەقەت ئىككى خىل ئىقتىدار بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى. يەنە بىر خىلى بولسا ھەركەتلىنىش ئىقتىدارى.كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمەسلىكىنى تەپەككۇر ئىقتىدارى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولماستىن بەلكى، ھەركەت قىلىش ئىقتىدارى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەتىگە سوزسا نەتىجىدە كۆپىنچە ئەتىسمۇ تاماملاپ بولالمايدۇ. چۈنكى نامراتلار «ئەتە قىلىش» ئۇقۇمىنى كاللىسىغا چوڭقۇر ئورنىتىۋەتكەن. ئەتە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارىيەنە ئەتە بار دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەتە قىلىشقا تېگىشلىك

ئىش كۆپ بولغان ۋاقىتتا نامراتلار نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىپ، ئاخىرى ھەممىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ.

شۇنداق جەزملەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، ئىككى ئادەم بىر ۋاقىتتا ھەركەتلەنگەندە ئىش قىلىش ئۇسۇلى ۋە شۇ ئىشقا بولغان پوزىتسىيەنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن ئاخىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

لۇيفېي ۋە ۋاڭ زەيشىڭ ناھايىتى يېقىن دوست. ئىككەيلەن كۆزىتىش ئارقىلىق يۇرتىدىكى نۇرغۇن كىشلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەككە بولغان تەلىپىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى قۇرۇش ئۇيى پەيدا بولىدۇ. لۇيفېي بۇنى ئويلىغاندىن كيىنلا دەرھال ھەركەتلىنىدۇ. بازار تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدەمەھسۇلاتنى ناھايىتى تىزلا بازارغا سالىدۇ. ئەكسچە ۋاڭ زەيشىڭ شۇنچە ۋاقىت ئۆتسىمۇھەركەتلەنمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سالغان مەبلىغىدىن پايدا ئالالماسلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ.شۇڭلاشقا ئاۋال لۇيفېينىڭ كىيىم زاۋۇتى قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىغاقارايدۇ. لۇيفېينىڭ كىيىم زاۋۇتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئويلاپ باقمىغان قىينچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار مەھسۇلاتنى سېتىپ چىقىرالماي ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قالىدۇ. ھەتتا ئىشچىلارنىڭ مۇئاشىنىمۇ نورمال تارقىتالمايدۇ.بۇ ۋاقىتتا ۋاڭ زەيشىڭ ئۆزىنىڭ ئىش باشلىمىغانلىقىدىن خوشال بولىدۇ. لىكىن قىينچىلىق لۇيفېينى قورقىتالمايدۇ. ئۇ مۇۋاپىقەيەت قازانغان كىشلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە قەتئىي ئىرادىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ تەرەققىيات داۋامىدا ئۇچرىغان قىينچىلىقلارنى ھەل قىلىدۇ ۋە زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بايلىقىمۇ كۆپىيىدۇ. دوستىنىڭ پۇلىنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋاڭ زەيشىڭ ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ. ھەم ئۇمۇ كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى ئاچىدۇ. لېكىن دوستىنىڭ كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى بازارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەپ بولغاچقا ئۇنىڭ زاۋۇتىنىڭ پايدىسى ئىنچىل ياخشى بولمايدۇ ـ دە، بىر يىلغا بارمايلا زاۋۇتى ۋەيران بولۇپ، ئۇ يەنە ئەسلىدىكى ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

ھكايىدە ئىككى كىشى بىرلا ۋاقىتتا سودا پۇرستىنى بايقىغان. لېكىن لۇيفېي دەرھال ھەركەتلىنىپ پۇرسەتنى تۇتالىغان. ئەكسىچە ۋاڭ زەيشاڭ ئىزچىل كەينىگە سۈرۈپ، ياخشى پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغان. ئەڭ ئاخىرى بۇ ئىككىسىنىڭ ھاسىل قىلغان ئۈنۈمدىمۇ غايەت زور پەرق پەيدا بولغان. بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى بايان قىلىدۇ: ئەگەر ئوي-خىيال بولۇپ،ۋاقتىدا ھەركەتلەنمىسە، نىشان ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بايلارنىڭ ھەممىسى سودا پۇرستىنى بايقىغان ھامانلا چاقماق تېزلىكىدە ھەركەت قوللانغان ھەمدە بۇنداق ھەركەت شەكسىز ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەت چوققىسىغا باشلاپ بارغان. قەدىمكى گىرىتسىيەنىڭ داڭلىق مۇتەپەككۇرى سوقرات: «دۇنيا ھەركەتلەندىمۇ - يوق؟ ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ھەركەتلەنگەن ياكى ھەركەتلەنمىگەنلىكى بەلگىلەيدۇ.» دېگەن. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بايلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ئەسكەرتىشىگە مۇھتاج ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرى ئاكتىپ ھەركەتلىنەلەيدىغان كىشىلەردۇر.ئەكسىچە بىر قىسىم نامراتلار ھەمىشە باشقىلار ئەسكەرتسە ئاندىن ھەركەت قىلىدۇ.ئۇلاردا ئەزەلدىن دەرھال ھەركەتلىنىش ئېڭى يوق. شۇنداق بولغانلىقتىن بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ تەقدىرىدە ئاسمان - زېمىن پەرق مەۋجۇت. شۇڭلاشقا پۇرسەتنى بايقىغان ۋاقىتتا دەرھال ھەركەتلىنىشىمىز، سۆرەلمىلىك قىلماسلىقىمىز كېرەك.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە، ئوخشاش بولمىغان نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەت داۋامىدا نۇرغۇن كىشىلەر نامراتقا ئايلىنىپ ئادەتتىكىچە ياشايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى تۇتۇپ تۇرالمىغانلىقىدىندۇر.ئۇلار ئۆزىگە پۈتۈنلەي پايدىلىق بولغاندا، ئاندىن ھەركەتلىنىدۇ. ئەلۋەتتە،كىشىلەرنىڭ مۇكەممەللىكنى قوغلىشىشى مۇقەررەر، لېكىن تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە ئىشلارنىڭ ئۇنداق مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئىسىمىزدە تۇتۇشىمىز لازىم. ئەگەر ھەمىشە بارلىق شارائىتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كەم - كۈتىسىز مۇكەممەل بولۇشىنى ساقلاپ، ئاندىن تەدبىر ۋە ھەركەت قىلسا، ئۇ ھالدا كىشىنىڭ ئۆمرى پەقەت ئۇزۇنغا سوزۇلغان

ساقلاش بىلەن ئۆتىدۇ.

پۇرسەتكە يولۇققاندا دەرھال ھەركەتلىنىش، باي بولۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىكىدىن بىرى.شۇنىڭ ئۈچۈن كىشلەر ئۆز ـ ئۆزىگە بىشارەت بېرىش ئارقىلىق ئۆزىگە دەرھال ھەركەتلىنىشنى ئەسكەرتىشى كېرەك. سىز بۇنى كاللىڭىزدا مەھكەم ساقلىغان ۋاقتىڭىزدا ئاندىن ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن سىزىمنى قوزغىتالايسىز. تۇرمۇشتا سۆرەلمىلىكتىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش يوق، سۆرەلمىلىكتىنمۇ بەكرەك بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى توسىدىغان يامان ئادەت يوق. ھەر بىر ئادەم سۆرەلمىلىكتەك يامان ئادەتتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى سۆرەلمىلىك ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمەن، ئۇ كىشىنى غەلبىدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بارلىغىنى ئېلىپ كېتىدۇ.

*《دەرھال ھەركەتلىنىش》ـ بايلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ بىرى.*

ھەر قېتىم نامراتلار بايلارنىڭ غەلبىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇھسىنىپ: «مېنىڭ ئەسلىدە باي بولۇش پۇرستىم بار ئىدى. لېكىن ھەركەتلەنمەي ئاخىرىدا بايلىقنى كەتكۈزۈپ قويدۇم، ئەگەر يەنە پۇرسەت بولسا مەن چوقۇم ئاكتىپ ھەركەتلەنگەن بولاتتىم.» دەيدۇ. نامراتلار ھەر ۋاقىت نامرات كۈن كەچۈرىدۇ. لېكىن ئۇلارنى «ۋاقتىدا ھەركەتلەنمەسلىكنىڭ نامراتلىقنىڭ ھەقىقي سەۋەبى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلالمايدۇ» دىيىشكە بولىدۇ. ئۇلار پەقەت تەغدىردىن نالە قىلىپ رەنجىشنى ياكى پۇشايمان قىلىپ ئۇكۇنۇشنىلا بىلىدۇ.ئۇنداق قىلىشنىڭ پەقەتلا ئۆزىنى روھسىز، تېخىمۇ نامرات قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

تۇمەن تۇرلۇك ماھارەتنى ئىگىلەش بىر قېتىملىق دەل ۋاقتىدا ھەركەتلىنىشكە يەتمەيدۇ،پەقەت ئۆزىمىزدىكى ھەركەتلەنمەسلىكتەك يامان ئادەتنى ئۆزگەرتسەكلا ئاندىن بايلىقنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن.

# كۆپرەك ئىش قىلىشنى داۋاملاشتۇرسىلا نامراتلارمۇ باي بولالايدۇ

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىز باشقىلاردىن كۆپرەك ئىش قىلسىڭىز ئەھۋالىڭىزدا ياخشىلىنىش بولىدۇ،سىزنىڭ كۆپرەك ئىش قىلغانلىقىڭىز سىزنى ئاندىن غەلىبىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئاخىردا بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزىدۇ. كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇلايدىغان بىزدەك كىشىلەرگە نىسپەتەن كۈچلۈك رىقابەتكە تولغان بۇگۈنكى كۈندە، بىز بىلەن رىقابەتچىمىزنىڭ پەرقى ناھايىتىمۇ ئاز بولۇشى مۇمكىن، بەلكى مەلۇم جەھەتلەردە ئۇلارغا يېتەلمەسلىكىمىزمۇ مۇمكىن. ئۇنداقتا مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىمىزدىكى ئاساسىمىز نېمە؟ ئاساسىمىز بولسا ئۇلارغا قارىغاندا كۆپرەك بەرداشلىق بېرىش، ئۇلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئىش قىلىش. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى تاماملىيالايمىز. ئۆزىمىز ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز.

نۇرغۇن كىشىلەرتۇرمۇش ياكى خىزمەتتە قىيىن مەسىلىلەرگە ئۇچراشتىن ساقلىنالمايدۇ. ھەل قىلالمىسىلا دائىم كەينىگە چېكىنىدۇ ياكى ۋاز كېچىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى مەغلۇبىيەتچىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەكسىچە ئەگەر كۆپرەك بەرداشلىق بەرسىڭىز غەلىبە قىلىش پۇرستى بەلكىم سىزنى ساقلاۋاتقان بولۇشى، بايلار سىزگە قول پۇلاڭلىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

كېنتاكىنىڭ قۇرغۇچىسى ھېلىن.سەندىش 1009 قېتىم مەغلۇب بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق بەرداشلىق بەرگەن، نەتىجىدە 1010 ـ قېتىمقىسىدا غەلىبە قازانغان. ئاندىن بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان كېنتاكى يېمەكلىكلىرى بار بولغان.

ھېلىن.سەندىش ئادەتتىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 6 ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ،ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكى ئانىسىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. كىچىك ھېلىن.سەندىش ئانىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى ئويلىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن

ئىنسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ھەم تاماققا ياردەملىشىش ياكى ئۆزى ئېتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان.شۇنىڭ بىلەن 7 ياش ۋاقتىدىلا 20 خىل  قورىما قورۇشنى ئۆگىنىپ بولغان، بۇ ھال ئۇنى شۇ يەردىكى داڭلىق «كىچىك ئاشپەز»گە ئايلاندۇرغان. 12 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئانىسى ئىندىئانا شىتاتىغا ياتلىق بولۇپ بارغان. ئۆگەي ئاتىسى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئۇدېھقانچىلىق مەيدانىدا قېلىپ ھەر ئايدا ئازغىنە 15 دوللار كىرىم بىلەن تۇرمۇشنى قامدىغان.

ھېلىن.سەندىش دېھقانچىلىق مەيدانىدا 3 يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى نيۇكسبۇرگقا بېرىپ ئاپتۇبۇس بېلەتچىسى بولىدۇ. كېيىن ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە قاتنىشىدۇ.ھەربىيلىكتىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن ئالاباما شىتاتىدا سۇغۇرتا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئوھىئو شىتاتىدا كىچىك تىپتىكى پاراخوت توختىتىش شىركىتى ئاچىدۇ. كولۇمبىيە شەھىرىنىڭ سودا ئۇيۇشمىسىدا كاتىپ بولىدۇ. ئىللىئونا شىتاتى مەركىزى تۆمۈر يول ئىدارىسىدا ياللانما خادىم بولىدۇ. گەرچە ئۇ تۇرمۇش ئۈچۈن ھەرتەرەپكە قاتىرىغان بولسىمۇ، لىكىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھېچقانداق خىزمەتتە نەتىجە ھاسىل قىلالمىغان، ئۇنىڭغا نىسپەتەن ئۆزىنىڭ كەلگۈسىمۇ خىرە ئىدى. 40 ياشقا كىرگەندە ئۇ كېنىستوككى شىتاتىغا كېلىپ ماي قاچىلاش پونكىتى ئاچىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ماي قاچىلاش پونكىتىغا كىلىپ ـ كىتىپ تۇرغان خېرىدارلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، لىكىن ئالدىراشچىلىقتىن قورسىقى ئاچقان  شوپۇرلارنىڭ بىر ۋاخ تامىقىنى ئولتۇرۇپ ياخشىراق يېيەلمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھېلىن.سەندىشنىڭ كاللىسىدا «مەن نىمە ئۈچۈن ماي قاچىلاش پونكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تىز تاماقخانا ئېچىپ تاماق ساتمايمەن. نىملا دىگەن بىلەن مەن ئىلگىرى نامى چىققان كىچىك ئاشپەز ئىدىمغۇ» دىگەن خىيال پەيدا بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ئەڭ ئۇستا بولغان مايدا پىشۇرۇلغان توخۇ تىجارىتىنى باشلايدۇ ،بۇنىڭ ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ خېرىدارىنىڭ كۆپىيىشىگە پايدىسى بولىدۇ. ئەسلىدە ئۇ ياغدا پىشۇرۇلغان توخۇ ئارقىلىق ماي قاچىلاش پونكىتىغا خېرىدار چاقىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ،

ئۆيلىمىغان يەردىن ئەكسىچە مايدا پىشۇرۇلغان توخۇنىڭ داڭقى ماي قاچىلاش پونكىتىدىن ئېشىپ كىتىدۇ. نۇرغۇن خېرىدارلار مەخسۇس مايدا پىشۇرۇلغان توخۇ سېتىۋالغىلى كېلىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ كىچىكىنە ماي قاچىلاش پونكىتى بۇنداق كۆپ خېرىدارنى سىغدۇرالمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ يولنىڭ قارشى تەرىپىگە مەخسۇس مايدا پىشۇرۇلغان توخۇ تاماقخانىسى ئاچىدۇ. سودىسى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا ھېلىن.سەندىشمۇ بۇنىڭ بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە بېيىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ياسىشى ئويلىمىغان يەردىن سەندىشنىڭ بۇ بايلىق يولىنى ئۈزۈپ قويىدۇ.چۈنكى بۇ يول پۈتىشى بىلەنلا ئاساسەن بارلىق ماشىنىلاربۇ ماي قاچىلاش پونكىتىدىن ئۆتمەيدىغان بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ تىجارىتى ناچارلايدۇ ـ دە، ئامالسىزلىقتا دۇكىنىنى سېتىۋېتىدۇ. بانكىنىڭ قەرز پۇلىنى قايتۇردىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالللىقاچان ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ 65 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ھېلىن.سەندىش تۇيۇقسىز يۇتا شىتاتىدا يەنە بىر نەچچە زەنجىرسىمان دۇكىنىنىڭ بارلىقىنى ئەسلەيدۇ.ئەگەر بۇ بىر نەچچە دۇكاننىڭ ھەر بىرى كۈندە ئۇ تەييارلىغان توخۇدىن بىرنى سېتىپ چىقارسىمۇ، ئۇ بەش دوللارغا ئېرىشەتتى، شۇڭا ئۇ بۇ ئۇسۇلنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلغان. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ مەززىلىك مايدا پىشۇرۇلغان توخۇسىنى پۈتۈن ئامېرىكىغا تارقىتىشنى ئويلىغان. شۇ سەۋەپتىن ھېلىن.سەندىش بىر يۇقىرى بېسىملىق قازان بىلەن كېرەكلىك ماتېرىيالنى ئېلىپ قايتا ئەگلىك تىكلەشنى باشلايدۇ. ئەگلىك تىكلەش يولى ئېنىقلا ناھايىتى مۈشكۈل ئىدى. ئالللىقاچان65 ياشقا كىرگەن ھېلىن.سەندىش ئۆزى پىشۇرغان توخۇلارنى سېتىش ئۈچۈن تاماقخانىلارغا  بارىدۇ. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشلەر بۇ خىل يېڭى تىپتىكى زەنجىرسىمان  سېتىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلالمىغان، ئەمما ئۇ يەنىلا ۋاز كەچمىگەن. چۈنكى ئۇ بۇ خىل سېتىش ئۇسۇلىنىڭ ھامان كىشلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا باشتىن ـ ئاخىر ئىشىنەتتى.شۇنداق قىلىپ ئۇ 1009 ـ قېتىم رەت قىلىنغاندىن كېيىن، بوشاشماس روھقا ۋە ئىرادىگە تايىنىپ 1010 ـ قېتىم تاماقخانا خوجايىنىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ

بىلەن ئۇنىڭ ئۇسۇلى بارغانسىرى كۆپ كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ ھېلىن.سەندىشنىڭ بايلىقى بارغانسىرى كۆپەيگەن.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ياخشىراق ئارام ئېلىشى كېرەك» دېگەن ۋاقىتتا ئۇ يەنە باشقا بىرخىزمەتنى باشلىغان، يەنى كېنتاكىنىڭ بازىرىنى كېڭەيتىشنى باشلىغان. ئۇ 90 يېشىدا مۇساپىسى25 مىڭ تۇمەن كىلومېتىر كېلىدىغان ساياھەتنى باشلىغان ھەمدە بارغانلىكى يېرىدە مايدا پىشۇرۇلغان توخۇسنى ساتقان.

ھېلىن.سەندىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇنىڭ قەتئىي بوشاشماس روھى بولغانلىقىدىن، ھەمدە ھەمىشە تىرىشىپ باشقىلاردىن كۆپرەك ئىش قىلغانلىقىدىندۇر. ئەگەر ئۇ 1009 قېتىم رەت قىلىنىشتەك قىيىن ئەھۋالدىمۇ، يەنىلا ئىزچىل مايدا پىشۇرۇلغان توخۇنى سېتىشنى داۋاملاشتۇرمىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان كېنتاكى دۇكىنى بولمىغان، ئۇنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنىمۇ پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلمىگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، بىزھەممىمىز ھېلىن.سەندىشتەك بولالايمىز. بوشاشماي كۆپرەك ھەركەت قىلساقلا غەلىبىگە تېخىمۇ يېقىنلىشالايمىز. خىزمەتتە سىز پەقەت كۆپرەك ئىش قىلىشنى ھەر ۋاقىت داۋاملاشتۇرسىڭىزئۆزىڭىز ۋە كارخانىڭىزنى تېخىمۇ كۆپ رىقابەت كۈچىگە ئىگە قىلالايسىز، ھەمدە غەلىبىگە ئېرىشەلەيسىز.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

بىرئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ـ ئۆزىنىڭ نىشانىدىن تەۋرەنمەي، كۆپرەك بىرئىش قىلىش، ئۈگۈشسىزلىقتىن قورقماسلىق. بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئۆزى غەلبە. يېرىم يولدا توختاپ قېلىش بولسا مەغلۇبىيەتتۇر.

# بايلارنىڭ يۈرگۈزىدىغان تەپەككۇرى مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىكتۇر

قانداق قىلغاندا باي بولغىلى بولىدۇ؟ بۇ ھەر بىر بېيىشنى ئارزۇلايدىغان كىشىلەر ھەل قىلىشنى ئويلايدىغان مەسىلە. باي بولۇش كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلايدىغان نىشان. ئەگەر كىشىلەردىن باي بولۇش ئۈچۈن قانداق شارائىتلار لازىم دەپ سورىسىڭىز، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇرسەت، تەجرىبە، بىلىم، مەبلەغ قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار زۆرۈر دېيىشى مۇقەررەر. ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى بايلارنىڭ ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئورتاق سىرى مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىك.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى، ئامېرىكىنىڭ مىچىگان شتاتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدىكى «بېيىشنىڭ مەخپىيىتى» ناملىق لېكسىيەدە ئەينى چاغدىكى دۇنياغا داڭلىق ھېنرى.فوت تەكلىپ بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن. بۇ قېتىمقى لېكسىيەگە ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ئالاھىدە ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزى شەخسەن نەق مەيدانغا بېرىشنى ئارزۇ قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن ھېنرى .فۇتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋېلىش بولسا ، ئىككىنچىدىن بۇ قېتىمقى لىكسيەدىن بايلىقنىڭ مەخپىيىتىنى بىلىۋېلىشنى مەخسەت قىلغان ئىدى.

نۇتۇق سۆزلەيدىغان بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەيداننىڭ كىرىش ئېغىزى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ،ناھايىتى تەنتەنىلىك كۆرۈنەتتى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇخبىرلارمۇ ئالدىراپ كىلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار بۇ قېتىممۇ دۇنياغا داڭلىق ئاجايىپ شەخسنىڭ بېيىش مەخپىيىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى خاتىرىلىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

ھېنرى.فوت سەھنىگە چىقىشى بىلەنلا تۆۋەندىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ قول پۇلاڭلىتىپ ئالقىشنى توختاتقاندىن كىيىن نۇتۇقنى باشلىغان. ئۇ «مېنىڭ باي بولۇپ كېتىشىمنىڭ سىرى پەقەت ئۈچلا: بىرىنچىدىن ۋاز كەچمەسلىك، ئىككىنچىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىك،

ئۈچىنچىدىن قەتئىي ۋاز كەچمەسلىك. مېنىڭ نۇتۇقۇم ئاياغلاشتى» دەپتۇ ـ دە ، سەھنىدىن چۈشۈپ كىتىپتۇ. مەيدان بىر پەس ئىمتاسلىققا چۆكۈپتۇ. ئارقىدىنلا گۈلدۈرمامدەك ئالقىش سادالىرى ياڭراپ ئۇزاققىچە توختىماپتۇ.

دۇنيادا ھەر قانداق مۇتلەق مەغلۇپ بولىدىغان ئىش يوق. باي بولۇش ـ بولالماسلىق شۇ ئادەمنىڭ بايلىقنى ئىزدەش يولىدا ۋاز كەچمەي تۇرالىغان ـ تۇرالمىغانلىقىدا.

شى يۈجۇ بولسا ئاجايىپ ئۇسلۇبقا ئىگە ئىگىلىك تىكلىگۈچى. ناۋبەيجىڭدىن تارتىپ خۇاڭ جىن تاداڭغىچە ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى پېشۋاسىدىن ئويۇن ئۇستىسىغىچە بولغان جەرياندا، ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قەتئىي ئىرادىسى ۋە قىينچىلىقتىن قورقماسلىقىغا تايىنىپ، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئالدىنقى ئون باينىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ مۇۋاپىقەيەتلەر ئۇنىڭ مەڭگۈ ۋاز كەچمەيدىغان روھى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 2009 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى گىگانت ئادەم تورى جەنۇبنى تەكشۈرۈش بازىسى جۇخەيدە ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا جۇخەي شەھرىنىڭ شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارى، شەھەر باشلىقى قاتارلىق مۇھىم ئەربابلار قاتناشتى. بۇ شى يۈجۇنىڭ 12 يىل بۇرۇن جۇخەيدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە جۇخەيگە رەسمى قايتىشى بولۇپ، ئۇ بۇ مۇراسىمدا مەردانىلىك بىلەن: «12 يىل بۇرۇن مۇراسىم ئۆتكۈزۈلمىگەن، مەن پەرىشان ھالدا جۇخەيدىن ئايرىلغان ئىدىم. 12 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە گىگانت ئادەم قايتىپ كەلدى» دىگەن.

ئەمەلىيەتتە، شى يۈجۇ 1997 ـ يىلىلا تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جۇخەيدىكى بىرىنچى ئېگىز بىنا ـ «گىگانت ئادەم» بىناسىنى سالغان. لېكىن قۇرۇلۇش ۋاقتىدا تاماملانماي، ئۆي سېتىۋالغان خېرىدارلار بەس ـ بەستە پۇلنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. چاۋرىن گورۇھى ئىقتىسادى كىرزىس ئەھۋالىنى ئاشكارلاپ، گورۇھنىڭ بېسىمنى بارغانسېرى ئاشۇرۇۋەتكەن. ئوزۇن ئۆتمەي پەقەت ئۈچىنچى قەۋەتكىچىلا سېلىنغان «گىگانت ئادەم» بىناسى ئىش توختاتقانلىقىنى جاكارلىغان. گىگانت ئادەم بىناسىنىڭ كىرزىسى ئاشكارلانغاندىن كېيىن، ئىلگىرى جۇخەي شەھرى تەرىپىدىن

«كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بار ئىختىساس ئىگىسى» دەپ نام ئالغان شى يۈجۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە جۇڭگودىكى بىرىنچى قەرزدارغا ئايلانغان، لېكىن شى يۈجۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ سەۋەبلىك ۋاز كەچمىگەن. ئۇلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشنى، جاسارىتىنى نامايەن قىلىشنى قارار قىلغان. ئۇ 1998 ـ يىلى بىر مەزگىل دەم ئالغاندىن كېيىن، يېڭى تۈر ـ ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى ئېچىشقا تەييارلانغان. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزى باش بولۇپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ جاڭسۇ ئۆلكىسىدىكى بىر كىچىك بازارغا بېرىپ، ئۆيمۇ ـ ئۆي زىيارەت قىلغان. بۇ يەردىكى ياشلار كۈندۈزى سىرتتا ئىشلىگەنلىكتىن ئۆيدىكى ياشانغانلار مېھمان كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولغان، شى يۈجۇ ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقان. سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۇ ياشانغانلارغا نىمە لازىم ئىكەنلىكىنى، نىمىنى خالىمايدىغانلىقىنى، ھەققى ساغلاملىق مەھسۇلاتى نىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، يەنە ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرىنى ياشانغانلارنىڭ ئۆزى سېتىۋېلىشقا قىيمايدىغانلىقىنى، باللىرىغىمۇ ئېلىپ بېرىشنى ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلگەن. شۇ سەۋەبتىن شى يۈجۇ ئەمەلىيەتكە يېقىن بولغان «بۇ يىل بايرامدا سوۋغا قوبۇل قىلمايدۇ. قوبۇل قىلىش توغرا كەلسە، پەقەت ناۋ بەيجىنلا قوبۇل قىلىندۇ» دېيىلگەن بۇ جۈملىلەرنى مەھسۇلاتنىڭ ئېلان تېكىستى قىلغان. ناۋبەيجىن بىلەن خۇاڭجىن تاداڭنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى شى يۈجۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى تونۇتتى. ئۇ ئەسلىدە تور ئويۇنى ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ، ئىلگىرى چاقچاق قىلىپ ئۆزىنى «جەسەت كۆلى ئويۇنى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئويناشنى شۇنداق ياخشى كۆرگەچكە ئۆزى بىر ئويۇن ئىجاد قىلىشنى ئويلىغان ھەم 2004 ـ يىلى گىگانت ئادەم گورۇھى تور ئويۇنلىرى ساھەسىگە قەدەم قويغان ھەمدە ئويۇن «ئوزۇن سەپەر» نى ئىجاد قىلغان. بۇ ئويۇن چىقىشى بىلەنلا زور داغدۇغا قوزغىغان.

ئۇل سېلىش مۇراسىمدا شى يۈجۇ «جۇخەي بۇ قېتىم بىزنىڭ قايتىپ كېلىشىمىزنى قارشى ئالدى›› دېدى، ئۇ ‹‹گىگانت ئادەمنىڭ قايتىشى» شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «بىزمۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىزنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز ھەمدە گىگانت ئادەمنى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ چوڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز» دېدى. ئۇل سېلىش مۇراسىمدا گىگانت ئادەم جەنۇبنى

ئېچىش بازىسىنى گوگوْل بىلەن تەڭلەشتوْردىغانلىقىنى، نوْرغوْن ئىرادىلىك كىشىلەرنى ئەۋزەل ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، پەقەت شىنجىندىلا ئەمەس، يەنە شاڭخەي، چىڭداۋدا تەتقىقات ئورنى قوْردىغانلىقىنى؛ جوْڭگوْنىڭ شىمالى، غەربى جەنوْبى ۋە جەنوْبىنىڭ ھەممىسىدە گىگانىت ئادەم گوروھىنىڭ باش بولىدىغانلىقىنى، بوْنداق مۇھىنىڭ نوْرغوْنلىغان تور ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيلەپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدوْردى. كىشلەر ئوْنىڭغا مۇنداق باھا بەردى: «‹ شى يوْجوْ جوْڭگودىكى كارخانىچىلارنىڭ ۋاز كەچمەيدىغان، يىقىلسا ئورنىدىن توْرالايدىغان روھىغا ۋەكىللىك قىلىدوْ. ئوْنىڭدا قەتئىي ئىرادە، تولوْپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ۋە بوشاشماي ئىزچىل تىرىشىش روھى بار ›».

مەغلوْپ بولوْش قورقوْنچلوْق ئەمەس، خاتالىق ئۆتكوْزوْپ قويوْش ئەسلىگە كەلتوْرگىلى بولماسلىق ئەمەس، ئويلىنىپ خاتالىقنى توْزەتكەندىن كېيىن، يۆلىنىشنى توغرا بېكىتىپ، توختىماي ئىلگىرلەش، ئىلگىرلەش داۋامىدىكى ھەر خىل توسالغوْلارنى يېڭىش، مانا بوْ باي بولوْش جەريانى.

فورد ئاپتوْمبىل شىركىتىنىڭ قوْرغوْچىسى فورد ياكى «تور گىگانىت ئادىمى» شى يوْجوْ بولسوْن، ئۇلارنىڭ باي بولوْشى پوْتوْنلەي ئوْلاردا ھەركەتلىنىش تەپەككوْرى ۋە مەڭگوْ ۋاز كەچمەسلىكتەك روھ بولغانلىقىدا. چوْنكى نوْرغوْن ۋاقىتلاردا نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ ئەڭ روشەن پەرقى ـ نامراتلاردا قەتئىي ۋاز كەچمەيدىغان ھەركەتلەندوْرگوْچ كوْچ، مەڭگوْ ۋاز كەچمەسلىك روھى يوق. ئۇلار قىيىنچىلىققا ئوْچرىغاندا ئاۋال چېكىنىش ۋە ۋاز كېچىشنى ئويلايدوْ، بوْنداق ئادەم تەبىئىيلا باي بولالمايدوْ.

دوْنياغا مەشھوْر پىلانلاش ئوْستىسى ئاللىن.ئابىل «دوْنيادا بايلار بىلەن نامراتلاردا پەرق مەۋجوْت، بوْ ھەرگىزموْ تاساددىبىيلىق ئەمەس، ئاساسلىق سەۋەبى ئىككىسىنىڭ ھەركەت قىلىش ئوْسوْلىدا پەرق مەۋجوْت. كونكىرېت قىلىپ ئېيتقاندا ھەركەتلىنىش ۋە تەپەككوْر ئوْسوْلى جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق» دىگەن. ئوْنىڭچە نامراتلاردا ھەركەتنى پەيدا قىلىدىغان تەپەككوْر ناھايىتى ئاز ياكى قەتئىي يوق؛ ئەكسىچە بايلار تەپەككوْرنى مەھكەم ئېسىدە ساقلايدوْ ۋە شوْ

تەپەككۇرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئوخشاش ئىنساندا ئوخشاش بولمىغان قىسمەت ـ بايلىق بىلەن نامراتلىق پەيدا بولىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلار چەكتىن ئاشقان ھالدا بىر كېچىدىلا باي بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. ئەڭ ئاددى، ئەڭ ئەمەلىي ئۇسۇل بولسا ھەرىكەتتە بايلار بىلەن ئوخشاش تەپەككۇرنى ساقلاش، مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىك، ھەرگىزمۇ كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپلا ۋاز كەچمەسلىك كېرەك. بۇنداق قىلالمىسىڭىز بۇ ئۆمرىڭىزدە باي بولالماسلىق پىشانىڭىزگە پۈتۈلگەن بولىدۇ. چۈنكى بايلىق مەڭگۈ ۋاز كەچمەي داۋاملاشتۇرالايدىغانلارنىڭ قولىدا.

# نامراتلار توختىماي ۋالاقلايدۇ. بايلار باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ

رېئال تۇرمۇشتا،نامراتلارنىڭ ئاغزىدا «ياخشى قىلالىغان ياخشى سۆزلىگەنگە يەتمەيدۇ» دەيدىغان بىرجۈملە سۆز ئېقىپ يۈرىدۇ. لېكىن بايلار بۇنى قوللىمايدۇ. بايلار غەلبە ئېغىزغا تايىنىپ بارلىققا كەلمەيدۇ، بەلكى ئەمەلىي ھەركەت ئارقىلىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ھەرقانداق ئىشتا چۇقۇم ئاۋال ھەركەت قىلىش كېرەك، ئاندىن ئۆزىنىڭ غايىسىنى غەلبىلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ـ ئاشۇرالمايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى پەقەت ئىش قىلىش جەريانىدا ئاندىن يۈزلىنىۋاتقان مەسىلە ھەمدە بايقىغان مەسىلىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاندىن قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپقىلى، ئەڭ ئاخىرىدا باي بولغىلى بولىدۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئاۋال ھەركەت قىلسا، ئاندىن بەكرەك سۆز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەكسىچە نامراتلار بايلارنىڭ باي بولۇش جەريانىدا زادى قانداق قىلغانلىقىنى، قانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. سۆزلىگىدەك تەجرىبە تېخىمۇ يوق، ئەگەر سۆزلىسىمۇ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، ھېچقانداق ماھىيەتلىك مەزمۇن يوق.لېكىن مەلۇم ئىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى ئەھۋال ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەم مەلۇم بىر ئىشتا مۇئەييەن بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرگەندە تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە تېخى ھېس قىلغانلىرىنى يىغىنچاقلاپ چىققىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ‹‹پەقەت قۇرۇق گەپ قىلىشنىلا بىلىدۇ ››دەيدىغان سەلبىي نامدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاۋال ئىش قىلىپ ئاندىن سۆزلەش بىر خىل قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئالاھىدىلىك. ئەگەر بىر ئادەم بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىدىكەن باشقىلارنى ھەۋەس قىلدۇرالىدىغىدەك بايلىققا ئېرىششى مۇقەررەر.ئەمەلىي خىزمەت مەيدانىنى مىسالغا ئالساق، بىر قىسىم كىشلەر نىمە ئاڭلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ئاغزىغا چىقسىلا، دەرھال باشقىچە تۇس ئېلىپ ھەممە ئادەم بىلىپ

كېتىدۇ،ئۇلارنىڭ گېپى تولا. لېكىن دائىم ئىشنى ياخشى قىلمايدۇ ياكى قەتئىي قىلمايدۇ.بۇنداق كىشلەر خىزمەتتە باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاخىرى سۆزلەشنىلا بىلىدىغان، ئەمما قىلالمايدىغان «ناتىق»قا ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە قۇرۇق گەپ قىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە تەۋە بولغان بايلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. باشقىچە نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پەقەتلا دېيىش، ئەمما قىلالماسلىق شۇ ئادەمنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس. ئۇلار ئۆزى مەسىلىنى ھەل قىلالمىغانلىقتىن ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى بارلىق ئامىللارنى سىرتقى ئوبيېكتىپ سەۋەپلەرگە يۈكلەپ قويىدۇ.

لىيۇخېيمېي بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى. ئۇ ياش، چىرايلىق بولۇپ، ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە كىرىمى ناھايىتى يۇقىرى «باي خېنىم». لىكىن ئۇنىڭ بىردىنبىر كەمچىلىكى خىزمەت ۋاقتىدا كۆپ گەپ قىلىشقا ئامراق ھەم گەپ قىلىسىلا دائىم خىزمەتنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ھەر كۈنى ئىشخانىسىغا بېرىپلا ئاغزى ئېچىلىپ گېپى تۈگىمەيدۇ. باشقا خىزمەتداشلىرى نىملا گەپ قىلمىسۇن، ئۆزى ئازراقمۇ چۈشەنمىگەن تەغدىردىمۇ يەنىلا گەپ قىستۇرىدۇ. ناھايىتى تېزلا لىيۇخېيمېينىڭ بۇ مىجەزى خىزمەتداشلىرىغا پىششىق بولۇپ كەتكەن.

دەسلەپتە ئىشخانىنىڭ كەيپىياتى ھەر ھالدا ئىناق بولسىمۇ، كېيىن چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ،خىزمەتداشلار ئارا گەپ قىلىشقا پىتىنالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. لىيۇخېيمېي گەپ قىلغانسېرى باشقا خىزمەتداشلار شۇنچە جىمىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلار باشلىقنىڭ بىلىپ قېلىپ مۇكاپاتلىرىنى تۇتۇۋېلىشىدىن قورقاتتى. كەسپىي ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە بولغان لىيۇخېيمېينىڭ خىزمەتتە ئەڭ كۆپ دەيدىغان بىر جۈملە سۆزى «ئەگەر مەن بۆلۈم باشلىقى بولسام، شىركەتكە پايدا ئېلىپ كېلەتتىم» ئىدى. لىكىن باشلىق ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرغان چاغدا، ئېغىزدا ۋەدە قىلىپ ئەمەلىي ئىش قىلمايتتى ھەم ھەر خىل باھانە ـ سەۋەب ئىزدەپ باشلىقنىڭ سوئالىغا تاقابىل تۇراتتى. يىل ئاخىرىدىكى باھالاشتا باشقاخىزمەتداشلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك دەرىجىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، پەقەت لىيۇخېيمېيلا ھېچنىمە ئالالمىغان. لېكىن ئۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلماي، يېڭى بىر يىلدىكى خىزمەتتە ئاۋۋالقىدەك پەقەتلا سۆزلەپ، ئىش قىلمايدىغان پېتى

تۇرىۋەرگەچكە ،ئاخىرى شىركەت ئۇنى ئىشتىن بوشاتقان.

ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق بىر شىركەتنىڭ رەھبىرى سەۋەب ئىزدەمەيدىغان، قىينچىلىقنى مۇستەقىل ھەل قىلالايدىغان خىزمەتچىلەرگە ئامراق. ئوخشاشلا ئۇلار خىزمەتچىلىرىدە يۇقىرى ئۇنۇمگە ئىگە ھەركەت قىلىش ئىقتىدارى بولۇشنى تېخمۇ ئۈمىد قىلىدۇ. رەھبەرلەر ئەتىۋارلايدىغان ئاشۇ خىزمەتچىلەر كۆپىنچە قانداق «دىيىش» كە ئەمەس ، قانداق «قىلىش» قا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلار قارىماققا ناھايىتى ئاددى ھەم ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ ئوخشاشلا ئەستايىدىل قىلىدۇ. چۈنكى ھەركەت قىلىش ياكى قىلالماسلىق دەل بىر ئادەمنىڭ كەلگۈسى كەسپى ھاياتى ۋە كىشىلىك تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىر قىسىم كىشلەرخىزمەتنى پۇل تېپىش ئۈچۈن دەپ قارايدۇ. لېكىن يەنە بىر قىسىم كىشلەر بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە قاراشتا. ئۇلار خىزمەت گەرچە مەلۇم جەھەتتە جان بېقىش ئۈچۈن قىلىنغان ئەمگەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر شەخسنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ ـ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى. چۈنكى خىزمەتكە بولغان پوزىتسىيەنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، نۇرغۇن ۋاقىتتابىر ئادەمنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلەيدۇ، تەلىيگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

لىنتاڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتتىنىڭ خەنزۇتىلى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ،بېيجىڭدىكى بىر نەشرىياتقا خىزمەت قىلىشقا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ كۆڭلىدە كاتتا ئىش قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان. ئۇنىڭغا باشلىقى دەسلەپتە كورىكتورلۇق خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بولغان سىناق ئىدى.لېكىن لىنتاڭ كورىكتورلۇق خىزمىتى ئاددى، باشلىق مېنى ئۆز لايىقىدا ئىشلەتمىدى دەپ قاراپ خىزمەتتە سۇسلۇق قىلغان. ھەتتا كورىكتورلۇق خىزمىتى جەريانىدا نۇرغۇن خاتالىققا يول قويغان. باشلىقى ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئىپادىسىگە قاراپ، ئۇنى ئۆستۈرمىگەن.ئاۋالقىدەكلا ھەر ئايدا 3000 يۈەنلىك كورىكتورلۇق خىزمىتىدە داۋاملىق قويغان.لىنتاڭ بىلەن ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغىنى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتتىكى ساۋاقدىشى لىيىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر نەشرىياتتا خىزمەت قىلغان

بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغىنىمۇ قارىماققا ناھايىتى ئاددى ھەمدە ھېچقانداق تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان خىزمەت ئىدى. لېكىن لىيىڭ شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنى لايىقىدا ئىشلەتمىدى دەپ قارىماي ئەكسىچە تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خىزمەتكە ئاتلانغان. لىيىڭنىڭ نەزىرىدە،خىزمەتتە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىش زۆرۈر ئىدى. لىيىڭ بىر يىلدىن كۆپرەك چېنىقىش ئارقىلىق شىركەت رەھبەرلىرى تەرىپىدىن مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلۇپ، تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ باش نازارەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. ھەمدە يىلىغا 150 مىڭ يۈەنلىك مائاشقا ئېرىشكەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇۋەپپەقىيەت ئېغىزدا دېيىش ئارقىلىق ئەمەس ،خىزمەت قىلىش ئارقىلىق كەلگەن. پەقەت ئەستايىدىل خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان كىشىلا ھامان بىر كۈنى ئۆزىنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغىنى بولسا بايلىقنىڭ پەيدىنپەي ئېشىپ بېرىشى بولىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلارنىڭ مەغلۇب بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، نامراتلار ئۆزىدە بايلارغا ئوخشاش پەقەت قىلىدىغان،دىمەيدىغان ئالاھىدىكىنى ھازىرلىمىغان. ئەكسىچە ئۇلار ۋاتىلداپ ئاغزى بېسىلمايدۇ.بايلار ھەمىشە پەقەت دېيىشنىلا بىلىپ قىلمايدىغان «ناتىقلار» دىن ئەمەس«ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەر» دىن مېھرىنى ئۈزمەيدۇ. . شۇڭلاشقا باي بولۇشنى، بايلارنىڭ سېپىگە قەدەم تاشلاشنى ئويلايدىكەنسىز، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «ئەمەلىي ئىشلىگۈچى»گە ئايلىنىشىڭىز لازىم.

# نامراتلار خىيال بىلەن ئۆمرىنى نابۇت قىلىدۇ. بايلار ھەركىتى ئارقىلىق بايلىق ئىشىكىنى ئاچىدۇ

نامراتلار ھەمىشەخىيال قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. «ئەگەر بالدۇراق مەبلەغ سالغان بولسام، بەلكىم مەنمۇ باي بولغان بولاتتىم» بۇ ئۇلارنىڭ دائىم دەيدىغان سۆزىدۇر. لېكىن بايلار ئوخشىمايدۇ،ئۇلار «ھەركەتلەنمىسە غەلبە قىلغىلى بولمايدۇ» دىگەن ئىدىيىنى ئۇلۇغلايدۇ. مەيلى قانچىلىك ئۇلۇغ نىشان بولسۇن، ئەگەر ھەركەت قىلمىسا، ئەمەلگە ئاشمايدۇ دەپ قارايدۇ.

كۆپچىلىك ھەممىسى بىلىدۇ. ئېگىز بىنالار بىر خىش ـ بىر خىشتىن قوپۇرۇلغان ،ھەر قانداق شانلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىچىك ئىشلاردىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن.مەيلى تۇرمۇشتا ياكى خىزمەتتە بولسۇن، بىر قىسىم كىشلەر گەرچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىسىمۇ، لىكىن كىچىك ئىشلارنى كۆرەلمەيدۇ، كىچىك ئىشلاردىن باشلاشنى خالىمايدۇ، ھەمىشە چوڭ ئىش قىلىشنى خىيال قىلىدۇ، لىكىن چوڭ ئىش ئۇلارنى ساقلاپ تۇرمايدۇ ـ دە! بۇ خىل ئەھۋالدا، مۇنداق كىشلەرنىڭ ۋۇجۇدى قاخشاش بىلەن تولىدۇ،جەمئىيەتنى ئۆزىگە ئادىل بولمىدى دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىكارچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزىدۇ ۋە ئەقلى نامرات بۇلۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تىپىك نەزىرى ئۇستۇنلۇك،ھالى بوشلۇق. چوڭ ئىشنى قىلالمايدۇ. كىچىك ئىشنى قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇنداق كىشلەرنىڭ تەقدىرىگە نامرات ئۆتۈش پۈتۈلۈپ كەتكەن.

خەنزۇ تىلى فاكولتىتىنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيتى ناھايتى ياخشى بولۇپ،بىر پارچە ھېكايە يېزىشنى ئويلاپتۇ ھەمدە يازغان ئەسىرىنىڭ كىشلەر تەرىپىدىن ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈيدىغان داڭلىق ئەسەرگە ئايلىنىشنى خىيال قىپتۇ.شۇنداق بولغاچقا ئۇ بىر قىسىم كىچىك ماقالىلەرگە قارىتا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىدە يۈرۈپتۇ. ئۇ بۇنداق كىچىك ماقالىلەرنى يېزىشنىڭ قانداقمۇ تەرەققىيات ئىستىقبالى بولسۇن دەپ قاراپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كۈن بويى خىيال بىلەن ئۆتۈپ ھەركەت قىلماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ داڭلىق ھكايە يېزىپ چىقالمايلا قالماستىن،

كىچىك ماقالىلەرنىمۇ يېزىپ چىقالماپتۇ. ئاخىرى نۇرغۇن ۋاقتىنى بىكار ئىسراپ قىلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنى يەنە بىرخەنزۇتىلى فاكولتىتىدا ئوقۇمىغان ئوقۇغۇچىنىڭ يېزىقچىلىقى ئادەتتىكىچە بولۇپ، لېكىن ئۇكۆپ يىللاردىن بېرى ئىزچىل كىچىك ماقالىلەرنى يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى، ئۇنىڭ يېزىقچىلىقتا بولغان تونۇشىمۇ چوڭقۇرلاپتۇ. يېزىقچىلىق سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاخىرى ئۇ رومان يېزىشقا كىرىشىپتۇ. يازغان ئەسىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياختۇرىشىغا ئېرىشىپتۇ. سېتىلىشىمۇ ئىزچىل ياخشى ھالەتنى ساقلاپ كەپتۇ. ئۇ بۇ نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ غايىسىنى غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ.

ئوخشاش بولمىغان ھەركەت ئۇسۇلى ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان كىشىلىك ھاياتنى يارىتىدۇ. بۇ قانۇنىيەت يەنە بەلگىلىك قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: كىشىلىك ھاياتتا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كۆپىنچىسى كىچىك ئىشلاردىن باشلانغان. بايلىققا ئېرىشىشتىمۇ كىچىك ئىشلاردىن باشلاش زۆرۈر. غەلبە قازىنىش ياكى مەغلۇب بولۇش بىر ئادەمنىڭ نىشانىنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، قۇرۇق خام-خىيال قىلىشقا ئەمەس بەلكى دەرھال ھەركەتلەنگەن ياكى ھەركەتلەنمىگەنلىكىگە باغلىق، . ھەركەتلىنىش جەريانىدا مەسىلىگە يولۇقسا دەرھال ھەل قىلىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئارزۇيىڭىزنىزدىن يىراقلاپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ھەركەتلەنمەيدىكەنسىز سىز بەلكىم ھېچقانداق ئىشتا غەلبە قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

«ئەگەر رېئاللىقنى بىر قىرغاققا تەمسىل قىلساق، غايە قارشى قىرغاقتۇر. ئوتتۇرسىنى بىر دەريا ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇنداقتا ھەركەتلىنىش دەريا ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈككە ئوخشايدۇ» بۇپەلسەپۋى قائىدىگە ئىگە سۆز كىشىلەرگە پەقەت ھەركەت قىلغاندىلا ئاندىن نەتىجە بولىدىغانلىقىدەك بىردىنبىر پىرىنسىپنى بايان قىلىدۇ. ھەر قانداق چوڭ مەقسەت ياكى پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا كونكېرىت ھەركەت قوللىنىش كېرەك. بولمىسا بۇ نىشان ۋە پىلان پەقەت گۈزەل رىۋايەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ياپونىيەلىك«باشقۇرۇش پىشۋاسى» داۋشىڭ خېيپۇ ئىلگىرى« ياخشى پىلانلاش، ياخشى

تەپەككۇر قىلغانغا يەتمەيدۇ، ياخشى تەپەككۇر قىلىش ياخشى ھەركەت قىلغانغا يەتمەيدۇ. نامراتلار دائىم ھەركەت ھالقىسىدا بايلارغا يېڭىلىپ قالىدۇ.» دېگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەركەتلىنىش كۈچىنى ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىش ھەممە پىلانلاشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئەمەلىي ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇۋەپپەقىيەت ياخشى بولغان ھەركەتلىنىش ئادىتىدىن باشلىنىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا بايلارنىڭ ھەركەتلىنىش كۈچىگە بولغان چۈشىنىشى تولىمۇ چوڭقۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەگەر ھەركەتلىنىش كەمچىل بولسا،ئادەم غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايلا قالماي، بەلكى غايىسىنى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىشى مۇمكىن. پەقەت ھەركەت بولسىلا ئاندىن غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى، بايلىق ئۇرۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىخلاندۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. ئىجتىمائى تۇرمۇشتا ھەر بىرنامرات ئادەمنىڭ ئارزۇسى بولىدۇ. ھەممىسى ئۆزىنىڭ نامرات تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئارزۇسى ئۈچۈن ھەركەت قىلىدىغان ئادەملەر ناھايىتىمۇ ئاز. بىر قىسىم كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى مەسىلىنى ئېغىر ياكى ئېچىنىشلىق دەپ قاراپ ئادەتلەنگەن، قىيىنچىلىقنى چوڭايتىۋەتكەن. بۇ ھال تېخى ھەركەتلەنمەي تۇرۇپلا ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قوغلىشىدىغان ئىرادىسى ۋە ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچىدىن مەھرۇم قىلىش، ئەڭ ئاخىرىدا بايلىقتىن قۇرۇق قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.جەزملەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى، بايلار پەقەت خىيال قىلىشنىلا بىلىدىغان ھەركەت قىلمايدىغان خىيالپەرەس ئەمەس، ئۇلاردا كەلگۈسىگە بولغان گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلەربار. ئۇلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھەركەت قىلىش ئارقىلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. نامراتلار ئېرىشىشكە تەشنا، لېكىن ھەركەت قىلمايدۇ.بايلار توختاۋسىز ھەركەت قىلغاچقا نامراتلار ئېرىشەلمەيدىغان بايلىققا ئېرىشىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، غەلىبىگە ئېرىشكەندىكى ئەڭ چوڭ خوشاللىق نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئەمەس، مۇھىمى نەتىجىگە ئېرىشىش جەريانىدىكى ھەر بىر ھالقىلاردا. بۇ ھالقىلار ۋە ھەركەتلىنىش جەريانىنى غەلىبىگە تەلپۈنگەن ئادەم پەقەت ھەركەت ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشكەندىلا ئاندىن ھەققىي ھىس قىلالايدۇ.

مەلۇم تەرەپتىن ئالغاندا ئالغاندا، دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بار. لېكىن ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ھەركەت. ھەركەت بولمىسا نەتىجە بولمايدۇ. نۇرغۇن نامراتلارنىڭ نامرات بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلاردا ھەركەت كەمچىل، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى سۇغا چىلىشىدۇ.

شۇڭلاشقا بايغا ئايلىنىمەن دەيدىكەنمىز، ئاۋۋال قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشىمىزلازىم. چۈنكى ماڭغان ھەر بىر قەدىمىمىزدە خىيىم ـ خەتەرگە، قىيىنچىلىققا ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىر ئادەم ماشىنا ھەيدەپ كالفورنىيە شىتاتىدىن نيۇيوركقا بېرىش ئۈچۈن ھەمىشە قاتناش قىستاڭچىلىقى يۈز بەرمەيدىغان، ھاۋاسى ياخشى ،ھەر قانداق كۆتۈلمەسلىك يۈز بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن يولغا چىقىشنى ئويلىسا، ئۇنداقتا ئۇ مەڭگۈ ماشىنا ھەيدەپ يولغا چىقالمايدۇ. بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقاندا كىشلەرنىڭ قىلالايدىغىنى ئىشتىن ئاۋۋال يول يۆرۈش لېنىيەسىنى بېكىتىش ھەمدە ماشىنىنى ياخشى ئاسراش، شۇنداق بولغاندىلا بەلكىم كۆتۈلمىگەن ئەھۋالنى كونترول قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا،ھەركەت جەريانىدا قىيىنچىلىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىش لازىم. ئوڭۇشسىزلىق ۋەقىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈش ناھايىتىمۇ نورمال ئىش. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئىزدەش بولسا ئاقىلانە تاللاش. جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئاشۇ بايلىققا ئېرىشكەن بايلارنىڭ ھەركەتلىنىشتىن بۇرۇن مەسلىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ بولغان بولۇشى ناتايىن. ئەكسىچە ھەركەت جەريانىدا ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقنى تىرىشچانلىق بىلەن ئىزسۇرئەتتە بويسۇندۇرالىغان بولۇشى مۇمكىن.

كۆن بويى خىيالغا غەرق بولۇپ، ھەركەت قىلماسلىق پىششىق يېتىلمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. « تەپەككۇر قىلىشقاجۈرئەت قىلىش » دىگەن بۇ جۈملە ھەقىقەتەنمۇ تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇ. لىكىن ئىشنى كەينىگە سۆرەپ ھەركەت قوللانمىسا، ھىچ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئامېرىكىنىڭ مىسسىپى شىتاتىدىكى بىر ياش ئۆزىنىڭ ئاجايىپ

تالانتىنى نامايەت قىلغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ ئەسكەر بولغان، ئالىي مەكتەپتىمۇ بىر يىل ئوقۇغان. كېيىن شۇ يەردىكى پوچتىخانىدا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ ئارزۇسى شائىر بولۇش بولغانلىقتىن نەچچە خىزمەت ئالماشتۇرغان لېكىن داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلمىگەن. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ئادەم بولۇپ، ۋاقىت سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن. 30 ياشقا كىرگەن چاغدا، ئۇ يەنىلا ئاۋالقىدەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىغىپ قويغان پۇلىمۇ يوق ئىدى. ئەزەلدىن ھەققى بىر شېئىر يېزىپمۇ باقمىغان ئىدى. شۇڭلاشقا نۇرغۇن ئادەم ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى. رېئاللىقتىكى بېسىم سەۋەبىدىن ئۇ يېڭى ئورلىئانغا كەلگەن. ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇ ئاۋالقىدەكلا تۇرمۇش كەچۈرگەن. بىر داڭلىق يازغۇچىغا يولۇققاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۆزگەرگەن. يازغۇچى ئۇنىڭغا «ياشلار غەلبە قىلىمەن دەيدىكەن ھەركەت قىلىش كېرەك،كاللاڭنى خىيالغا توشتۇرۇۋېتىش ھەرگىزمۇ ساڭا ياردەم قىلالمايدۇ. ھازىر سېنىڭ يېزىشىڭغا ئەڭ لايىق بولغىنى سېنىڭ يۇرتۇڭ. پەقەت يۇرتۇڭنى يېزىشلا سېنىڭ غايەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مەنبەسى» دىگەن. ئۇ چۈشىدىن ئويغانغاندەك بولۇپ يۇرتىغا قايتىپ، قېتىرقىنىپ ئەستايىدىل يېزىشنى باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن دۇنيا مىقياسىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن رومانىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىشى بولسا 1949 ـ يىلى نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋېلىيام خولكېنىر.

ئويلاپ بېقىڭ،ئەگەر ۋېلىيام خولكېنىرشائىر بولۇشنى خىيال قىلىپ ھېچقانداق ھەركەت قىلمىسا، بەلكىم ئۇ پەقەت باشقىلار كۆزىنى چەكچەيتىپ قارايدىغان نامرات ئادەم بولۇشى مۇمكىن. تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغىنى ئۇ ھەركەتلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى خام ـ خىياللىرىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتىنى ئىشقاسىلىپ قېتىرقىنىپ يېزىقچىلىق قىلغان، ھەمدە ئاخىرى غەلبىگە ئېرىشكەن.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

ھەر قانداق ئادەم پەقەت ھەركەت ئارقىلىق بايلىق يارىتالايدۇ، ئۆزىنىڭ تەغدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىمەن دەيدىكەنسىز قۇرۇق خام ـ خىيال قىلماڭ. دەرھال ھەركەتلىنىڭ، بۇ بولسا بايلىق ئېشىكىنى ئاچىدىغان ئەڭ قىممەتلىك ئاچقۇچ.

# نامراتلار قارغۇلارچە كۆپچىلىككە ئەگىشىدۇ، بايلار ئاخىرىغىچە ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرىدۇ

مەيلى ئادەم بولۇش ياكى ئىش قىلىشتا بولسۇن، بىر ئىشنى ئاخىرغىچە قىلىش ئۈچۈن داۋاملاشتۇرۇشنى بىلىش لازىم.چۈنكى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالايدىغان ئادەملا ئاندىن قاتمۇقات بوران ـ چاپقۇنلاردىن ئۆتۈپ ھەسەن ـ ھۈسەننى كۆتۈۋالالايدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ھەر بىر قىينچىلىق بىرسىناق. پەقەت ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ ۋاز كەچمىگەن ئادەملا سىناقتىن ئۆتەلەيدۇ ھەمدە تېخىمۇ مول بولغان تەجرىبە ـساۋاق ۋە ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشەلەيدۇ .

قىينچىلىققا ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىش بىر خىل ئاكتىپ پوزىتسىيە. بىر خىل ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان كۈچ. چۈنكى ئۇ بىر «يارىماس» نى مۇنەۋۋەر ئادەمگە ئايلاندۇرالايدۇ.ھازىرقى رىقابەت كەسكىن بولغان دەۋردە بىز ھەر ۋاقىت ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىمىزمۇمكىن. ئەگەر بىزدە ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىرادە بولمىسا، ئادەتتىكى ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ھەتتا مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىپ قالىمىز.شۇڭلاشقا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىشىمىز، قىينچىلىق ئىچىدە «ئېقىنغا قارشى ئۈزلەش» كە جۈرئەت قىلىش لازىم. بۇ بىزنى دەۋرنىڭ كۈچلۈكلىرىگە ئايلاندۇرىدۇ!

قەدىمكى گىرتسىيەنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپلىرىدىن بىرى بولغان سوقراتنى كىشلەر «پەلسەپە پىرى»دەپ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوقراتنىڭ ئەپلاتوننى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى قىلىپ تاللىشىدىكى سەۋەبى بىر ئاپلىسىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. چۈنكى سوقرات بىر ئاپلىسىن ئارقىلىق، ئەپلاتوننىڭ ئاخىرغىچە چىڭ تۇرالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن. سوقراتنىڭ قارىشىچە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئادەم، ئەگەر ئاخىرغىچە چىڭ تۇرىدىغان روھى بولمىسا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالىم بولالمايدىكەن.

قۇياش ئىللىق نۇر چاچقان بىر سەھەردە، ئۇستاز سوقرات بىر دانە ئاپلىسىننى ئېلىپ سىنىپقا كىرىپتۇ. ئۇ بۇ سىنىپقا بىر ئاغرىپ قالغان دوستىنىڭ ئورنىغا بىر سائەت دەرس سۆزلەش ئۈچۈن

كىرگەن ئىكەن. سوقرات ئاپلىسىننى ئېلىپ سىنپقا كىرگەن ۋاقتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھەيران قاپتۇ. چۈنكى ئۇلار يېڭى مۇئەللىمنىڭ بىر دانە ئاپلىسىننى ئېلىپ سىنپقا كىرىپ نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالماپتۇ.

سوقرات قولىدىكى ئاپلىسىن ھەققىدە چۈشەنچە بەرمەپتۇ. ئەكسىچە ئۇدۇل مۇنبەرگە چىقىپ دەرس سۆزلەپتۇ. سۆزلەپ يېرىمىغا كەلگەندە،سوقرات تۇيۇقسىز: «سىلەر ئاپلىسىننىڭ خۇشپۇرىقىنى پۇرىدىڭلارمۇ-يوق؟» دەپ سوراپتۇ.

سوقراتنىڭ سوئالىغا ئوقۇغۇچىلار يەنە بىر قېتىم ھەيران بوپتۇ. چۈنكى ئۇلار مۇئەللىمنىڭ نىمىشقا بۇنداق سوئال سورايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئوقۇغۇچىلار كۇسۇلداشقا باشلاپتۇ. ئۇلار مۇئەللىمنىڭ مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كىيىن جاۋاپ بېرىشنى ئويلىغان ئىكەن. لېكىن ئوقۇغۇچىلارمەسلىھەتلىشىپ ئورتاق بىر جاۋابنى چىقىرىپ بولالمايلا، سوقرات ئالدىنقى رەتتىن باشلاپ بىر - بىرلەپ سوراشقا باشلاپتۇ .

بىرىنچى بولۇپ سورىغان ئوقۇغۇچى ئىككىلەنگەن ھالدا : «مەن ئاپلىسىننىڭ پۇرىقىنى پۇرىدۇم»دەپتۇ. ئىككىنچى ئوقۇغۇچى جاۋاب بەرگەندىمۇ ئىككىلىنپتۇ، ئەمما ئۇ بىرىنچى بولۇپ جاۋاپ بەرگەن ئادەم بىلەن ئارلىقىم يېقىن بولغاندىكىن، ئۇ پۇرىسا ئەلۋەتتە مەنمۇ پۇرىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ-دە: «شۇنداق مەنمۇ ئاپلىسىننىڭ پۇرىقىنى پۇرىدۇم» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كىيىن كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئالدىنقى ئىككى ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش جاۋاپ بېرىپتۇ. يەنى ئۇلارمۇ ئاپلىسىننىڭ پۇرىقىنى پۇراپتۇ.چۈنكى ئۇلار باشقىلار پۇرىغاننى بىزمۇ پۇرىشىمىز كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسىمۇ ئاپلىسىن پۇرىقىنى پۇرىمىغان بولسىمۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ. ( ھەقىقەت دائىم ئاز ساندىكى كىشلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ) دىگەندەك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بەرگەن جاۋابى كۆپچىلىكنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىماپتۇ.ئۇ قەتئىيلىك بىلەن «ياق، مەن ئاپلىسىننىڭ پۇرىقىنى پۇرىمىدىم! » دەپتۇ،ئۇ ئەپلاتۇن ئىدى .

دەرسخانىنى بىر ئايلىنىپ سوئال سوراپ چىققان سوقرات مۇنبەرگە قايتىپ كىلىپ، «بۇ بولسا

مەن ئەتىگەن دەرەختىن ئۈزۈۋالغان ئاپلىسىن. مەن ئۈزگەن ۋاقتتا ئۇنىڭ ئۈستىدە تېخى شەبنەم بار ئىدى. مەن ئۇ چاچقان خۇشپۇراقنى پۇرىغان، ئۇنىڭ پۇرىقى گۈلنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. لېكىن ھازىر بىر ئوقۇغۇچى ئۇنى پۇرىيالمىدى. بۇ نېمىدىگەن ئېچىنىشلىق ئىش ـ ھە! مەن ساڭا خۇشپۇراق ھەدىيە قىلغان ئىدىم، لىكىن سەن پۇرىيالمىدىڭ!» دەپتۇ.

سوقرات گېپىنى دەپ بولۇپلا ئەپلاتۇنغا نەزەر سېلىپتۇ. لىكىن ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالمىغان بولۇپ، ئەكسىچە ئورنىدىن تۇرۇپ جەزملەشتۈرگەن ئاۋازدا: «مۇئەللىم، مەن ھەقىقەتەن ئاپلىسىننىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمىدىم» دەپتۇ.

«سېنىڭ بۇرنۇڭدا مەسىلە بارمۇ؟ نېمىشقا پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار پۇراپ، سەنلا پۇرىيالمايسەن؟ ـ مۇنبەرگە چىق،ئەستايىدىل پۇراپ باق. بۇ ئاپلىسىندا زادى پۇراق بارمۇ ـ يوق!» سوقرات ئازراق ئاچچىقلانغان ھالدا ۋارقىراپتۇ.

ئەپلاتۇن سوقراتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مۇنبەرگە چىقىپتۇ. ئۇ ئاپلىسىننى قايتا پۇرىغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم جەزملەشتۈرگەن ئاۋازدا «مەن راستىنلا ئاپلىسىننىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمىدىم. بۇ ئاپلىسىندا مەسىلە بارمۇ ـ قانداق؟» دەپتۇ.

ئۇنىڭ گۇمانلانغان چىرايىغا قاراپ سوقرات كۈلۈمسىرىگەن ھالدا : «سېنىڭ جاۋابىڭ توغرا. سېنىڭ گۇمانلىنىشىڭنىڭمۇ ئاساسى بار، چۈنكى ئۈستەل ئۈستىدىكى بۇ ئاپلىسىن ئەسلىدىنلا ھەقىقى ئاپلىسىن ئەمەس، ئۇ ساختا ئاپلىسىن، مەن پەقەت كىمنىڭ توغرا پىكىردە ئاخىرغىچە چىڭ تۇرالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلىغان! چۈنكى پەقەت ئاخىرغىچە چىڭ تۇرالايدىغان ۋە داۋاملاشتۇرالايدىغان ئادەملا ھەقىقى پەيلاسوپ بولالايدۇ!» ،دەپتۇ.

سوقراتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيلىگەن ھېكايىسىدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئاخىرغىچە چىڭ تۇردىغان پەزىلەت بىزنىڭ غەلبە قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. پەقەت بىز ئاخىرغىچە چىڭ تۇرساقلا ئوڭۇشسىزلىق ھالىتىدىن چىقىپ، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقى بىر بايغا ئايلىنالايمىز.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا كىشلەر ئەقىل - ئىدراكىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك ھەمدە ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇردىغان ئىرادىسى بىلەن بۆسۈش ئېغىزىنى تېپىشى، ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئوڭۇشسىزلىققا يۈزلىنىشى كېرەك. بۇ بولسا ئوڭۇشسىزلىقنى يېڭىشنىڭ ھالقىسى،شۇنداقلا ھەقىقى بايغا ئايلىنىپ نامراتلىقنى چۆرۈپ تاشلاشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.



## ھەركەتتىكى پەرىق:

## نامراتلار قوي خاراكتېرلىك ئېزىلەڭگۈ ، بايلار بۆرە مىجەزلىك ئاكتىپ بولىدۇ

بايلار بىلەن نامراتلار ئارىسىدىكى پەرىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر نۇرغۇن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى تەرەپنىڭ ھەركەت ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرق دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. نۇرغۇن ۋاقىتتا، نامراتلارنىڭ ھەركىتى كۆپىنچە قويلارنىڭ خاراكتېرىنى ھازىرلىغان ـ ئېزىلەڭگۇ، ئەكسىچە بايلاردا بۆرىنىڭ خاراكتېرى بار ـ ئالدىراش. شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل كىشىلىك قاراش شەكىللىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە نامراتلارنىڭ ھەركىتىدە ئىپادىلەنگەن قويدەك خاراكتېر ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئىش قىلغاندا سۆرەلمىلىك قىلىش ، يىنىكلىك بىلەن ئىش قىلىش، تۇخۇ يۈرەكلىك قىلىش قاتارلىق خاراكتېرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بايلارنىڭ ھەركىتىدە ئىپادىلەنگەن بۆرىگە خاس خاراكتېر بولسا ئاساسلىقى نىشانى مۇستەھكەم، ھەركىتى كەسكىن بولۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بايلارنىڭ غەلبە قىلىشى نامراتلارنىڭكىدىن كۆپ ئاسان. شۇڭلاشقا نامراتلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىدىكى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئۆزگەرتىش، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىدىغان ئىرادە تىكلەش ناھايىتى زور دەرىجىدە شۇ ئادەمنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش ياكى تاشلىماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

# نامراتلار راھەت - پاراغەتكە، بايلار رىقابەت بار مۇھىتقا ئادەتلەنگەن

ئادەم يۇقىرىغا قاراپ ماڭىدۇ، سۇ تۆۋەنگە ئاقىدۇ. بۇ قەدىمدىن بېرى ئۆزگەرمىگەن ھەقىقەت. شۇنداق بولسىمۇ نامراتلار ئۇنداق ئويلىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شەكلىگە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئازراق ئۆزگىرىشتىن قورقىدۇ. يۇرتىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. نامرات بولۇپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئاچ قېلىپ ئۆلسىمۇ يۇرتىدىن ئايرىلمايدۇ. يۇرتىنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇپ باشقىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا ياشاشنى نومۇس ھەم ئازاپ دەپ قارايدۇ. لېكىن بايلار ئەكسىچە «باتۇرلۇق كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان سورۇن تاللىمايدۇ.» ئۇلار ‹ ئادەم ئۆز ئىشىدا نەتىجە قازىنىشنى ئويلايدىكەن ئۆزىنى تاۋلاپ يېتىشتۈرىدىغان يەرلەرگە چىقىپ كېتىش كېرەك. يۇرتىغا ئۆلگىدەك چاپلىشىۋېلىش، جاھىل، ھاماقەتلەرچە قىلىقتۇر › دەپ قارايدۇ. بىر جاينىڭ يەر سۈيى شۇ زېمىننىڭ ئادەملىرىنى باقىدۇ، مەيلى سىز قەيەردە تۇرۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ياشىيالايسىز. جاھان شۇنچە كەڭرى. نەگىلا بارسىڭىز سىزگە باش تىققۇدەك جاي چىقىدۇ. قورقىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت بۆسۈشكە ۋە تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسىڭىز ئاندىن چوڭ ئىشلاردا نەتىجە قازىنالايسىز.

كىشلەرنىڭ نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىل نۇرغۇن. لېكىن راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ ياشاش نامراتلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى. ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ نىمە ئۈچۈن نامرات بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىشنى ئويلىسىڭىز ھەمدە باي بولغىڭىز بولسا، مەسلىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى تېپىشتىن سىرت، ئۆزىڭىزنىڭ نامرات بولۇپ قېلىشىڭىزدىكى ناچار ياشاش پوزىتسىيىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك. پەقەت راھەت - پاراغەتتىن بەھرىلىنىدىغان تۇرمۇش پوزىتسىيىڭىزنى ئۆزگەرتىپ، بايلارغا ئوخشاش ئۆزىڭىزنىڭ نىشانى ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىڭىز كېرەك.

بىر پالۋان بار بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى چېنىقىدىكەن. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى مۇسكۇل چوڭ ھەم قاتتىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تۇرسا قارىماققا بىر تاغقا ئوخشاش ناھايىتى ئېگىز،

ھەيۋەت ئىكەن. پالۋان بەدىنىدە ئىشلىتىپ بولالمايدىغان كۈچ بارلىقىنى ھېس قىلىدىكەن. ھەر كۈنى دىگۈدەك رەقىبلىرى ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىدىكەن ھەمدە ئۇمۇ ھەممىشە سالماقلىق بىلەن جەڭگە كىرىپ، ھەممىسىنى يېڭىپ چىقىدىكەن. ھەر قېتىمقى مۇسابىقىدىن كېيىن، گۈل ۋە ئالقىشلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەن. نۇرغۇن ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى رەقىبلەر بىلەن مۇسابىقىلىشىپ چىقىپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق دۇنيا چېمپىيونىغا ئايلىنىپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا يەنە جەڭ ئېلان قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. لېكىن ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا بەدەن چېنىقتۇرۇۋېرىپتۇ ھەمدە بوران ـ چاپقۇن، يامغۇرلۇق كۈنلەردىمۇ چېنىقىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر قېتىم ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن مۇخبىر چۈشەنمەي: «سىز ئالىلقاچان دۇنيادىكى ئەڭ نوچى پالۋانغا ئايلاندىڭىز. سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۆتەلەيدىغان ئادەم يوق تۇرسا، سىز يەنە نېمىشقا توختىماي مەشىق قىلىسىز» دەپ سوراپتۇ. «خاتا! سىز خاتا دىدىڭىز كىم سىزگە مېنىڭ رەقىبىم يوق دەيدۇ؟» پالۋان كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىپتۇ. «يەنە رەقىبىڭىز بارمۇ؟ ئۇ كىم؟» مۇخبىر چۈشەنمەي سوراپتۇ. «ئۇ مەن ئۆزەم ئەمەسمۇ!» پالۋاننىڭ چىرايى قەتئىيلىك تۈسى ئاپتۇ. «مەن ئىزچىل بىر ئادەم يېڭىشى ۋە ئېشىپ كېتىشى ئەڭ تەس بولغىنى ئۆزى دەپ قارايمەن. ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن، ئۆز ـ ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىش كېرەك. شۇڭا مەن توختىماي مەشىق قىلىشىم زۆرۈر» دەپتۇ.

مانا بۇ بايلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى. كىشىلىك تۇرمۇشتا راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كەتسە بولمايدۇ. جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ھەم ھەر ۋاقىت خىرىسنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىلا غەلبە قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنى نامراتلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى: نامراتلار چۈش كۆرۈشكە ئامراق. بولۇپمۇ كۈچ چىقارماي، پۇل خەجلىمەي پايدىغا ئېرىشىدىغان، نەتىجە قازىنىدىغان گۈزەل چۈشنى كۆرۈشكە بەك ئامراق. لېكىن گۈزەل چۈش ھەر قانچە گۈزەل، ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇ پەقەت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان غۇۋا بىر خىيال، خالاس.

بۈگۈنكى كۈندىكى نۇرغۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتىكى چاغدا كۆپ بويىچە دەرس تاشلاپ تور ئويۇنى ئوينايدۇ، توپ ـ توپ بولۇپ بازار ئايلىنىپ ياكى ئۇخلاپ

كۆنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ھەمىشە ئۈچ ـ تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئۇنداق ئاسان ئۆتۈپ كەتمەيدۇ دەپ قارايدۇ. قوشۇمچە ئىشلەش بەك ئاۋارىچىلىق، ئاتا ـ ئانىمىز ئەۋەتكەن پۇلغا يەپ ـ ئىچىپ ھۇزۇرلىنىپ ياشىماي، نېمىشقا جاپا تارتىپ ئىشلىگىدەكمىز؟ دەپ ئويلايدۇ. ئىزچىل راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغاچقا ئوقۇش پۈتتۈرۈش يېقىنلاشقاندا قالىدىغان ـ قالمايدىغان دەرسلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالىدۇ. ئىلىشقا تېگىشلىك كەسپى گۇۋاھنامىلىرىنى ئالالمايدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىشمۇ قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. خىزمەت تېپىپ ئۆزىنى بېقىشنى تىلغا ئالمايلا قويايلى. يەنە قارايدىغان بولساق، ئاشۇ ئادەتتىكى چاغلاردا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالغا ئىلگىرلەيدىغان، ۋاقتى بولسىلا ئىش تېپىپ ئىشلەيدىغان، ھەر يىلى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالىدىغان، ئوقۇش پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا چوڭ تىپتىكى كارخانىلار تەرىپىدىن تالىشىپ كېتىلىدىغان ساۋاقداشلارنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان پەرقى كىشىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ.

راھەت ھەمىشە ۋاقىتلىق. ئەمما نامراتلار پەقەت راھەت ـ پاراغەتتە ياشاشنىلا ئويلايدۇ، تىنچ ۋە خاتىرجەم مۇھىتتا ئۆزىنى توختۇتۇپ ئالغا باسالمايدۇ. ئەكسىچە بايلار ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلىدۇ. ئىش قىلغاندا كۈچلۈك رىقابەتچانلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. نۇرغۇن نامراتلار بىر ئۆمۈر نامرات ياشايدۇ. چۈنكى ئۇلار نامراتلىقنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەيدۇ. نامراتلىق تەپەككۇرى بىلەن پۈت ـ قولىنى چۈشەپ قويۇپ، بىر ئۆمۈر نامراتچىلىقتا ئۆتىدۇ. نامراتلارمۇ ئەلۋەتتە باياشات كۈن كەچۈرۈشنى ئويلايدۇ. لېكىن ئۆزگىرىشنى خالىمايدۇ. ئۆزگىرىشكە ھورۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھازىر ئىگە بولغان تۇرمۇشنى يوقىتىپ قويۇشتىن، ھازىرقى خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. شۇڭا بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. پۇرسەت كەلگەندە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشمايدۇ. ئاخىرى ياخشى پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ.

20 يىل ئىلگىرى لىشى ئاددى بىر دېھقان ئىدى. ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ نامرات ئادەملەر بولۇپ، ئەينى چاغدا شۇ جايدىن ئاددىيلا بىر خىزمەت تېپىش ناھايىتى تەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن لىشى نائىلاج 100 نەچچە يۈەن بىلەن سىرتقى ئۆلكە جېجياڭغا كەلگەن. 10 نەچچە يىل جاپالىق

تىرىشىش ئارقىلىق، ئۇ نەچچە شىركەتنىڭ پايچىكىگە ئايلىنىپ، مال ـ مۈلكى 100مىليوندىن ئاشقان.

نامراتلار راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدۇ، بايلار خىرىسقا جۈرئەت قىلىدۇ. بۇ بولسا ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان ياشاش پوزىتسىيەسى. لىشى ئىلگىرى ئاتا ئانىلىرىغا «ئەگەر دەسلەپتە ئاتا ـ بوۋىلىرىمغا ئوخشاش تەقدىرگە تەن بەرگەن بولسام، ھەرگىزمۇ بۈگۈنكىدەك نەتىجە قازىنالمىغان بولاتتىم» دىگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىزمەت مۇھىتىنىڭ ئازادىلىكى ۋە مۇقىملىقى ئاۋالقىدەكلا نۇرغۇن ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تاللىشىدىكى ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالدى.

نامراتلار ئىش قىلغاندا مۇتەئەسسىپ، بايلار خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدۇ. مالىيە باشقۇرۇشقا قارىتا بەلگىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان لىشى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ پەقەت مەبلەغنى ساقلاپ قېلىشنىلا تاللاپ، ھەر يىلى 3% ـ 5% كىچە ئۆسۈم بولسىلا يېتەرلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى، لېكىن بايلار دائىم بەلگىلىك نىسبەتتە پاي چېكى سېتىۋېلىش ياكى پاي چېكى خاراكتېرلىك مەبلەغ سېلىشقا ئامراق بولۇپ، گەرچە بەلگىلىك خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، كۆپرەك پۇل تېپىشنى ئويلايدىغانلىقىنى بايقايدۇ.

نامراتلار باي بولۇشنى ئويلايدۇ. لېكىن بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا جۈرئىتى يوق. پۇرسەت كەلگەندە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشمايدۇ. ئاخىرى پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ. لېكىن بايلار پۇل تاپىدىغان پۇرسەت بولسىلا بوش قويۇۋەتمەيدۇ. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا رازى بولۇپ، ئازراق پۇلنى كۆپ تېپىشنى ئويلايدۇ. ئاشۇ خىيىم ـ خەتەر ئىچىدە بايلار بىلەن نامراتلار ئۆز ـ ئارا كېسىشمەيدىغان ئىككى يولنى بويلاپ ماڭىدۇ ـ دە، پەرق بارغانسىرى چوڭىيىدۇ. شۇڭا ئەڭ ئاخىرى نامراتلار بارغانسېرى نامراتلىشىدۇ، بايلار بارغانسېرى بېيىيدۇ. ئەگەر سىز بېيىشنى ئويلىسىڭىز بايلارغا ئوخشاش جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىڭىز، ئالغا ئىلگىرلەشكە جۈرئەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئاندىن غەلبە قىلالايسىز.

ئەمەلىي تۇرمۇش داۋامىدا، نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەتكە نىسبەتەن «ئاددى، تىنىچ ھالەت بولسا بەخت» دىگەن پوزىتسىيەدە بولغاچقا، بىردەملىك راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ ئالغا باسمايدۇ. ئەكسىچە جەڭ ئېلان قىلىشقا، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، بوشاشماي كۆرەش قىلىدىغان ئادەم ئاخىردا غەلبە قىلىدۇ. بۇنداق مىساللار ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ. بىر ئادەمنىڭ غەلبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىدا شۇ ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراش كېرەك. شۇڭلاشقا پوزىتسىيە بىر ئادەمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ دىيىشكە بولىدۇ.

نامراتلار ئۈمىدسىزلەنگەن، چارچاپ ھالىدىن كەتكەن، روھى ھالىتى ناچار ۋاقىتتا، بايلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، جەڭگىۋار بولىدۇ. نامراتلار قاتمۇ ـ قات قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ۋاز كەچكەن ۋاقىتتا، ئەكسىچە بايلار بەل قويۇۋەتمەي چىڭ تۇرىدۇ. نامراتلار بوشاڭلىق قىلىپ، ھورۇنلۇق قىلغاندا، روھى چۈشۈپ كەتكەندە، بايلار ئەكسىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىدۇ. شۇڭلاشقا نامراتلار ھىچ ئىش قىلالمايدۇ، بايلار ئىشلەپ نەتىجە قازىنىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى پەقەت بايلارنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ۋە خىرىس قىلىشقا جۈرئەت قىلىش روھىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. شۇنداقلا بۇنىڭ ھەممىسى نامراتلارنىڭ راھەت ـ پارغەتكە بېرىلگەنلىكى، ئويلانماي ئىش كۆرگەنلىكىدىندۇر.

بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. شەخس تۇرغان ئىجتىمائى مۇھىت ياكى كوللىكتىپتا مەلۇم ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەندە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. شەخسنىڭ كوللىكتىپنىڭ ئىچىدىكى ئوينايدىغان رولىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىمۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. نوپۇزلۇق شەخسلەر ئېلىپ بارغان تەشۋىقات ياكى كۈچلۈك مۇنازىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدىمۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش شەكىللىنىدۇ. نىمىنى ئويلىسا شۇنىڭدەك ھايات بولىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئۆزىنىڭ تىرىشىشقا مۇھتاج. ھەر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا. ئادەم ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، مۇستەقىل، كۈچلۈك، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولۇشى كېرەك. بىر ئادەمنىڭ

پوزىتسىيەسى شۇ كىشىنىڭ ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ. راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدىغان ياشاش پوزىتسىيەسى پەقەتلا ئۇنىڭ كىشىلىك تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە چەكلەپ قويىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلار بېيىشنى ئويلىسا، بايلارغا ئوخشاش بۆسۈشكە، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. سودا پۇرسىتى بولسىلا بۆرە ئولجىنى كۆرگەندەك تىز سۈرئەتتە ۋە كەسكىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش كېرەك. ئەگەر سەللا ئىككىلەنسە ئولجا ئۆزى قېچىپ كەتكەندەك، پۇرسەتنىمۇ باشقىلار ئېلىپ كېتىدۇ. قوي پەقەت راھەت ـ پاراغەتنىلا بىلسە بۆرىلەر تەرىپىدىن يەۋېتىلىشى مۇمكىن بولغىنىدەك؛ ئادەملەرنىڭ نىشانىمۇ قويغا ئوخشاش، راھەت ـ پاراغەتتىن ھوزۇرلىنىشلا بولسا بۆرە كەبى رىقابەتچىللىرى تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ.شۇڭا باي بولۇشتا يەنىلا جەڭ ئېلان قىلىش ۋە كۆرەش قىلىشقا تايىنىش لازىم.

## بايلار ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلالايدۇ. نامراتلار راھەت ياشاش ئۈچۈن مۇتەئەسسىپلىك قىلىدۇ

بۇ دۇنيا ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىدۇ. ھەر مىنۇت ۋە سېكونتتا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. بايلار ئۆزگىرىشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشنى باتۇرلارچە قوبۇل قىلىدۇ ۋە ماسلىشىدۇ. ئاتالمىش «ھەممە ئىشنىڭ يولى بار» دېگەنلىك ، باشقىلار ئاللىقاچان ئېچىپ قويغان تەييار يولدا مېڭىش ،دېگەنلىك بولۇپ ، كىشىلىك تۇرمۇشتا بايلار ئۆزىگە تەۋە بولغان يولنى ئېچىشنى ئويلايدۇ. نامراتلار ئەكسىچە باشقىلار ئېچىپ قويغان يولدا مېڭىشنى خالايدۇ. ئۇلار ‹ بۇ يولدا ئىلگىرىكىلەر ماڭغان شۇڭلاشقا بىخەتەر ئىشەنچىلىك › دەپ قارايدۇ. ئاشۇ دەقىقىدىكى راھەت تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىنىڭ بىر ئۆمۈر باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

نامراتلار ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشقا ھورۇن، ئۇلار بىر ئىش قىلىش قائىدىسىگە ئادەتلەنسىلا ھەممىشە قائىدىدىن چەتنىمەيدۇ، تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۆزگىرىش بولسىلا ئىشلار ئەڭ يامان، پەرەز قىلىش قىيىن بولغان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدىغاندەك ھىس قىلىدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتا نامراتلارنىڭ چوڭ ئىش قىلالماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدۇ ۋە مۇتەئەسسىپلىك قىلىدۇ. ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئىجاد قىلغان تەغدىردىمۇ ئۇلار ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىلەن ماس كەلمەيدۇ.

نامراتلار بىلەن ئوخشاش بولمىغىنى بايلار ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەندە ھەممىشە سەزگۈر ھۆكۈم قىلىش بىلەن بىرگە ئامال تېپىپ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىدۇ ھەمدە دەل ۋاقتىدا ئىشلارنى رەتكە سالىدۇ. بايلار ئۆزگىرىشتىن قورقمايدۇ. كونا قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالمايدۇ، ئىگىلىك تىكلەشكە جۈرئەت قىلىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش بولمىغان يولدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ ئاخىرى غەلبە قىلىدۇ.

سامسۇڭ گورۇھى 1938 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قۇرغۇچىسى لى بىڭجې. دەسلەپتە سامسۇڭ مەھسۇلاتلىرى كورېيەدىكى ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال سودا ساھەسى بولۇش سۈپىتىدە كورېيە ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىشىدا تولىمۇ مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. كورېيەنىڭ سودا ساھەسىگە باشلامچىلىق قىلىش بىلەن بىرگە كورېيەنىڭ سانائەت تەرەققىياتىدىمۇ غايەت زور رول ئوينىغان.

سامسۇڭ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە لى بىڭجې ئەينى چاغدىكى دۆلەت ئىچى بازىرىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ قەغەز ياساش، ئانتىبىئوتىك ۋە ئاق شېكەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى بوشلۇقنى بايقىغان ھەمدە بۇ مەھسۇلاتنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، پۇقرالارنىڭ بۇلاردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بايقىغان. سودا پۇرسىتىنى كۆرگەن لى بىڭجې بۇ مەھسۇلاتلارنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىشنى قارار قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ياساشقا كىرىشكەن.

ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تاللىغىنى شېكەر ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ، بۇ تاللاش ئەينى چاغدا كورېيە سودا ساھەسىدىكى كۈلكىگە ئايلانغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ساراڭلىق دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە گۇمانلىنىش نەزىرىدە قارىغان. گەرچە باشقىلار مەسخىرە قىلسىمۇ، ئەيىبلىسىمۇ لېكىن لى بىڭجې ۋاز كەچمىگەن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. جەمئىيەتتىكى ئەيىبلەش ئۇنى كەينىگە چېكىندۈرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ شېكەر ئىشلەپچىقىرىشىغا تۈرتكە بولغان. پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن. شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەسلەپتە گۇمانلانغان نۇرغۇن كىشىلەرنى دوراتقۇزغان. لېكىن كېيىن شېكەر زاۋۇتى كۆپلەپ قۇرۇلغانلىقتىن، بازاردىكى تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىپ تويۇنۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. كىشى يىغلاشنى ياكى كۈلۈشنى بىلمەيدىغان بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ يەنىلا شېكەر زاۋۇتىدىن غايەت زور پايدا ئالغان.

سامسۇڭنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ «ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ئادەم» دەپ نام ئالغان. گەرچە ئىقتىساتتا نەچچە قېتىم ئۆرلەش - تۆۋەنلەش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشتىن - ئاخىرى ۋەيران بولمىغان. شانلىق نەتىجىلەرگە يۈزلەنگەن ۋاقىتتىمۇ، ئاسانلىقچە

قانائەتلەنمىگەن. ئۇ ھەمىشە ۋەزىيەتنى كۆزىتەتتى. ئۆتمۈشتىكى مەغلۇبىيەت ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلەپ بولغاندىن كېيىن، يېڭى بىر نۆۋەتلىك جەڭ ئېلان قىلىشنى باشلايتتى. ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ نىمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالاتتى. بۇ ئۇنىڭ غەلبە قىلىشىدىكى مۇھىم ئاساسىنىڭ بىرى. ئۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق باي. ئۇ ئەجىر قىلىپ سامسۇڭ گورۇھىنى كونا قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن چىقارغان ھەم بىر ئىزىدا توختاپ قېلىشقا يول قويمىغان. چۈنكى ئۇ يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزگىرىش، بۆسۈپ كىرىشنىڭ ئالغا ئىلگىرلەشنىڭ مەقسىتى ھەم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

بايلارنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن سان ـ ساناقسىز يوللار  بار. لېكىن بۇ باشقىلار مېڭىپ قويغان كونا يول ئەمەس. بايلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى ۋە سەگەك كاللىسى بار. پۇلنى خەجلەپ تۈگەتكىلى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كاللىسىدىكى ئەقىل ـ پاراسەت مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، ئالغانغا تۈگىمەيدۇ، ئىشلەتكەنگە خورىمايدۇ، ئۇ بايلىقنىڭ مەنبەسى. نامراتلار پەقەت غەلبە قىلغۇچىلارنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. بۇ ئەينى چاغدىكى مەسخىرە قىلىنغان ،گۇمانلانغان كىشلەرگە ئوخشايدۇ. باشقىلار ئىجاد قىلسا ئۇلار مەسخىرە قىلىدۇ. باشقىلار غەلبە قىلسا ئۇلار دوراشقا باشلايدۇ. چۈنكى نامراتلار ئۆزىنىڭ نىمە قىلالايدىغىنىنى مەڭگۈ ئايدىڭلاشتۇرالمايدۇ. ئۇلار پەقەت بايلار غەلبە قىلغاندىن كېيىن قارغۇلارچە ئەگىشىدۇ. نامراتلار كونا قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئېسىلىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن. تەلەپ قىلىدىغىنى خاتىرجەم، خىيىم ـ خەتەرسىز تۇرمۇش.

ھەقىقي بايلار خېلىلا تېتىك كىشلەر بولۇپ، يېڭى ئىدىيەنى تىز سۈرئەتتە قوبۇل قىلالايدۇ ھەمدە ئۆزگىرىشكە ماسلىشالايدۇ. بايلار ھەمىشە ئۆزگىرىش ئىچىدىن يېڭى ئۇسۇلنى تاپىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ يەنە ئۆزگىرىش يۈز بەرسىمۇ، ئۆزگىرىش ئىچىدىن يېڭى ھەل قىلىش ئۇسۇلنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بايلار ئۈزلۈكسىز ئۆزىنى يېڭىلاشنى بىلىدۇ. ئىدىيەسىنى، ھەرىكىتىنى يېڭىلايدۇ. ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىدۇ ۋە ۋاقتىدا ماسلىشىدۇ.

ناماراتلارنىڭ ئىشنى ياخشى قىلالماسلىقىدىكى سەۋەب ئۇلار قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئىسلۇبلىشقا ئادەتلەنگەن. ئۆزگىرىشكە ماسلىششقا ئامالسىز. ناماراتلارنىڭ بىلىم دائىرىسى ھەمىشە ناھايىتى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا توختاپ قالغان، بۇرۇنلا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بىلىملەر بولۇپ، ئۇلار بۇنى ناھايىتى تەستە ھىس قىلالايدۇ ياكى ھېس قىلالمايدۇ. ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلىدۇ. ئۇلار تىنىچ، راھەت ياشاشنى ئويلايدۇ. يېڭى بىلىملەرنى پەقەتلا ئۆگەنمەيدۇ. ئەكسىچە بايلار ئۆزى ئۈچۈن يېڭى بىلىملەرنى تويلاشنى بىلىدۇ. ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان بىلىملەرنى ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىشنى خالايدۇ. يېڭى بىلىملەرگە ئېرىشىش جەريانىدا ئۇلار ھەم ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقتىن ھوزۇرلىنىدۇ ھەم يېڭى بىلىمگە ئېرىشىشتىن كەلگەن غەلىبە تۇيغۇسىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

»كىم مېنىڭ ئىرىمچىكىمگە چېقىلدى؟« ناملىق ئەسەر ئامېرىكىدىكى داڭلىق تەپەككۇر ئاۋانگارتى ۋە بازارلىق كىتاب يازغۇچىسى دوكتور پېنسىرنىڭ داڭلىق ئەسىرى .كىتاپتا ئىككى چاشقان ۋە ئىككى ۋىجىك ئادەم بىرلا ۋاقىتتا بىر ئۆرۈننى ئىزدەيدۇ. س ئۆرۈندا ناھايىتى كۆپ ئىرىمچىك بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئىرىمچىك يېيىلىپ تۈگىگەندە ئىككى چاشقان زىرەكلىك بىلەن ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، توغرا تاللاپ، يىگىدەك ئىرىمچىك بولمىغان س ئورۇندىن ئايرىلىدۇ. لېكىن ئىككى ۋىجىك ئادەم ئىرىمچىكنى يەنە قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ۋىجىك ئادەم يەنە بىر ئۆرۈندا ئىرىمچىك بارلىقىنى بايقايدۇ. تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ن ئورۇننى تاپىدۇ ھەمدە مەززىلىك ئىرىمچىكتىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئەمما يەنە بىر خېڭخىڭ ئىسىملىك ۋىجىك ئادەم كونا قائىدىگە ئىسلۇبلىپ ئاۋالقىدەك ئىرىمچىك يوق س ئۆرۈندا تۇرىۋېرىدۇ.

«مېنىڭ ئىرىمچىكىمگە كىم چېقىلدى» ناملىق بۇ ئەسەر كىشلەرگە مۇنداق ئىلھام بېرىدۇ: ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن ئۆزگىرىشكە ماسلىششى، كونا قائىدە ـيوسۇنلارغا ئىسلۇۋالماسلىقى كېرەك. شۇنداقلا چوقۇم ئۆزگىرىشكە ماسلىشش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بايلار بولسا ئۆزگىرىشكە ماسلىشش ئىقتىدارى بولغان ئادەملەردۇر. ئۇلار يېڭى ئەھۋالدا يېڭى مەسىلىلەرنى بايقىيالايدۇ. ئۇنىڭدىن يېڭى يول تاپىدۇ. يېڭى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ چىقىدۇ.

بايلارنىڭ ئۆزگىرىشكە ماسلىشالىشى بىر خىل قابىلىيەت. «ئىرىمچىك» مەڭگۈلۈك ئەمەس، چۈنكى ئۇ ھامان بىر كۈنى يەپ تۈگىتىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۆزگىرىشكە ماسلىشىشى ، ۋىجىك ئادەم خىڭخىڭغا ئوخشاش ئۆزگىرىشنى رەت قىلماسلىقى، كونا قائىدىلەرگە يېپىشۋالماسلىقى كېرەك.

رېئال تۇرمۇشتا دائىم كونا قائىدىگە ئېسىلۋالىدىغان، ئۆزگىرىشنى بىلمەيدىغان ئادەم نۇرغۇن. ئۇلارنىڭ ماڭغىنى قاراڭغۇلۇق، ئۇلار ئېنىقلا باشقا ھەل قىلىش ئۇسۇلى بار تۇرۇپ جاھىللىق قىلىدۇ. ئۇلارچە چوقۇم ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن مەقسەتكە يېتىش كېرەك. شۇڭا كونا قائىدىگە ئېسىلىۋېلىش نامراتلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى. ئۇلار ئۆلۈك قائىدىنى تونۇپ، پاكىتنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. نەتىجىدە نامراتلىق ئۇلارغا ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

بايلار شارائىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزگىرىشنى كۈتۈۋالىدۇ. نامراتلار راھەت-پاراغەت ئۈچۈن كونا قائىدىلەرگە ئېسىلۋالىدۇ. مانا بۇ نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق. كونا قائىدىگە ئېسىلۋالىدىغان نامراتلار بۇ خىل ئادىتىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. چۈنكى يامان ئادەتنى ساقلاپ قالسا، مۇنداق ئادەتلەر مۇۋەپپەقىيەت يولىنى توسىدۇ. شۇڭا ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ بايلارغا ئوخشاش ئۆزگىرىشكە ماسلىشىشى، ئۆزگىرىشنى قىزغىن كۈتىۋېلىشى لازىم.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلار تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىسا «كىم مېنىڭ ئىرىمچىكىمگە چېقىلدى؟» ناملىق ئەسەردىكى ئىككى چاشقانغا ئوخشاش ئىشنىڭ ئۆزگىرىشنى بالدۇر تونۇشى ھەمدە كىچىك ھالقىلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپالايدۇ. كونا پىرىنسىپقا ئېسىلىۋېلىش ھاماقەتلىك ۋە نامراتلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەقەت بايلارغا ئوخشاش ئۆزگىرىشنى ۋاقتىدا كۈتۈۋالساق ئاندىن تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# نامراتلار ھەمىشە باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغانلىغا خۇشال بولىدۇ، بايلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ تاللىشىدا چىڭ تۇرىدۇ

ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى كىچىكتىن باشلاپ چوڭ بولغىچە باشقىلارنىڭ كونتروللىقىدا ئۆتىدۇ. تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگىچە ھامان بىرى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ نىمە قىلىشنى، نىمە قىلماسلىقنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە ئەخلاق ۋە قانۇنغا كەلسەك بۇ ھەممە ئادەم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پىرىنسىپ. لېكىن كىشىلىك ھاياتتا باشقا نەرسىلەرمۇ بار مەسلەن: غايە ۋە ئىنتىلىش دىگەندەك. بۇلاردىن باشقىلارنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەنلا ۋاز كەچسەك بولمايدۇ.

كۆپىنچە ھاللاردا بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ ئىنكار قىلىشىنى قوبۇل قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئۇلار دائىم «سەن قىلالمايسەن ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما»، «ۋاز كەچكىن، سەن قانداقمۇ غەلبە قىلالايسەن» دەيدۇ. قايتا ـ قايتىلاپ ياخشى نىيەتتە قىلغان نەسىھەتلەرنى ئاڭلاۋېرىپ، كۆپىنچە كىشلەر ئۆزىنىڭ غايىسىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئاخىرى ئادەتتىكى نامرات ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ.

بۇ بىر مەيدان «ياخشى نىيەت» تىن باشلانغان، لېكىن تىراگىدىيە بىلەن ئاياغلاشقان مۇسابىقە، بەرداشلىق بېرەلىگەن ئادەم مۇسابىقىدە يېڭىدۇ، باي بولىدۇ. يېڭىلگەن ئادەم ئەكسىچە ئامالسىز نامراتلىققا قايتىدۇ. ئۆزىنىڭ تاللىشىدا چىڭ تۇرغان ئادەم ئاندىن غەلبە قىلالايدۇ.

نامراتلار شۇڭلاشقا مەغلۇپ بولىدۇكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىغا سىلىشتۇرغاندا، باشقىلارنىڭ پىكرىگە بەكرەك ئېتبار قىلىدۇ. نامراتلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى تەڭرىگە ياكى باشقىلارغا تاپشۇرىدۇ. گەرچە ئۇلار باشقىلار پايدىلىنىدىغان قورچاق بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ كونتروللىقىدا ياشىسىمۇ بويسۇنۇشنى خالايدۇ. پەقەت باشقىلارغا تايىنىپ راھەت تۇرمۇش كەچۈرسىلا بولىدۇ. ئۇلارمۇ مۇشۇ راھەت تۇرمۇشقا تايىنىپ، ئۆزىدىكى ئەسلىدىمۇ يېتەرلىك بولمىغان تەپەككۇر ئىقتىدارىنى خورىتىپ تاشلايدۇ. ئاخىرى ئۇلار چوڭ دەرەخلەرگە تايىنىپ ياشايدىغان پىلەك غوللۇق ئوسۇملۈكلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. دەرەخ كۈچلۈك بوران چاپقۇنغا ئۇچراپ ۋەيران بولسىلا، پىلەك

غوللۇق ئۇسۇملۇكلەرنىڭ تايانغىدەك ھېچنەرسىسى قالمايدۇ ـ دە، ئامالسىز قۇرۇپ ئۆلىدۇ. لېكىن بايلار ئەزەلدىن باشقىلارغا تايىنىپ ياشاشنى ئويلاشمايدۇ ھەم باشقىلارغا تايىنىپ ياشايدىغان تۇرمۇشنىمۇ تاللىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلاردا ناھايىتى كۈچلۈك مۇستەقىللىق قارىشى، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ھەمدە مۇستەقىل ياشاشنى داۋاملاشتۇرۇش، ھەر قانداق ئادەمگە يۆلەنمەسلىك روھى بار.

نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پروفېسسور پاكجېنتىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندا، ھەمىشە دەرسلەردە يېتىشەلمەيتى، تاپشۇرۇقلارنى قالايمىقان ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى دائىم ئاتىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىمۇ ئۇنىڭ نەتىجىسى ئەزەلدىن ئالدىنقى بەشنىڭ ئىچىگە كىرىپ باقمىغان. لېكىن مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ فىزىكىغا ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇڭلاشقا ئۇ فىزىكا ئىلمى بويىچە تەرەققىي قىلىشنى ئويلىغان. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدا قىلچە ئىككىلەنمەي فىزىكا كەسپىنى تاللىغان. فىزىكا ئىلمىنى بىر ئۆمۈر قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان. ئۇ ئىلگىرى «نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار فىزىكىنى ئۈچ يىل تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، خىمىيە ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. يەنە ئۇزاق ئۆتمەي قورلۇش ئىلمىغا ئۆزگەرتىدۇ. لېكىن مەن باشتىن ـ ئاخىرى فىزىكا ئىلمىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردۇم»دېگەن.

بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنى ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، مەيلى قايسى ساھەدە بولسۇن ناھايىتى ياخشى ھەمدە قىزىقىشى كۆپ خىل ئىدى. لېكىن ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆگىنىش يۆلىنىشى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرغان. بىردەم ماتېماتىكا كەسپىدە ئوقۇسا، يەنە بىردەم بىئولوگىيە كەسپىدە ئوقۇغان. ھەتتا مۇزىكا كەسپىدىمۇ ئوقۇپ باققان. ئاخىرىدا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان.

پاكجېنتىڭ ئىلگىرى «ئەقلى ئىقتىدارى باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان تالانىت ئېگىسى بولغان تەغدىردىمۇ، ئەگەر مەقسەت نىشانسىز ئۆگەنسە، ئۆزىنىڭ نىشانى بولمىسا، ئۆگەنگىنى ۋاز كەچكىنى بىلەن باراۋەر. تالانىت ئېگىسىمۇ كالۋاغا ئايلىنىپ قالىدۇ» دېگەن. پەقەت غەلبە قازىنىشقا ئىرادە

باغلىغان ئادەملا تىرىشىپ ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ جەرياندا باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچۇرسىمۇ كۆرەش نىشانى ئۇچۇن تاللىغان يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇڭا ھەربىر غەلبە قازىنىش، باي بولۇشنى ئويلايدىغان ئادەم پەقەت بىر ھەسسە ئارتۇق چىدىسا ۋە بەدەل تۆلىسىلا غەلبە قىلالىشى مۇمكىن. ھەر بىر ئادەم پەقەت ئاسانلىقچە ۋاز كەچمىسە پۇرسەتنى تۇتالايدۇ، ھەمدە ئۆزىگە تەۋە بولغان غەلبىگە قەدەم تاشلىيالايدۇ.

بايلار ئۆزىنىڭ ئىنتىلىشى، قىلغان ئىشنى ئەستايىدىل ئويلىشىدۇ. ئىنچىكە تەتقىق قىلىدۇ. بايلار ھەمىشە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدۇ. قارىغۇلارچە ئىش قىلمايدۇ. خوراپاتلىققا تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئىشنى قارار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەسكىن ئاتلىنىدۇ ھەمدە ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. يېرىم يولدا توختاپ قالمايدۇ، بايلار ئېرىشكەن نەتىجىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا ئىش قىلغان ۋاقتتا مەزمۇت قەدەم بىلەن پۇختا قىلىدۇ. چۈنكى بايلار ئەگەر مەقسەت ياكى ئېھتىياج سەۋەبىدىن جەرياننى ئۆزگەرتسە ئىشنىڭ نەتىجىسىمۇ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئېرىشكىنىنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەتىجە ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ئەگەر نەتىجىسى ئوخشاش بولمىسا، بايلارمۇ بايغا ئايلىنالمايدۇ.

باللار ھېكايىسى پادىشاھى جېڭ يۈەنجى نۇرغۇن باللار چوقۇنىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى. ئۇنىڭ «چېچىلو ۋە لوششى»، «شۇكې ۋە بېتا»قاتارلىق ئەسەرلىرى  كىتاب قىلىپ چىقىرىلغاندىن سىرت، كارتون قىلىپ ئىشلىنىپ باللارنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نەچچە ئەۋلاد كىشلەرنىڭ باللىق دەۋرىدىكى گۈزەل ئەسلىمىسىگە ئايلاندى.

لېكىن مۇشۇنداق قالتىس بىر باللار ھېكايىسى يازغۇچىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەدەبىيات نەتىجىسى بىر قەدەر ياخشى بولغاندىن سىرت، باشقا پەنلەردىكى نەتىجىسى ئىنتايىن ناچار بولۇپ ماتىماتىكىدا دائىم ئۆتەلمەيتى. ھەتتا مۇئەللىمى ‹كەلگۈسىدە ئۇ سىنىپىدىكى ئەڭ ئىستىقبالى يوق بالا بولىدۇ › دەپ كىسىپ ئېيتقان ئىدى.

بۇ نەقەدەر يېقىمسىز سۆز ـ ھە! ئەگەر ئادەتتىكى باللار بولسا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمىگەن بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق ئويلىمىدى. ئۇ ئۆزىنى يەنە ئارتۇقچىلىقى بار دەپ ھېس قىلاتتى. مەسىلەن ئالساق، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ناھايىتى مول بولۇپ، بىر تال چاي قۇتىسى، بىر تال ئاچقۇچنىمۇ تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ قالتىس بىر ھېكايە قىلىپ چىقاتتى ھەمدە ماقالىنىمۇ يامان ئەمەس يازاتتى. ھەتتا بەزىدە مۇئەللىم ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئۈلگىلىك ماقالە قىلىپ باللارغا ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى. گەرچە باشقا پەنلەردىكى نەتىجىسى ناچار بولسىمۇ يېزىقچىلىق جەھەتتە تەرەققىي قىلسا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى يېزىقچىلىق جەھەتتە چېنىقتۇرغان. ئاخىرى ئۆزىنىڭ تاللىشى بىلەن كىشلەرنىڭ ياختۇرۇشىغا ئېرىشكەن باللار ھېكايىسى يازغۇچىسىغا ئايلانغان.

باللار ھېكايىسى پادىشاھى جېڭ يۈەنجېنىڭ مۇۋەپپەقىيتى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قابىلىيتىنى چۈشەنگەنلىكىدە. ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپلەردە ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى، قايسى تەرەپتە ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ، ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى بىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا غەلبە قازىنىش يولىدا ئاسانراق، تېزراق ماڭالايدۇ ھەمدە ئۆزىنى تونۇغانلىقى، چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن قىينچىلىق، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا، ئاۋالقىدەكلا ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. نىشانغا يېتىش يولىدا تەۋرەنمەيدۇ.

ئۆزىگە ھەقىقى ئىشىنىدىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئىنكار قىلىشى ياكى كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن غايىسىدىن ئاسانلا ۋاز كەچمەيدۇ. غايىسىدىن ئاسانلا ۋاز كېچىدىغان ئادەم ھەرگىزمۇ غەلبە قىلالمايدۇ. نامراتلار باشقىلارنىڭ پىكرىگە بەك ئېتبار بەرگەنلىكتىن ئۆزىگە ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. نامراتلار باشقىلارغا زىيادە ئىشىنىپ كەتكەچكە نامراتلىققا مەھكۇم بولىدۇ. ئەكسىچە بايلار ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. ھەمىشە ئۆزىنىڭ تاللىشىدا چىڭ تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ باشقۇرىشىغا ئۇچرىمايدۇ. مانا بۇ دەل نامراتلار بىلەن بايلاردىكى پەرق.

نامراتلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى ئىنتايىن ناچار. ئەمما ئىنتايىن شۆھرەتپەرەس. ئۇلار ھەمىشە

كۆچ چىقارمايلا پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئابرويلۇق خىزمەت تېپىشنى ئويلايدۇ. نامراتلار ھەمىشە باھانە ئىزدەشكە ئامراق. ناھايىتى ياخشى قىلالايدىغان خىزمەتنىمۇ باھانە تېپىپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

مۇستەھكەم ئېتىقاد بايلارنىڭ غەلبە قىلىشىنىڭ ئاساسى. بايلار نىشانىنى مۇستەھكەملىۋېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىگىلىك تىكلەيدۇ. باشلارنىڭ نىمە دېيىشىگە قۇلاق سالماي ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ. غەلبە قىلىش يولىدا ئۇچرىغان بارلىق توسالغۇلارمۇ ئۇلارنىڭ ئىلگىرلەش قەدىمىنى توختىتالمايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ تاللىشىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى بېيىش يولىدا ھەمىشە ئۆگۈنۈشسىزلىق ۋە ئازابقا يولۇقۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ھەر قانچە چوڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت ھەر قانچە چوڭ ئوگۈنۈشسىزلىقمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆتۈپ كېتىدۇ. پەقەت نىشانىنى توغرا بەلگىلىگەن ئادەملا باي بولالايدۇ. ئۇنداقتا باي بولۇش پەقەتلا چۈش بولۇپ قالمايدۇ!

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

چىڭ تۇرۇش ياكى ۋاز كېچىشتە ئەگەر سىز قىلغان ئىش نىشانىڭىزغا مۇۋاپىق كەلسە ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ خاراكتېرىڭىزگە ماس بولسا، ئۆزىڭىزدىكى ئالاھىدىلىك جارى قىلدۇرۇلسا، ئۇنداقتا قىينچىلىق سىز ئۈچۈن ۋاقىتلىق. ئاخىرغىچە چىداڭ. سىز ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىسىز. پەقەت ئۆزىڭىزگە ۋە ئۆزىڭىزنىڭ تاللىشىغا ئىشەنسىڭىز، باشتىن ـ ئاخىر ئاسانلىقچە ۋاز كەچمىسىڭىز ئۇنداقتا غەلبە ۋە بايلىق سىزدىن يىراق ئەمەس.

# ياۋۇز بۆرە قاپ يۇرەك بولغانلىقتىن «چىداپ ئۆلىدۇ»، قوي توخۇ يۇرەكلىكىدىن «ئاچ قېلىپ ئۆلىدۇ»

بىزدە «چىداپ ئۆلگەننىڭ يۇرىكى چوڭ، ئاچ قېلىپ ئۆلگەننىڭ يۇرىكى كىچىك» دەيدىغان گەپ بار. غەلبە قىلىشنى، بايلىقنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرۇشنى ئويلايدىكەنمىز چوقۇم ئىگىلىك تىكلەيدىغان غەيرەت ـ شجائەت بولۇشى لازىم. قاپ يۇرەك ئادەم چوقۇملا باي ئادەم بولمىسىمۇ، لېكىن توخۇ يۇرەك ئادەم مەڭگۈ نامرات. غەلبە ـ ئەقىل،قەتئىيلىك،ئىرادە ۋە جاسارەتنىڭ يىغىندىسى بولۇپ،جاسارىتى يوق ئادەمنىڭ ھەر قانداق ۋاقىتتا غەلبە قىلىشى ئىنتايىن تەس.

نامراتلار ھەمىشە كەلگۈسى تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە ئىشەنچىسى يوقتەك ھىس قىلىدۇ. قىينچىلىققا ئۇچرىسا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. خىزمەتتە باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشتىن قورقىدۇ. تۇرمۇشتا كەلگۈسىدىكى قاتمۇقات قىينچىلىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇڭا نامراتلار باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۆزىدىكى بۇ خىل ئاجىز توخۇ يۇرەكلىكتەك كەمچىللىكنى ئۆزگەرتىشى زۆرۈر.

دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى، كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش دائىم پۇرسەتنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بايلارنىڭ نەتىجىسىنى بىر جۈملە سۆز ئارقىلىق تەرىپلەشكە توغرا كەلسە، «خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش» دىگەن جۈملىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن .ھەقىقى جاسارىتى بار بايلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ نىمە دىيىشىگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ توغرا دەپ قارىسىلا ئۆزىنىڭكىدە چىڭ تۇرىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ سودىدىكى خىسلەتلىك كىتابى «تالمۇد» تا «پۇرسەت كەلگەندە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئادەم مەڭگۈ ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ ياشايدۇ» دىيىلگەن.

جوزېف ئىسىملىك بىر يەھۇدىي بار بولۇپ، 1835 ـ يىلى ئۇ بىر كىچىك تىپتىكى ئوت ئاپىتى سۇغۇرتا شىركىتىگە مەبلەغ سالغان. بىراق بۇ شىركەت ئۇ مەبلەغ سېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋەيران

بولغان. بەلكىم ئوت ئاپىتى يۈز بەرمىگەن بولسا، سېلىنغان مەبلەغمۇ ساق ـ سالامەت بولغان بولاتتى. بۇ ئاپەت يۈز بېرىپ

كۆپ ئوتمەي نيۇيوركتا غايەت زور ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن. نۇرغۇن مەبلەغ سالغۇچىلار بۇ خىلدىكى مەبلەغ سېلىشنىڭ خەتىرى بەك چوڭكەن دەپ قاراپ ئۆزلىرىنىڭ پاي چېكىنى تۆۋەن باھادا سېتىشقا باشلىغان. ، بۇ ۋاقىتتا ئالدىنقى قېتىملىق ئوت ئاپىتى تۈپەيلىدىن بىرمۇنچە زىيان تارتقان جوزېف ئەكسىچە باشقا پايچېكلارنىڭ پېيىنى ئىككىلەنمەي سېتىۋالغان. ھەتتا بۇ تۆۋەن باھالىق پايچەكلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىنىمۇ سېتىۋەتكەن. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ساراڭلارچە قىلىنغان ھەركەتكە ئوخشايتتى. بىراق ئۇزاق ئوتمەي جوزېف بۇ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتا شىركىتىگە ئىگە بولغان ھەمدە ۋەكىل ئەۋەتىپ، نيۇرۇكتىكى ئوت ئاپىتى خېرىدارىغا تۆلەم تۆلەش ئارقىلىق خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئەڭ مۇھىمى جوزېف شىركەتنىڭ سۇغۇرتا سوممىسىنى بىر ھەسسە ئۆستۈرسىمۇ يەنىلا نۇرغۇن خېرىدارلار سۇغۇرتىغا قاتناشقان. شۇڭا خېرىدارلار يېڭىدىن سوغۇرتىغا قاتنىشىش ئارقىلىق يىغىلىپ نيۇيوركتىن كەلگەن پۇل بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى تۆلىمى ئۈچۈن چىقارغان پۇلدىن كۆپ بولۇپ، بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى ئەكسىچە ئۇنىڭغا 150 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كىرىم قىلىپ بەرگەن.

جوزېفنىڭ غەلىبە قىلالىشىدىكى ھەقىقى سەۋەب ئۇنىڭ پايچېكنىڭ خەتىرىگە تەۋەككۈل قىلالىغانلىقىدا. ئەگەر ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش بەدەل تۆلەشتىن قورقۇپ پېيىنى سېتىۋەتكەن بولسا، مېھمانخانىنى سېتىۋېتىپ باشقىلاردىكى پاينى سېتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلمىغان؛ ئەقىلنى ئىشلەتمىگەن بولسا، ئوت ئاپىتىدىن كېيىن ئۇنداق جىق پۇلنى تاپالمىغان بولاتتى. ئادەتتىكى كىشىلەردە كەلگۈسىگە نىسبەتەن قىزىقىش بار. لېكىن ئۇلار قىزىقىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەكسىچە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالايدىغان يۈرەكلىك كىشىلەر بۇ خىل قىزىقىشنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مەنبەسى قىلىدۇ.

ئادەم يۈرەكلىك بولسا بەلكىم خەتەر چوڭ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن پايدىسىمۇ كۆپ بولىدۇ. توخۇ يۈرەك بولسا، خەتەر يوق، پايدىمۇ يوق. ئەلۋەتتە ئەگەر سىز «توخۇ يۈرەك» بولسىڭىز گەرچە ئاچ قېلىپ ئۆلمىسىڭىزمۇ، بىر ئۆمۈر قورساق ئۈچۈن ئالدىراش يۈرىسىز. چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمەيسىز. ئەمەلىيەت غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «قاپ يۈرەك» ئادەم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

*بۇ ياپونىيەدە يۈز بەرگەن ھەقىقى ھېكايە.*

بىر كۈنى، توسىيو ھويلىسىدىكى قىرقىلغان گۈللۈكتىن ھوزۇرلىنىۋاتقاندا باغۋەن كېلىپ ئۇنىڭغا «ھۆرمەتلىك دېرىكتور ئەپەندى، مەن قارىسام سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىۋاتىدۇ. لېكىن مەن شاختىكى تومۇزغىغا ئوخشاش بىر ئۆمۈر دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇپ ئىشلىدىم. مەن نېمانداق يارىماس، سىز ماڭا ئىگىلىك تىكلەشنىڭ يولىنى ئۆگىتىپ قويالامسىز؟» دەپتۇ.

توسىيو باغۋەننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلاپ تۇرۇپ كىتىپ قوشۇلۇپتۇ. ھەم «سەن باغۋەنلىك خىزمىتىگە تولىمۇ ماس كېلىسەن، مېنىڭ زاۋۇتىمنىڭ يېنىدا ئىككى گېكتار بوش يەر بار. بىز ھەمكارلىشىپ كۆچەت ئۆستۈرسەك بولىدۇ.» دەپتۇ. «كۆچەتلەرنى ساتساق بىرى قانچە پۇل؟» باغۋەن سوراپتۇ. «40 يەن» توسىيو جاۋاب بېرىپ دەپتۇ. «كۆچەتلەرنىڭ تەننەرخى ئۈچۈن مەن بىر مىليون چىقىرىمەن. سەن ئوتاش، ئوغۇتلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغىن. ئۈچ يىلدىن كېيىن، بىز 6 مىليوندىن كۆپ كىرىم قىلالايمىز. شۇ ۋاقىتتا بىز تەڭدىن بۆلۈشسەك بولىدۇ.» دەپتۇ توسىيۇ.

توسىيونى ھەيران قالدۇرغىنى بولسا باغۋەن ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىپتۇ. چۈنكى باغۋەن ئۆزىنى بۇنداق چوڭ سودىنى قىلالمايمەن دەپ ئويلىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن باغۋەن بۇرۇنقىدەك باغۋەن پېتى يۈرۈپتۇ.

توسىيوغا سېلىشتۇرغاندا باغۋەن سېپى ئۆزىدىن نامرات، ئۇ توسىيونىڭ ئىشلىرىنىڭ بارغانسىرى روناق تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، توسىيوغا تايىنىپ بېيىشنى ئويلىغان، لىكىن ئۇنىڭدا گەرچە بېيىشقا ئىنتىلىش بولسىمۇ، يۈرەك يوق. توسيو ئۇنىڭغا بېيىش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بەرسىمۇ، لىكىن ئۇ تۇخۇ

يۈرەكلىكتىن ياخشى پۇرسەتنى ئوتكۈزۈپ قويغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭدا گەرچە بېيىشقا ئىنتىلىش بولسىمۇ، باي بولۇشقا لايىق يۈرەك يوق.

كىشلەر دائىم «يۈرەكلىك» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئويلىغىنىنى قىلالايدىغان كىشلەرنى تەرىپلەيدۇ. مۇرەككەپ ئىجتىمائى تۇرمۇشتا كىشلەر دائىم ھەر خىل مەسىلىلەرگە ۋە زىددىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ. لىكىن ئۇنى ھەل قىلىش ئۇچۇن چوقۇم بەلگىلىك تەجرىبە ، ئەقىل ۋە ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىر نەرسە كەم بولسا بولمايدۇ،ئۇ بولسىمۇ شجائەت ـ غەيرەت. بۇ يەردىكى غەيرەت، باشقىلار ئويلىيالمىغاننى ئويلىيالايدىغان، باشقىلار قىلالمىغاننى قىلالايدىغان بولۇشنى كۆرستىدۇ. چوڭ ئىشلاردا غەلبە قىلىشنى ئارزۇلايدىغان، نامراتلارغا نىسبەتەن غەيرەت ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. كىشلەردە غەيرەت بولىدىكەن ئاندىن ئىشنى كىسىپ قىلالايدۇ. ھىكايىدىكى باغۋەن يۈرەكسىز، قورقۇنچاق ئادەم. ياخشى بىر پۇرسەتنى ئالدىغا قويسىمۇ، ھىس قىلالمىغان. مانا بۇ نامراتلار دۇچ كىلىۋاتقان ئەھۋال. باي بۇلۇشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لىكىن تۇخۇ يۈرەك ،ئىش قىلىشتىن قورقىدىغان بولغاچقا يېڭىلىدۇ.

غەلبە قىلغۇچىلار ھەمىشە ئىزچىل، قېترقىنىپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان كىشلەردۇر. پۈتۈن كۈچىنى نىشانغا يىتىش ئۈچۈن ئاتىدىغان ئادەم، يۈرەكلىك، ئىنچىكە ئادەمدۇر. لېكىن ئىش قىلغاندا، بېشى بار، ئايغى يوق، قىينچىلىققا ئۇچۇرسا چېكىنىدىغان ئادەم غەلبە قىلالمايدۇ. پۇل تېپىشنى ئويلىسا جاپادىن قورقماسلىق كېرەك. شۇنداقلا نەتىجە قازىنالايدۇ. نامراتلارنىڭ نامرات بولۇشى ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن، بايلارنىڭ باي بولۇشى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىك ، ئىش قىلىشقا جۇرئەت قىلالىغانلىقتىن. نامراتلار بىر ئۆمۈر پۇل ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. بايلار ئەكسىچە بىر پۈتىنمۇ پۇل تۇغدىغان ئۇرۇق قىلىپ پۇلنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كىلىپ ـ چىقىشنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. لىكىن كەلگۈسنى بەلگىلىيەلەيدۇ. گەرچە ھازىر ھېچنىمىسى يوق گاداي بولسىمۇ، پەقەت ئارزۇسىدا چىڭ تۇرۇپ، قەدەمنى ياخشى ئالسا ھەمدە ئۆزى تاللىغان يولدا كەسكىن ئالغا ئىلگىرلەشكە جۇرئەت قىلسا ؛مەغلۇپ بۇلۇشتىن، ئازابتىن قورقماي، كۆرەش قىلىشقا غەيرىتى بولسىلا چوقۇم غەلبىگە ۋە بايلىققا ئېرىشەلەيدۇ.

# «قوي خاراكتېرلىك ئادەم» ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ ئىش قىلىدۇ، نىشانى يوق

بىز رېئال تۇرمۇشتا بىر تەرەپتىن كۆرەڭلەپ، بىر تەرەپتىن ئىككىلىنىدىغان ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى كۆرىمىز، ئۇلار باشقىلارنىڭ غەلىبىسىگە ھەۋەس قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن قورقىدۇ .رېئال تۇرمۇشتا يەنە مەيلى نېمىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىگە بىر چىقىش يولى قالدۇرۇپ قويىدىغان ئادەملەر بار، ئۇلار ھەرگىزمۇ جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ قارار چىقىرىشقا ۋە ئۆزىنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىدىن نىشاننى بىكىتىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ .

بىز ئىگىلىك تىكلەش يولىدا كەسكىن قارار چىقىرىشنى ئۆگىنىشىمىز، يولۇققىنىمىز مەيلى قانداق ئېغىر قىيىنچىلىق بولسۇن ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىز كېرەك، ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ. بىزدە يەنە ئېنىق نىشان بولۇشى ھەم شۇ نىشانغا قاراپ توختىماي ئىلگىرىلىيەلەيدىغان روھ ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان قەتئىي ئىرادە بولۇشى كېرەك ، شۇنداق بولغاندىلا غەلىبىگە تېخىمۇ يېقىنلايمىز .

نىشان كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن غايەت زور يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ، قانداق نىشان بولسا شۇنداق ھايات بولىدۇ . شۇڭا نىشان بەلگىلەش، نىشانغا بولغان تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. نىشان ناھايىتى زور دەرىجىدە بىر ئادەمنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يولىنى بەلگىلەيدۇ .شۇڭا ئادەم تىرىشىپ كۆرەش قىلىدىغان نىشان تىكلىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ياشاشنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلالايدۇ . مەيلى تۇرمۇشتا، ئۆگىنىشتە ياكى كىشىلىك ئالاقىدە بولسۇن نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ، لىكىن ئاز سانلىق ئادەملەرلا بۇ خىل ئارزۇنى كونكېرىت نىشان بېكىتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىدۇ ، نەتىجىدە بۇ كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

كىشىلەر يەنە چوقۇم نىشان تىكلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يىتىشى كېرەك، يەتمەكچى بولغان نىشاننى ئېنىق بەلگىلىۋالسا ئادەم ئەگرى ـ توقاي يوللارنى ئاز ماڭىدۇ . توغرا بولغان نىشاننىڭ

تۆرلۈك تەپەككۇر،ھەركەتكە قارىتا ئاكتىپ چەكلەش رولى بولىدۇ، نىشان ئېنىق بولسا پۈتۈن زېھنىنى بەلگىلىگەن نىشانغا قاراتقىلى بولىدۇ. مۇنداق بولغاندا كىشىنىڭ دىققىتى چېچىلمايدۇ ، چىرايلىق گۈللەر، يېپىشلىك مېۋىلەر، ھەيۋەت تاغ ـ دەريالار... بولسىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى توسالمايدۇ .

نىشانى بولغاچقا كېمە بىپايان دېڭىزدا ماڭالايدۇ، يۆنىلىشنى تاپالماسلىقتىن ئەنسىرىمەيدۇ؛ نىشانى بولغاچقا ئايروپىلان ئېگىز بوشلۇقتا ئۇچالايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھاۋا لىنىيىسى بار، شۇڭلاشقا بارىدىغان يېرىگە بىخەتەر بارالايدۇ . ئوخشاشلا ھايات يولىدا ماڭغاندىمۇ پەقەت ئۆزىگە ماس بولغان نىشان بەلگىلەپ، نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىسە چوقۇم غەلىبە يولىغا قەدەم قويغىلى بولىدۇ .

نامراتلار دائىم ئۆزىنىڭ نىشانىنى تاپالمايدۇ ،تاپقان تەقدىردىمۇ نىشانىدا چىڭ تۇرالمايدۇ ياكى نىشانى ئۇلارنى چۈشەپ قويىدىغان قۇلۇپقا ئايلىنىپ قېلىپ، نىشاندىن ۋاز كېچىدۇ . ئۇلار ئىككىلىنىپ ئىش قىلىدۇ، بەك كۆپ ئويلىنىدۇ، لىكىن نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كونكرىت ،تەپسىلى پىلانىنى تۈزمەيدۇ . ئاخىرىدا نىشانى ئەكسىچە ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ ۋاز كېچىشتىكى باھانىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

ئۆيدە ئىككى كونا سائەت بولۇپ، ئۇلار بەك كونا بولغانلىقتىن خوجايىن ئۇلارنى ئالماشتۇرۇشنى ئويلاۋاتاتتى. بىر كۈنى خوجايىن يېڭى سائەتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ قايتىپ كەلدى، ھەمدە ئۇنى كونا سائەتنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى. بۇ چاغدا كونا سائەت A ناھايىتى ئەنسىرىگەن ھالدا يېڭى سائەتكە دېدى:

ـ سەن شۇنچە كىچىك تۇرساڭ، مەن سېنىڭ 16مىليون قېتىملىق مۇساپىنى ماڭالىشىڭدىن ھەقىقەتەنمۇ ئەنسىرەيمەن.

ـ نىمە؟ ئون نەچچە مىليون قېتىم ماڭامدىم؟ مەن چوقۇم قىلالايمەن، ـ كىچىك سائەت بىرئاز دەككە ـ دۈككە بولغان ھالدا جاۋاپ بەردى .

ـ ھېچقانچە قورققۇچلىكى يوق، نەچچە ئون مىليون قېتىمنى ئويلىما، قانداق مېڭىش كېرەك

بولسا شۇنداق ماڭساڭ، پەقەت ھەر سېكونتىغا تىك - تاك قىلىپ قويساڭلا بولىدۇ، - دېدى كونا سائەت b كىچىك يېڭى سائەتنى بەزلەپ.

- شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟ قېنى مەن سىناپ باقاي، - دېدى كىچىك سائەت گۇمانلانغان ھالدا .

بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن كىچىك سائەت c ھەر كۈنلۈك خىزمەت ۋاقتىدا ناھايىتى ئەركىن ئىشلىدى، بىلىپ بىلمەي ئۇ 16 مىلىيون قېتىم مېڭىپ بولدى .

ھېكايىدىكى كونا سائەت A غا ئوخشاش ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان قوي مىجەزلىك كىشلەر ھەمىشە غايىنى بەك يىراق، يەتكىلى بولمايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ، كەلگۈسى يولنىڭ تىكەن بىلەن توشۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، شۇڭلاشقا قەدىمىنى توختىتىدۇ ياكى كەسكىنلا ۋاز كېچىدۇ . لىكىن ئەمىلىيەتتە نەزىرىمىزنى ھېساپسىز كۆپ قىيىنچىلىقتا ئەمەس ،كۆز ئالدىمىزدىكى كىچىك ئىشلارغا ئاغدۇرساق، پەقەت بەرداشلىق بەرسەك، ئەگرى-توقاي يولنى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن ئاز ماڭىمىز . شۇڭا كەلگۈسدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا بېشىمىزنى ئاغرىتماسلىقىمىز، پەقەت بۈگۈن نىمە قىلىدىغىنىمىزنى ئويلاپ، ئاندىن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ۋەزىپىنى تاماملاشقا ئاتلىنىشىمىز كېرەك .مۇشۇنداق ئىدىيىدە ياشىساق كىچىك سائەت C غا ئوخشاش غايىمىزگە قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشالايمىز . مەيلى نىمىشلا قىلايلى، قانداقلا زور نىشانىمىز بولسۇن، ھەممىنى كۆز ئالدىمىزدىكى كىچىك ئىشتىن باشلاش كېرەك، پەقەت ئىزچىل بولساقلا غەلىبە قىلالايمىز .

بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ پەرقى: بايلار نىمىنى ئويلىسا دەرھال قىلىدۇ، ھەمدە قىلىش داۋامىدا ئۆزلۈكسىز تەجربە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خاتالىقلارنى تۈزۈتۈپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، كىيىن بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن غەلىبىگە يېقىنلاپ ماڭىدۇ؛ نامراتلار ئىشلارغا دۇچ كەلسە كۆپ ئويلايدۇ، ئىشنى ئاز قىلىدۇ، ھەتتا ۋاز كېچىپ قىلمايدۇ، ئەپلەپ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ .

ئافرىقا يايلىقىدا بىر توپ قارا چىپار بۆكەن مەززىلىك ياپيېشىل چۆپلەرنى بەخرامان

يەۋاتاتتى ،

بىر ئېچىرقىغان يىلپىز تۇيدۇرماستىن بۆكەن توپىغا يېقىنلاشتى ، لېكىن بۆكەنلەر پەقەت چۆپ يېيىش بىلەن بولۇپ، خەتەرنىڭ يېقىنلاۋاتقىنىنى سەزمىگەن ئىدى .بۇ ۋاقىتتا بۆكەنلەرگە يېقىنلاشقان يىلپىز ناھايىتى كۆرەڭلىگەن ھالدا ئويلىنىشقا باشلىدى:«بۈگۈن ئاخىر بىر ۋاق ئېسىل غىزا بىلەن ئۆزۈۋقلىنالايدىغان بولدۇم . لېكىن سانى شۇنچە كۆپ تۇرسا مەن زادى قايسىسىنى يېسەم بولار؟ پەقەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چۆپ يېيىش بىلەنلا بولۇۋاتقان، ئازراقمۇ سەگەكلىكى بولمىغان ئانا بۆكەننىمۇ ياكى ئۇنىڭ يېنىدىكى سېمىز، قارىسا كىشىنىڭ شۆلگىيى ئېقىپ كېتىدىغان ئاۋۇ ئەركەك بۆكەننىمۇ؟» لېكىن يىلپىز قارار قىلىپ بولماي تۇرۇپ دەرەخنىڭ ئۈچىدىكى ئىتباش مايمۇن يىلپىزنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ دەرھاللا چىپار بۆكەنلەرگە سىگنال بېرىۋەتتى . بۆكەنلەر دەرھال يىغىلىپ، ئوخشاش بىر تەرەپكە شىددەت بىلەن چېكىندى . يىلپىز بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى .ھالقىلىق پەيتتە ئىككىلىنىپ خىيالغا پاتقانلىقى ۋەجىدىن ئولجىدىن قۇرۇق قالغان يىلپىز دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ، ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشىدىغان مايمۇنغا ھۆكىرەپ قويۇپ، قورسىقى ئاچ پېتى باشقا جايغا ئۇزۇق ئىزدەپ كېتىپ قالدى .

«پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۆتۈپ كەتسە قايتا كەلمەيدۇ» دېگەن گەپ بار، ھېكايىدىكى يىلپىز ئىككىلىنىپ دەرھال قارار قىلمىغانلىقتىن ھېچنىمىگە ئېرىشەلمىگەن، ئەگەر باشلىنىشىدىلا نىشانىنى توغرا تاللاپ، بۆكەن بايقىمىغان چاغدىلا ئېتىلغان بولسا ئاچ قالمايتتى. نۇرغۇن ئادەمنىڭ نامرات بولۇپ قېلىشى ئاشۇ يىلپىزغا ئوخشاش پۇرسەت ئالدىدىكى ۋاقىتتا ئىككىلىنىپ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغانلىق سەۋەبىدىن بولسا كېرەك.

ئەگەر ئادەم بىر ئىشنى قىلىشنى ئىرادە قىلسا نەتىنجىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئەگەر ھېچ ئىش قىلمىسا، ئەلۋەتتە ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ . ئەگەر سىز بىر ھەتتا بىر نەچچە كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئىش قىلسىڭىز، باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىسىز، ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولىسىز،

پۇرسەت يەنە يېڭى پۇرسەتنى ئېلىپ كېلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت ئۈزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەتنى يارىتىدۇ!

دەرھال قارار چىقىرىدىغان زۆرۈر چاغدا ئىككىلىنىپ تۇرۇش بىلەن قىلىش بەكمۇ خەتەرلىك . بۇ بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ ھەمدە شۇ ۋەجىدىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشمۇ قىيىن . ئارىسالدى بولۇش ياخشى پۇرسەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ كەتكۈزۈپ قويىدۇ . شۇڭا نامراتلار ئالدى ـ ئارقىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان كەمچىلىكنى ئۆزگەرتىشى، ئىش قىلىش ياكى قارار قىلىش زۆرۈر بولغاندا كەسكىن بولۇشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نۇرغۇن پۇرسەت ئەملىيەتتە سىزنىڭ يېنىڭىزدىلا، بەلكىم سىز ئۇلارنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن يەنىلا ئىككىلىنىپ ئارىسالدى بولۇپ قانداق تۇتۇشنى بىلمەيسىز . ئازراقلا بوشاڭلىق قىلساق پۇرسەتنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ، سىز ئىككىلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بەلكىم ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. نامراتلار ئىشلارغا يولۇققاندا ھەمىشە ئىككىلىنىپ بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، بايلار ئەكسىچە دادىللىق بىلەن ئىنتىلىدۇ، ئاكتىپ مۇئامىلىدە بولىدۇ، شۇڭلاشقا نامراتلار دائىم پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ، ئەمما بايلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىدۇ.

# «بۆرە خاراكتېرلىك ئادەم» ئاچكۆز، ھەمىشە باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرۇشنى ئويلايدۇ

ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىدا تالاي قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ، ئازاپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ . شۇ سەۋەپتىن ھەمىشە نۇرغۇن كىشىلەر مەغلۇپ بولسىلا ئورنىدىن تۇرۇپ قايتا تىرىشىشقا جۈرئەت قىلالماي ئاخىرى مەغلۇپ بولىدۇ ۋە نامراتلىق پاتقىقىغا پاتىدۇ.

ئوخشاش بىر مەغلۇبىيەتكە نىسپەتەن بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ . نامراتلار بىر ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولۇپلا ۋاز كېچىدۇ؛ لىكىن بايلار مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئايىقى ئاستىدا دەسسەلسىمۇ ئورنىدىن تۇرالايدۇ، مەيلى قانداقلا ئىش بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئاسانلىقچە بايلىق توپلاش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، چۈنكى « ئاچكۆزلۈك» ئۇلارغا كۈچ بەرگەن .

ئاچكۆزلۈك يەنى بايلىققا بولغان ھېرىسمەنلىك باي بولۇشتىكى ئۇنۇملۇك دورا، بايلىق توپلاش يولىدىكى بارلىق مۆجىزىنىڭ يىغىلىش نۇقتىسى. شۇنداق دېيىشكە بولۇدىكى،كۆپىنچە نامراتلاردا ھەقىقى بايلاردا بولىدىغان ئاچكۆزلۈك ـ بايلىققا بولغان كۈچلۈك ھېرىسمەنلىك كەمچىل . شۇڭا نامراتلار بىلەن بايلار ئوخشاشلا مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلسىمۇ، لىكىن ئۈمىد قىلىش دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس، قانچىلىك مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇش ئارزۇسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. مال ـ دۇنيا ئالدىدا نامراتلار ئەزەلدىن پاسسىپ، شۇڭا ئۇلار ئىگە بولىدىغان مال ـ دۇنيانىڭ سانىمۇ چەكلىك بولىدۇ .

ھەقىقي بايلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇغۇلىشىدىنلا مال دۇنيانى تىزگىنلەيدىغان ۋە ئېگىلەيدىغان ئاچكۆزلۈك بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار مال ـ دۇنيا قوغلىشىشنى ئۆزىنىڭ ياشاش نىشان قىلىدۇ . ئەلۋەتتە ،ھەقىقى بايلاردا گەرچە سان ـ ساناقسىز مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش ئاچكۆزلۈكى بولسىمۇ، لىكىن بۇ

ئاچكۆزلۈك مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان سەلبىي خارەكتېردىن خالىي بولۇپ، ئۇلار ئادىمىيلىك پەزىلىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان يۇل تېپىش قائىدىسىگە بويسۇنىدۇ . ئادەمدە بايلىق توپلاشتىن ئىبارەت ئاچكۆزلۈك ۋە كۈچلۈك ئارزۇ بولغاندىلا ئاندىن بۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ياخشى ئادەت ۋە ئاكتىپ ئىلگىرىلەيدىغان روھىي ھالەت بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ئادەم ئاندا ـ ساندا ئۇچرايدىغان ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىدىن گۇمانلانمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۈچلۈك ئاچكۆزلۈك ۋە ئارزۇ ـ ئىستەك كىشىنى بايلىق توپلاش يولىدا بارلىق ئەقىل پاراستىنى ئىشقا سېلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ .

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيا ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە كىردى، لېكىن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى زور مىقداردىكى نېفىتنى كۆيدۈرۈش بەدىلىگە بولدى، ھەمدە نېفت تۇشۇش تەننەرخىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ۋاقىتتا ئوناس بۇ تىجارەتتىكى مۇھىم بىر نۇقتىنى تونۇپ يېتىپ، باشقا كېمە ئەترىتى ئىش باشلىماستا نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ ماي پاراخوتى ياساپ، كېيىنكى نېفت تالىشىش كۆرىشى ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرگەن .

1953 ـ يىلى تومۇزدا، ئوناس ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك ساياھەت پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قىزىل دېڭىز بويىدىكى پورت شەھەر جەداخقا كەلگەن . لېكىن ئامېرىكا ـ سەئۇدى ئەرەبىستان نېفت شىركىتى شۇ يەرنىڭ نېفت ئېچىش كەسپىنى كونترول قىلغاچقا، سەئۇدى ئەرەبىستانغا نېفت قېزىش ئۈچۈن كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەي قايتقان .

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئوناس سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان «جەداخ كېلىشىمنامىسى»نى ئىمزالىغان. كېلىشىمنامىنىڭ ئىمزالىنىشى ئوناسنىڭ غەلبىسىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەلۋەتتە . لېكىن كېلىشىمنامىنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ئامېرىكا نېفت شىركىتى ئۇلارغا قارشى قوزغالغان. مۇنازىرە ، ئەيىبلەش ۋە ھەر قايسى تەرەپنىڭ بېسىمى ئاستىدا سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى ئامالسىز كېلىشىمنامىنى يىرتىۋەتكەن، شۇ سەۋەپتىن ئوناس بىردىنلا

بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى زىيان تارتقان .

«يوقالغان ئىككى بولۇپ كەپتۇ» دېگەندەك ، گەرچە ئوناس بۇ سودىدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ نامى تارقالغان . ئۇ زىيان تارتقان بىر مىليارد ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ قىممەت ئېلان ھەققى بولۇپ قالغان! كېيىن ئۇ موناكو بەگلىكىنىڭ دېڭىز ئۈستى سۇ ئۈزۈش مەيدانىنى سېتىۋېلىپ ، يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە يەنە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا كىرگەن . بوشاشماي تىرىشىش نەتىجىسىدە ئۇ ئاخىرى ئىسمى جىسمىغا لايىق گىرىتسىيە كېمە پادىشاھىغا ئايلانغان .

بىر ئىشنى قىلغان ۋاقىتتا مەغلۇبىيەتتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ ، لېكىن مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئوناس ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملەپ ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئورنىدىن تۇردى ، ھەتتا ئۆزىدىكى كۈچلۈك ئاچكۆزلۈككە تايىنىپ غەلىبىلىك ھالدا تېخىمۇ چوڭ پايدىغا ئېرىشتى ، ھەققى بايغا ئايلاندى . شۇڭا بايلار بۆرىگە ئوخشايدۇ ، ئۇلارنىڭ تايانغىنى ئاچكۆزلۈك ، مەڭگۈ يېڭىلمەيدىغان ئېتىقاد . ئوناسنىڭ مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنسىمۇ چۆكۈپ كەتمەي ئەكسىچە تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرىشىنى بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەر ئويلاپ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن . ئەمما بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى يەنىلا ئۇنىڭدىكى بايلىق توپلاشقا بولغان ئاچكۆزلۈك ۋە مەڭگۈ يېڭىلمەيدىغان ئېتىقاد دەپ قارايمىز .

بايلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەلپىي پەقەت فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنى قامداشلا ئەمەس . ئۇلاردىكى مۇستەھكەم ئېتىقاد ۋە بايلىققا بولغان ھېرىسمەنلىك ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھاياتتىكى خىرىس ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزلۈكسىز كىلىدىغان بېسىمغا جەڭ ئېلان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر . بايلىققا بولغان بۇ ھېرىسمەنلىك يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھاياتتىن رازى قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل .

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باي ـ نامراتلىق ئارىسىدا تىركىشىدۇ . ھەممە ئادەم باي بولۇشنى ئويلايدۇ ، ئەمما كىشىلىك جەمىيەتتە بايلار بىلەن نامراتلا ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ ، ناھايىتى

ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ھەقىقى بايغا ئايلىنالايدۇ . ھەقىقى بايلار غەلبىنىڭ تەمنى تېتىغاندىن كېيىن نىشاننى داۋاملىق ئالدىغا ئىتتىرىدۇ، كېيىنكى نىشاننىڭ قىيىنچىلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلىدۇ . ئاچكۆزلۈكى بارغانسىرى كۈچىيىدۇ . بۇ ۋاقىتتا ئۇلار يۈرىكىدىكى ھەقىقى «غەلىبىگە» يېقىنلىشىدۇ .

كىشىلەردە ئىنتىلىش بولغاچقا تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى بولىدۇ، كەشپىيات ۋە ئىجادچانلىقى بولىدۇ، جەمئىيەت ئاندىن ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىدۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ . ئادەمدە ئىنتىلىش بولسا ئاندىن ئۆزىدە بېسىم ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ پەيدا بولىدۇ . توختاۋسىز ئالغا باسىدۇ، نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ . شۇڭا نامراتلار چوقۇم بايلاردىكى ئىنتىلىشنى ئۆگىنىش لازىم، ئىنتىلىش بولسا باي بولۇشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېساپلىنىدۇ .

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

ئەگەر غەلىبە قىلىشنى ئويلىسىڭىز غەلىبىگە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش بولۇشى كېرەك . ئەگەر سىز بىكىتكەن نىشانغا ئاسانلا يەتكىلى بولسا، سىز بىر ئۆمۈر ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ ياشىشىڭىز مۇمكىن . ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە ئاچكۆز ئادەم ھامان نەتىجە قازىنىدۇ . نامراتلار دائىم ئويلانمايلا ئىش قىلىدۇ، ئاددى ياشاشنى خالايدۇ؛ ئەكسىچە بايلار ئاچكۆز بولۇپ، مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن توختىماي كۆرەش قىلىدۇ.

# نامراتلار دائىم پۇرسەت كۈتىدۇ، بايلار تاللاپ تۇرۇپ پۇرسەت يارىتىدۇ

پۇرسەت بىر ئادەمنىڭ هايات يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ . پۇرسەت كىشىلەرنىڭ مەغلۇبىيەتنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ غەلىبە يولىغا مېڭىشتا ناهايىتى مۇهىم رول ئوينايدۇ . ئىلگىرى بىرەيلەن ئادەمنىڭ غەلىبە قىلىشىنى تالانت، تىرىشچانلىق ۋە پۇرسەتتىن ئىبارەت ئۈچ مۇهىم ئامىل بەلگىلەيدىغانلىقىنى خۇلاسىلەپ چىققان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پۇرسەت كەم بولسا بولمايدۇ .

بەزى كىشىلەر تالانت ئىگىسى، ئۇلار توختاۋسىز تىرىشقان بولسىمۇ هەمىشە هەمىشە غەلىبە بىلەن ياندىشىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ . نامراتلار هەمىشە پۇرسەت ئۇلارنى ساقلاپ تۇرىدىغاندەك ،ئاسانلىقچە قېچىپ كەتمەيدىغاندەك هېس قىلىدۇ . شۇڭلاشقا نامرات بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى ياخشى پۇرسەت يوق بولغانلىقتىن دەپ قارايدۇ . بايلار ئەكسىچە غەلىبە قىلىشنىڭ سەۋەبى ئۇلار ئۆزىگە تەۋە بولغان پۇرسەتنى تۇتىۋالالىغانلىقىدا دەپ قارايدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى پۇرسەت كۆپىنچە ساقلىغانغا كەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنى كىشىلەر بارلىققا كەلتۈرىدۇ .

پۇرسەت هەممە كىشىگە باراۋەر . ئۇ سىزنىڭ نامراتلىقىڭىز سەۋەبلىك سىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ، سىز باي بولغانلىقىڭىز سەۋەبلىك سىزگە ياخشىچاق بولمايدۇ . لېكىن پايدىغا ئېرىشىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشىشنى ئويلىسىڭىز، پۇرسەتنى ئىشلىتىشكە ماهىر بولۇشىڭىز، پۇرسەتنى بايقاش ئۈچۈن يۇقىرى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى هازىرلىشىڭىز كېرەك .

پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇرۇش هاماقەتلىك. ئەتراپىمىزدا پۇرسەت كۆپ، ئۇ هەممىلا يەردە بار، زېرەك ئادەم ئۇنى كۆرەلەيدۇ هەم تۇتالايدۇ، لېكىن پۇرسەت كۈتىدىغان ،پۇرسەت سەكرەپ ئالدىغا كېلىدىغاندەك هېس قىلىدىغان ئادەم ئەمەلىيەتتە هاماقەت ئادەمدۇر . ئەقىللىق بايلار ئوبيېكتىپ هەرىكەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇشقا ماهىر ، ئەتراپتىكى ئامىللاردىن پايدىلىنالايدۇ، ئۆزىگە تەۋە بولغان پۇرسەتنى يارىتالايدۇ . ئەمما نامراتلار پەقەت پۇرسەت كەلمىدى دەپ ئۇهسىنىشنىلا بىلىدۇ،

ئارقىدىن يەنە داۋاملىق ساقلايدۇ . ئەمىلىيەتتە پۇرسەت كەلمىدى ئەمەس ئەكىچە پۇرسەتنى كۆرمىدى، خالاس .

كىيۇرى خانىم ئىلگىرى مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈكلەر پۇرسەتنى يارىتىدۇ، ئاجىزلار پۇرسەتنى ساقلايدۇ» . بايلىق ساقلىسا پەيدا بولمايدۇ، بەلكى باي بولۇشنى قارار قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئىزچىل تۇردە بايلىق توپلاش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ . بايلار پۇرسەتنى يارىتىدۇ، ئۆزىدە ئىقتىدار ۋە شارائىت بار ۋاقىتتا ئۇنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ پۇرسەت يارىتىدۇ، ئوبيېكتىپ ھالەتنى ئۆزىگە پايدىلىق بولغان تەرەپكە قاراپ تەرەققى قىلدۇرىدۇ ياكى ئۆزىگە پايدىلىق ھالەتنى ساقلاپ، ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ، ئاكتىپ بولۇپ پايدىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئىلگىرى ياۋروپا تارىخىدا ئالېكساندىر ئىسىملىك ھەربى تالانت ئىگىسى بار ئىدى . بىر قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: «پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتەمدۇق ياكى باشقا بىر شەھەرگە ھۇجۇم قىلامدۇق؟» ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ ۋە : «پۇرسەت دىگەن ئۆزىمىزگە تايىنىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.» دەپتۇ. پۇرسەتنى يارىتىش ئالېكساندىرنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرى، پەقەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇرسەت يارىتىدىغان ئادەم ئاندىن ئۇلۇغ تۆھپە يارىتالايدۇ .

ئەگەر ئادەم ئىش قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق پۇرسەت ساقلىسا بۇ بەك خەتەرلىك، چۈنكى بارلىق ئۈمىد ساقلاش داۋامىدا خوراپ تۈگەيدۇ، پەقەت بوشاشماي تىرىشىپ پۇرسەت ياراتقاندىلا ئاندىن ئۆزىنى مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. شۇڭا باي بولۇشنى ئويلايدىكەنسىز ئۆزىڭىز پۇرسەت يارىتىڭ .

بايلار ناھايىتى ئەقىللىق ، ھەرگىز پۇرسەتنى ساقلىمايدۇ، ئۆزى پۇرسەت يارىتىدۇ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىدۇ، پۇرسەتنى بويسۇندۇرىدۇ، پۇرسەتنى ئۆزى ئۈچۈن قۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بايلار غەلىبە قىلىشنى ئويلىسا پۇرسەت يارىتىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ، سىزنىڭ بىرلىكتە بېيىش يولىنى ئاتلاپ ئۆتۈشىڭىزنى ساقلاپ ھەرگىزمۇ ئەخمەقلەرچە يول بويىدا ئولتۇرمايدۇ . تەقدىر پۇرسەت

ئەمەس، ئەمما بىرخىل تاللاش . تەقدىرنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتمەسلىك، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ تەقدىرنى يارىتىش كېرەك .

ۋاڭ مىڭتاۋ شىركەتكە كەلگەندىن كېيىن رەھبەرلىكنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمىدىم دەپ دائىم: «ئەگەر بىر كۈنى باش مۇدىرنى كۆرۈش مۇمكىن بولسا، ئۆزەمنىڭ ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان پۇرسەت بولسا ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلايدىكەن. لېكىن ئويلاپلا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمايدىكەن.

بىللە شىركەتكە كىرگەن جۇمنشيامۇ شۇنداق ئويلىغان بولۇپ، ئۇ دائىم باش مۇدىرنىڭ ئىشقا بېرىش ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىنى سورايدىكەن، ئۇنىڭ تەخمىنەن قايسى ۋاقىتتا لىفتقا چىقىدىغانلىقىنى ھېسابلايدىكەن، ئۇ مۇشۇ ۋاقىتتا لىفتقا چىقىپ باش مۇدىر بىلەن ئۇچرىشىپ سالاملىشىش پۇرسىتى بولۇشىنى ئۈمىد قىپتۇ . لېكىن ئۇ پەقەتلا بىر قېتىم باش مۇدىرنى ئۇچراتقان بولۇپ جىددىيلەشكىنىدىن گەپمۇ قىلالماپتۇ .

ئەمما ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن ۋېيجۈن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپتۇ، ئۇ باش مۇدىرنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى تەپسىلى چۈشىنىپ، ھەمدە ئۇ پۈتتۈرگەن مەكتەپنى، ياشاش ئۇسۇلىنى، كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىنى بىلىپتۇ . نەچچە جۈملە ئاددى ھەم سالمىقى بار سۆز تەييارلاپ، ۋاقىتنى ياخشى مۆلچەرلەپ لىفتقا چىقىپتۇ، باش لىدىر بىلەن بىر نەچچە قېتىم سالاملاشقاندىن كېيىن، ئاخىر بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئوزۇن پاراڭلىشىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي تېخىمۇ ياخشى بولغان خىزمەت ئورنىغا ئېرىشىپتۇ .

كۆرۈشكە بولىدۇكى، دۆتلەر پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، ئەقىللىق كىشىلەر پۇرسەتنى تۇتالايدۇ، غەلىبە قىلغۇچىلار پۇرسەتنى يارىتىدۇ . بۇ مىسالدا ۋاڭ مىڭتاۋ پەقەتلا ئويلىغان ئەمما ھەرىكەتلەنمىگەن، بەلكىم ئۇ پۇرسەت ساقلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن پۇرسەت ساقلىغانغا كەلمەيدۇ، ساقلىغانغا كەلگەن پۇرسەتنى پۇرسەت دېگىلى بولمايدۇ . نامراتلار پۇرسەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، شۇڭا تەگرىدىن ئاغرىنىشنىلا بىلىدۇ . ھەقىقەت ئىسپاتلايدۇكى، پۇرسەت بولغان

تەقدىردىن ئۆلار تۆتالمايدۇ، چۈنكى ئۇلاردا پۇرسەتنى تۇتقۇدەك بىلىم ۋە ئىقتىدار يوق .

نامراتلار دائىم كىچىك ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار كىچىك ئىشنى قىلىشنىڭ پايدىسى يوق دەپ قارايدۇ، لېكىن كىچىك ئىشنى قىلالمىغان ئادەمنىڭ چوڭ ئىشنىمۇ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ .نامراتلار ھەمىشە ئارقا ئارقىدىن پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ، ھەربىر قىممەتلىك پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكەندە پۇشايمان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە نامراتلاردا كەم بولغىنى پۇرسەت ئەمەس بەلكى پۇرسەتنى تۇتىدىغان ئەقىل .

بىز يۇقارقى مىساللىدىكى ئۈچ ئادەمگە قارايدىغان بولساق ،ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسىدە ئوي ۋە ھەركەت بار،ئەمما ئالدىدىكى ئىككىسى مەغلۇپ بولدى.ئۇنداقتا ئەڭ ئاخىرىدىكى ۋىيجۇنقانداق غەلىبە قىلدى؟ ۋىيجۇننىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ ئاساسى شۇكى،ئۇنىڭ تەييارلىقى تولۇق، نىشانى بار، ھەرىكەت پىلانى مۇكەممەل . مەسىلەن ئۇ باشلىنىشىدىلا باش لىدىرنىڭ ھەرخىل سەزگۈزەشتىسىنى تەپسىلى سۈرۈشتۈردى ھەم باش لىدىر بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان سۆزنى ئەستايىدىل تەييارلىدى، شۇڭا كېيىنكى ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا بىلىق سۇغا ئېرىشكەندەكلا ئاسان بولدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ پۇرسەت يارىتىپلا قالماي پۇرسەتتىن مۇكەممەل پايدىلاندى .

غەلىبە قىلغۇچى پۇرسەتنى ساقلاپ ئولتۇرمايدۇ، ھەم ھەرقانداق بىر پۇرسەتنى ئۆتكۈزمەيدۇ، پۇرسەتنى كۆرەلمىسە ئۆزى پۇرسەت يارىتىدۇ. ئۇلار پۇرسەتكە ساقلاپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ، تىرىشىپ پۇل تاپقانغا ئوخشاش ئۆزىدىكى تىرىشچانلىقىقا ۋە پاراسەتكە تايىنىپ ئاندىن پۇرسەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. پۇرسەت بولمىسا ئۆزىمىز ياراتساق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەنسىرىگىدەك يېرى يوق، پەقەت تەييارلىقىمىز پۇختا بولسا ،ھەر بىر كۈننى چىڭ تۇتساقلا غەلىبە ۋە بايلىق بىزگە بارغانسىرى يېقىنلىشىدۇ .

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

نامراتلار پۇرسەت كۈتىدۇ، بايلار پۇرسەتنى يارىتىدۇ. نامراتلار پۇرسەت بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىدىكى تۈرلۈك چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن ئۇنى تۇتۇشقا ئامالسىز. شۇڭا پۇرسەت ساقلىغاندىن كۆرە ئۆزى پۇرسەت يارىتىش ئەۋزەلدۇر!

# نامراتلار مەغلۇبىيەتكە سەۋەپ ئىزدەيدۇ، بايلار غەلىبىگە ئامال ئىزدەيدۇ

غەلىبە مېۋىسىنىڭ ھەربىر ئادەمگە بولغان ئېزىقتۇرۇشى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ئۇنداقتا مەغلۇبىيەتنىڭ بىر ئادەمگە بولغان ھەسرەتلىك شۇنچىلىك كۈچلۈك. غەلىبە ھەربىر ئادەم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان نەتىجە، بايلىق ئىشىكىنىڭ چۇقۇم ئۆتۈشكە تېگىشلىك يولى، لېكىن غەلىبە قىلغان ئادەمنىڭ مەغلۇپ بولۇش تارىخىنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. جەمىيەتتە نامراتلار بولغان ئىكەن بايلارمۇ مۇقەررەر بولىدۇ، بايلار دائىم غەلىبىگە ۋەكىللىك قىلسا، نامراتلار مەغلۇبىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. نامراتلار مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنسىلا ھەممىشە مەغلۇبىيەت ئۈچۈن باھانە ئىزدەيدۇ، لېكىن بايلار ئوخشىمايدۇ، ئۇلار غەلىبە ئۈچۈن چارە ئىزدەيدۇ.

ئەگەر ئىشقا كېچىكسە، نامراتلارنىڭ باھانىسى دائىم: «يولدا ماشىنا توسۇلۇپ قالدى، تېلفونۇمنىڭ توكى يوق، سائەت جىرىڭلىمىدى ياكى ۋاقىچە تۇرۇپ قاپتىمەن...» قاتارلىقلار. ئۇلار ھەممىشە ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى ئۈچۈن باھانە ئىزدەپ كۆنگەن .نامراتلار ھەممىشە ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى ئۈچۈن باھانە ئىزدىسىمۇ ،ئەمما زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا ئۆزى. چۈنكى بۇ خىل مەسئۇلىيەتنى باشقا تەرەپكە ئىتتىرىدىغان باھانە كۆرسىتىش ئادىتى نامراتلارنى قۇتۇلۇش تەس بولغان تىگى يوق ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ، نەتىجىدە بۇ ئۇلارنىڭ ھۆرۈن، نامرات بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ .نامراتلار ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى ئۈچۈن باھانە ئىزدىمەس بولغاندىلا ئاندىن غەلىبە قىلىشىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ .

نۇرغۇن نامراتلارنىڭ غايىسى بولغان، ھەتتا پۇرسەتمۇ بولغان، ھەرىكەتمۇ قىلغان، لېكىن ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرمىگەن . ئۇلار ھەممىشە قىيىنچىلىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئالغا ئىلگىرىلىمەي چېكىنگەن، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنى چوڭايتىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قانائەتلەندۈرىدىغان باھانە تاپقان . بايلار ئەكسىچە مەغلۇبىيەن ياكى قىيىنچىلىققا

ئۆچرىغاندا، ھەمىشە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئىزدەيدۇ، شۇڭا غەلىبە قىلغۇچىلار چارە ئىزدەيدۇ، مەغلۇپ بولغۇچىلار باھانە ئىزدەيدۇ، مانا بۇ نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى .

*مۇنداق بىر ھېكايە بار:*

بۇددا قائىدىلىرىگە ناھايىتى پىششىق بولغان ئىككى راھىب بولۇپ،بىرى بايراق،يەنە بىرى نامرات ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار بىر بۇددا ئۇستازى نۇم ئېيتىۋاتقان بۇتخانىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاراڭلىشىپ كېتىپتۇ. نامرات راھىب دەپتۇ: «ئەگەر بۇددا قائىدىلىرىگە ھەققى پىششىق بولۇشنى ئويلىساڭ، چوقۇم شۆھرىتى ئۇستازنى دوراپ بۇددا دىنىنىڭ بارلىققا كەلگەن جايى ـ ھىندىستانغا بېرىپ كېلىشىڭ كېرەك» . بۇنى ئاڭلىغان يەنە بىر سىمىز راھىب:« بۇنداق دېگەن بىلەن، لېكىن دېمەككە ئاسان قىلماققا تەس، بۇ يەردىن ھىندىستانغا ئاز دېگەندىمۇ نەچچە يىل مېڭىش كېرەك، ئۇنىڭغا نەچچىلىك كۈمۈش كېتەر، مېنىڭچە يەنىلا ئويلىنىپ ئىش كۆرگەن ياخشى.» دەپتۇ . سۆھبەت جەريانىدا ئۇ نامرات راھىبقا ۋە ئۇنىڭ پىكرىگە ئانچە ئېرەن قىلماپتۇ،ئۇنى كۆزگە ئىلمىمۇ كەتمەپتۇ.چۈنكى سېمىز راھىب نامرات راھىبنىڭ ھىندىستانغا بېرىشنى ئويلىماي چۈش كۆرگەنلىك، ئاخماقلىق دەپ قاراپتۇ .

نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ، نامرات راھىپ كەمتەرلىك بىلەن ئىككىسى ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا بېرىپ كەلگەنلىكىنى سىمىز راھىبقا سۆزلەپ بېرىپتۇ . نامرات راھىبنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سىمىز راھىپ بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي سوراپتۇ:«قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن؟ ھىندىستانغا بارىدىغان يول شۇنچە يىراق تۇرسا، سەن بېرىپ كېلىش ۋە تاماق ئۈچۈن نەدىكى پۇلنى ئىشلەتتىڭ؟» ، «يول بويى تىلەپ ماڭدىم، ھەم كېمىگە ئولتۇرىدىغان پۇرسەت تاپتىم، ساكيامونىنىڭ پاناھلىقىدا تەلىيىمگە بۇ قېتىمقى سەپىرىمنى تامامىلىدىم» دەپتۇ نامرات راھىب. سىمىز راھىب ئۇنىڭغا قايىل بولۇش بىلەن بىرگە ئىلگىرى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن خىجىل بوپتۇ.

بۇ ھېكايىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، سىمىز راھىب تېخى سەپەرگە چىقماي تۇرۇپلا ئۆزىگە

باھانە ئىزدىگەن، مەسلەن: يول يىراق، سەرپ بولىدىغان پۇل كۆپكەن. . . دىگەندەك، شۇڭا مەغلۇپ بولغان . سىمىز راھىبتا ئەزەلدىن بۇ ئىشنى تاماملاش خىيالى يوق، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە بىر تالاي باھانە سەۋەپلەرنى ئىزدەپ چىققان، مانا بۇ نامراتلارنىڭ مەغلۇپ بولۇش روھى ھالىتى . ئىش قىلىشتىن ئاۋال ئۆزىگە بىر تالاي سەۋەبلەرنى تاپسا، مەغلۇپ بولغاندىن كىيىنمۇ نورمال ئەھۋال دەپ ھىسابلايدۇ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ھىس قىلمايدۇ .

مەسئۇلىيەت بىلەن باھانە ئارىسىدىن، مەسئۇلىيەتنى تاللاش كىرەكمۇ ياكى باھانىنىمۇ ، بۇ بىر كىشىنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بىرىدۇ. مەسىلە بولسا، بولۇپمۇ ھەل قىلىش قىيىن بولسا بەلكىم كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن يىرىم قىلىشى مۇمكىن . بۇ ۋاقىتتا، بىر ئاساسى پىرىنسىپ بار شۇنى ئىشلەتسە بولىدۇ ھەمدە مەڭگۇ قوللانسا بولىدۇ، يەنى ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىك، ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈن باھانە ئىزدىمەسلىك .

بايلار خىزمەتتە ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيەتتىن قاچمايدۇ، ئۆزى ئۈچۈن تىخىمۇ باھانە ئىزدىمەيدۇ . بايلار مەيلى نىمىش قىلسۇن ھەرۋاقىت ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئىسىدە تۇتىدۇ، مەيلى قانداق خىزمەت ئورنى بولسۇن ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، باھانە ئىزدىمەي ئىش بىجىرىدۇ .

ھىكايىدىكى نامرات راھىب بولسا بايلارغا خاس روھى ھالەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلارنىڭ ۋەكىلى ، بايلار بىر ئىش قىلىشتىن ئاۋال،بۇ ئىش قانچىلىك قىيىن، تاماملاش قانچىلىك مۇشكۇل. . . دىگەنلەرنى تەتقىق قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە تىرىشىپ ئامال تاپىدۇ . بايلار قىيىنچىلىق بىلەن باھانىنىڭ بايلىق يۇلىدىكى قەغەز يولۋاس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ھەمدە ئاكتىپ ،مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن قەغەز يولۋاسنى قورقۇتۇپ قاچۇرۋىتىدۇ .

ئامېرىكا ھەربى ئىنىستىتوتى ئامېرىكىغا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر گىنراللارنى تەبىيلەپ بەردى، بۇ مەكتەپ ئامېرىكىنىڭ ھەربى ئىشلىرى ھەتتا جەمئىيەت ئىقتىسادىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، بۇنى مەكتەپنىڭ يەلىم ـ تەربىيە شۇئارىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ مەكتەپنىڭ مەكتەپ شۇئارى: «ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك، مەڭگۇ باھانە ـ سەۋەپ

ئىزدىمەسلىك.»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

مەكتەپنىڭ ھەربىر تۈزۈمى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ، مەسىلەن:«تۆت ئۆلچەملىك جاۋاپ» - «دوكىلات باشلىق، ...بولىدۇ»، «دوكىلات باشلىق، ...بولمايدۇ»،«دوكىلات باشلىق، ...ھېچقانداق باھانە يوق»، «دوكىلات باشلىق، ...بىلمەيمەن» ، دىن ئىبارەت بولۇپ ،ئوقۇغۇچىلار بىر ئېغىز سۆزنى ئارتۇق دىسە بولمايدۇ . چۈنكى بۇ مەكتەپنىڭ ھەربى ئەمەلدارلىرىغا نىسبەتەن باھانە كۆرسىتىش ئاجىزلىق بولۇپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ھەرقانداق ئىشتا باھانە ئىزدىشى ھاجەتسىز .

كىيۇرى خانىم ئىلگىرى: «مەغلۇپ بولغۇچىلار باھانە ئىزدەيدۇ، غەلىبە قىلغۇچىلار مەڭگۈ چارە ئىزدەيدۇ» دىگەن. نامراتلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى بىخەستە، سۆرەلمە، مەسىلە چىقسىلا مەسئۇلىيەتتىن قاچىدۇ، ھەرخىل باھانە ئىزدەپ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، چۈنكى ئۇلار خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئىشتىن بوشىتىلىشتىن قورقىدۇ. لېكىن ئۇلار شۇنچە ئەنسىرىگەنسىرى ئەكسىچە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوسال بولىدۇ .

«مەغلۇبىيەت - مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى». پەقەت مەغلۇبىيەت ئۈچۈن باھانە ئىزدىمەيدىغان ئادەملا باي بولالايدۇ، چۈنكى بايلار ئەزەلدىن مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن باھانە ئىزدىمەيدۇ، ئۇلار مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئامال ئىزدەشنى بەكرەك ياقتۇرىدۇ . بايلار ئۆزى ھەل قىلالمايدىغان ئىشلارغا ئۇچرىسا ئاكتىپلىق بىلەن ئامال ئىزدەپ تاقابىل تۇرىدۇ، نامراتلارغا ئوخشاش ئاسانلا ۋاز كەچمەيدۇ .

بايلار ئىش قىلغاندا ئەستايىدىل، ئىنچىكە، قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا دائىم باش ئەگمەسلىك ۋە بوشاشماسلىقتەك خىزمەت روھىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇلار قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدۇ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش كېرەك ئەمەس .ئۇلار پەقەت تىرىشچانلىق بىلەن ئامال ئىزدەپ قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ .

دائىم باھانە ئىزدەيدىغان ئادەم باھانىنى ئىش بۇزۇپ قويغان چاغدىكى قالقان قىلىۋالىدۇ . بۇ خىل كىشلەر ھەرخىل باھانە ئىزدەپ خۇشال بولىدۇ، ھارمايدۇ، ئاكتىپ ئىش قىلمايدۇ، تىرىشمايدۇ، بەلكى نۇرغۇن ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى باھانە ئىزدەش ئۈچۈن خورىتىدۇ، بۇنداق قىلىش خىزمەتداشلار ۋە باشقىلار ئارىسىدا ئەكىس تەسىر قوزغايدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىرى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق ئادەمگە ئايلىنىدۇ .

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

غەلبە قازانغان باينىڭ لۇغىتىدە «باھانە» دېگەن خەت يوق، چۈنكى بايلار ھەربىر ۋەزىپىنى قەتئىيلىك بىلەن تاماملايدۇ، ئۆزى ئۈچۈن كەسكىن نىشان تۇرغۇزىدۇ، ئاندىن ھېچنەرسىگە قارىماي نىشانىنى قوغلىشىدۇ، قىينچىلىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ غەلبە قىلىشى ئۈچۈن چارە ئىزدەيدۇ.

نامراتلار باي بولۇپ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىششنى ئويلىسا دادىللىق بىلەن ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان توغرا يولدا مېڭىش كېرەك .بۇنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى ـ باھانىنى چۆرۈۋېتىش. ئىرادە، قىزغىنلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلىش، قەيسەرلىك بىلەن خىرىسنى قۇبۇل قىلىشتۇر.



## نەزەر دائىرىدىكى پەرق:

## نامراتلار كۆز ئالدىدىكى بىلەنلا چەكلەنگەن، بايلار يىراقنى كۆرىدۇ

نامراتلار بىلەن بايلار ئارىسىدىكى پەرق كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى نەزەر دائىرىدىكى پەرقتۇر. نامراتلار دائىم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىنى مۇھىم بىلىدۇ،مۇنداق خارەكتىر ئەمەلىيەتتە شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىدىغىنىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۆزىنى كەمسىتىدىغان ئادەم ئۆزىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن رازى بولمايدۇ، ھەممىدىن گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان پىكرىگە ئېتىبار بېرىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن قارمۇ ـ قارشى بولغىنى، بايلار ئۆزىنىڭ ئەقىل كۆزىگە تايىنىپ باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزىگە ئىنتايىن ئىشىنىدۇ، بۇنداق ئىشەنچ ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆزىگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىقىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار چىن كۆڭلىدىن ئۆزىنى ئېتراپ قىلىدۇ.شۇڭا ئۆزىنىڭ ئەقىل كۆزى بىلەن باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىدۇ .

نامراتلارنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتتا نەزەر دائىرىسى تار، پەقەت كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، لېكىن بايلار يىراقنى كۆرەلەيدۇ، ئۇلار« قارماقنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ يوغان بېلىق تۇتۇش» قا ئامراق . چۈنكى ئۇلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ، مۇنداق ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى تۇتۇش بىلەن مەڭگۈ ھەققى باي بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ . شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىغان ئادەم نەزەر دائىرىسىنى يىراققا قارىتىپ ، تەپەككۇرىنى كەڭ قويۇۋېتىش كېرەك،شۇندىلا بايلىققا تېخىمۇ يېقىنلاشقىلى بولىدۇ .

## نامراتلار باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۆزىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، بايلار ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىدۇ

ئادەم بۇ دۇنيادا ياشايدىكەن، باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىغا يۈزلەنمەي ياشىشى ناھايىتى تەس. كىشىلىك تۇرمۇشتا بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن باشقىلارغا ھۆكۈم قىلسا، يەنە بەزىلەر باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۆزىگە ھۆكۈم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ . گەرچە بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھۆكۈم قىلىش بولسىمۇ، لىكىن ئوخشاش بولمىغان ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى — بايلار ۋە نامراتلاردىن ئىبارەت ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر توپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ .

نامراتلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ قارىشى بىلەن ئۆزىگە ھۆكۈم قىلىشقا ئادەتلەنگەن.ئەمما بۇنداق ئۇسۇل باشتىن ئاخىر ئادەمنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.چۈنكى كۆرگىنى ۋە ئاڭلىغىنىنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۇستىدىكى ھۆكۈمى بولۇپ ، بۇ ھۆكۈملەرنىڭ بەزىسى ھەقىقى بولۇشى مۇمكىن، لىكىن كۆپىنچىسى بىر تەرەپلىمە باھا . شۇنداق بولسىمۇ نامراتلار يەنىلا باشقىلارنىڭ قارىشى بىلەن ئۆزىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ قارىشى ئارقىلىق ئۆزىگە ھۆكۈم قىلغاندا، نامراتلارنىڭ ھىس قىلىدىغىنى كۆپۈنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ ماددى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك بولىدۇ ـ دە ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنى كەمسىتىشكە باشلايدۇ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ، بارغانسىرى ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، ئۆزىگە ئىشەنمىگەنچە نامراتلىشىدۇ، ئاخىردا ھەتتا كۈتۈلمىگەن يامان ئاقىۋەتلەرمۇ يۈز بېرىدۇ.

نامراتلارنىڭ قارىغۇلارچە باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ۋە ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋېلىش پىسخىكىسىنىڭ باشلانغانلىقىدۇر. شۇڭا ئادەم ھەرقانداق ئىشقا مۇئامىلە قىلغاندا چوقۇم ئۆزىنىڭ پرىنسىپى ۋە مەيدانى بولۇشى كېرەك . ئەمما نامراتلار ئىش قىلغاندا ئۆزىنىڭ پرىنسىپى يوق، ئۇلارغا باشقىلار تىلغا ئالغان پىكىرلەر توغرىدەك بىلىنىپ شۇ بويىچە ئىش قىلىدۇ . ئۆزىنىڭ مەيدانى بولمىغانلىقتىن ناھايىتى ئاسانلا باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە پايدىلىنىشىغا

ئۈچرايدۇ .

نامراتلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىشنى ياقتۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلار مۇلايىم كۆرۈنىدۇ .ئەمىلىيەتتە بۇ بىرخىل ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى. ئاجىزلىق مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە ئادەم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى تەدرىجى يوقىتىدۇ، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەمنىڭ چوڭ ئىش قىلالىشى ئىنتايىن قىيىن. بەزىدە نامراتلارنىڭ ئاجىز خارەكتىرى ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيدانى ۋە كۆز قارىشى يوق. ئۆزىنى كەمسىتىدىغان ئادەم ھەردائىم باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش كۆرىدۇ.

قانداق قىلسا ئۆزىنىڭ يولىدا ياخشى ماڭغىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىدە بىز يەنىلا بايلارنىڭ خارەكتىرىگە نەزەر سالىمىز.

بايلار ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلاردا مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بار، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل كۆزى بىلەن باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىدۇ .

چارلىز چاپلىن، 20 ـ ئەسىردىكى ئەنگىلىيەنىڭ داڭلىق كومېدىيە ئارتىسى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مۇراسىم كىيىمى، چوڭ ئىشتىنى، چەۋەنداز قالپىقى، كىچىك بۇرۇتى، مەدەنىي ھاسىسىنىڭ ئوبرازى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئاللىقاچان ئورناپ كەتكەن. 1915 ـ يىل. ئەينى چاغدا تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى بولمىسىمۇ لېكىن تۈرلۈك دوراش سەنئىتى ھەرقايسى چوڭ كىچىك كوچىلاردا ئەۋج ئالغانىدى .چاپلىن بىر قېتىملىق دوراش مۇسابىقىسىگە قاتنىششقا تىزىمغا ئالدۇردى. قىزىقارلىق بولغىنى شۇكى، ئۇنىڭ دورىماقچى بولغىنى دەل ئۆزى ئىدى . چاپلىن قىزىقارلىق ھېس قىلىپ مۇسابىقىگە قاتناشتى، ئەسلى ئۆزىنى چۇقۇم يامان ئەمەس نەتىنجىگە ئېرىشمەن دەپ ئويلىغان بولسىمۇ لېكىن نەتىنجە ئۇنداق بولماي قالدى . ئويلىمىغان يەردىن بىرىنچى باسقۇچتىلا شاللىنىپ كەتتى . بۇ ئۇنىڭ ئىچىنى تولىمۇ سىقتى، ئەجىبا ئۆزەم ئۆزەمگە ئوخشىمامدىمەن؟

بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان ئادەم يا يىغلاشنى يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالىدۇ . لېكىن بۇ ھېكايە كىشىنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ . چاپلىن ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن ئۆزىگە ھۆكۈم قىلدى، ئويناپ چىققىنى

ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزى ئىدى.

«مىڭ ئۇقۇرمەننىڭ قەلبىدە مىڭ هۆكۈم بار» دېگەندەك، ئوخشاش بولمىغان ئادەم ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن باشقىلارغا هۆكۈم قىلىدۇ، ئوخشاش بولمىغان خارەكتېردىكى ئادەمنىڭ قەلبىدىكى هۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئەمما نامراتلار باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۆزىنى كۆرىدۇ، شۇڭا ئېرىشكىنىنىڭ هەممىسى ئەتراپلىق ئەمەس . چۈنكى دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم يوق . كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ۋاقىتتا باشقىلارغا قارىتا هۆكۈم قىلغىنى سىرتقى قىياپىتى، مەسىلەن كىيىنىشى، بەدەن شەكلى، چاچ پاسونى . . . قاتارلىقلار. لېكىن بۇلار دەل نامراتلاردىكى ئەڭ سەزگۈر تەرەپلەر بولۇپ،شۇ ۋەجىدىن ئۇلار باشقىلارنىڭ بىتەرەپلىمە پىكرىنىڭ كاشىلىسىغا كېتىدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ قارىشى بىلەن ئۆزىگە مۇئامىلە قىلىش خاتا .

ئەكسىچە، بىر هەقىقى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان باي هەرگىزمۇ سىرتقى قىياپىتىگە بېرىلگەن باهادىن ئۆزىنى كەمسىتمەيدۇ ياكى ئاچچىقلانمايدۇ، چۈنكى سىرتقى قىياپەتنىڭ هەممىسى يۈزەكى هادىسە بولۇپ، هەقىقى بايلار بۇلارغا قاراپمۇ قويمايدۇ، لېكىن نامراتلار بۇ نوقتىغا بىر قەدەر ئېتىبار قىلىدۇ . چۈنكى ئىككىسىنىڭ پسىخىك هالىتى ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا چۈشىنىش ۋە هۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى هەمدە ئەڭ ئاخىرىدا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىنجىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس .

ئىلگىرى بىر ئاتاقلىق رەسسام بولۇپ، بىر كۈنى تۇيۇقسىز غەلىتە ئويغا كېلىپ قالىدۇ، يەنى ئۇ هەممىلا ئادەم كۆرسىلا ياقتۇرىدىغان رەسىم سىزىشنى ئويلايدۇ. رەسسام رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىچە بۇ ئەسىرىنى ناهايىتى قالتىس بولدى ، دەپ قارايدۇ .شۇنىڭ بىلەن رەسىمنى بازارغا ئاپىرىپ كۆرگەزمىگە قويىدۇ، هەمدە رەسىمنىڭ يېنىغا قەلەم قويۇپ، هەربىر كۆرگۈچىنى كەم قالغان ياكى ئۆزگەرتىش زۆرۈر دەپ قارىغان جايغا بەلگە قويۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ .

نەچچە كۈن ئۆتمەيلا رەسسام رەسىمگە قاراپ هەيران قالىدۇ: چۈنكى ئۆزى سىزغان رەسىم بەلگىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆرستىلمىگەن بىرمۇ يېرى يوق ئىدى.بۇنى كۆرۈپ رەسسام ئىشىنىڭ تېگىنى هېچ چۈشەنمىگەن، ئۆزىنىڭ رەسساملىق سەۋىيىسىگە ئىشەنچ قىلغان ئۇ ئەمدى

ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر پارچە ئوخشاش رەسىم سىزىپ يەنە بازارغا ئاپارغان، ئالدىنقىسىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىم ھەربىر كۆرگۈرمەن ئۆزى قالتىس دەپ قارىغان جايغا بەلگە قويۇشقا تەكلىپ قىلىنغان. لېكىن نەتىجە رەسسامنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇرغان — چۈنكى رەسىمنىڭ ئىلگىرى ئىنكار قىلىنىپ ئەيىپلەنگەن ھەممە يېرىگە ھازىر يەنە قالتىس بەلگىسى قويۇلغان ئىدى.

بۇ ھېكايىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، باشلىنىشتىلا ئۆزىمىزنى پاسسىپ ئورۇنغا قويۇپ باشقىلارغا ھۆكۈم قىلغۇزساق، ھەمىشە« ناچار» دېگەن باھا «ياخشى» دېگەن باھادىن كۆپ بولىدۇ. لېكىن ئۇسۇلنى ئالماشتۇرۇپ قايتا ھۆكۈم قىلغۇزساقچۇ؟ نەتىجە بەلكىم ئوخشىماسلىقى مۇمكىن . چۈنكى دەسلەپتە رەسسام كىشىلەرگە رەسىمنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئېيتقان، كىشىلەرمۇ بۇنى ياخشى ئەسەر ئەمەسكەن دەپ چۈشەنگەن، شۇڭا بەس بەستە ئۆزلىرى رازى بولمىغان تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئاخىرىغا بارغاندا بۇ رەسىمدە ئاساسەن كىشى ياقتۇرغۇدەك جاي قالمىغان . كېيىن رەسسام ئۇسۇلنى ئالماشتۇرغان. يەنى ئوخشاش بىر رەسىمنى قايتا قويۇپ ، باشقىلارنى ياقتۇرغان جايلىرىغا بەلگە سېلىشقا تەكلىپ قىلغان .نەتىجىدە ئالدىنقىغا ئوخشاشلا رەسىمنىڭ ئۈستى بەلگىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن، لېكىن ئوخشىمايدىغىنى بۇ قېتىمقى ھەممىسى« ياخشى »دېگەن باھالار ئىدى.

گەرچە كىشىلەر باشقىلارنىڭ قارىشىنى مۇھىم دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى تېخىمۇ مۇھىم . ئەمما نامراتلار ساددىلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ قارىشى بىلەن ئۆزىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ،نەتىجىدە رەسسامنىڭ بىرىنچى پارچە رەسىمگە ئوخشاش، ھەقىقى ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئاتالمىش «باھا» لارغا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. لېكىن كىشىلىك ھاياتتا ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە بولغان تونۇشى ئەڭ مۇھىم . ئەگەر ئادەم ئاۋال ئۆزىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلمىسا باشقىلارنىڭ ياخشى باھاسىنى ئۈمىد قىلمىسۇن . شۇڭا نامراتلار بىلەن بايلار ئوخشىمايدۇ: نامراتلار باشقىلارنىڭ قارىشى بىلەن ئۆزىگە ھۆكۈم قىلىشنى ياقتۇرىدۇ، بايلار

ئەكسىچە ئۆزىنىڭ قارىشى بىلەن باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىدۇ .

باشقىلار ئۆزىنىڭ قارىشىنى مۇھىم دىسىمۇ ، لېكىن ئادەمگە نىسپەتەن ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئۆزىنى ئېنىق تونۇش . ھەربىر ئادەمنىڭ كىشىلىك ھايات نىشانى بولىدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ . شۇڭا ياشاش نىشانى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى بىكىتىۋالسىلا باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆلچىمەسلىك كېرەك . ئۆزى ياقتۇرغان ئىشنى قىلىش، بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇشلا ئاخىرى ھەقىقى مېۋە بېرىدۇ . قارىغۇلارچە باشقىلارنىڭ گېپىگە ئىشەنسە ئەڭ دەسلەپكى يۆنىلىشىدىن ئېزىپ، ئاخىرىدا ھېچ ئىشتا نەتىجە قازىنالمايدۇ .

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىنى مۇھىم بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ . ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم ھەقىقى ئۆزىنى كۈچلەندۈرەلەيدىغان ھەم ئۆزىنى چىن كۆڭلىدىن ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەمدۇر . ئۆزىنىڭ كۆزىگە تايىنىپ باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىش ۋە مۇئامىلە قىلىش، غەلىبە قازانغان بايلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى.

# نامراتلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، بايلار كەلگۈسىدىكى قىممەتنى مۇھىم بىلىدۇ

نامراتلار كۆپىنچە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئاۋارە بولىدۇ، ئەمما ئىشنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئويلاشمايدۇ . نامراتلار ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرماقچى بولىدىكەن بۇنىڭ ئۈچۈن مول بىلمى، مەسىلىلەرگە قارىتا مۇستەقىل قارىشى، شەيئىلەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى تەپەككۇر قىلالايدىغان ئالدىن كۆرەرلىك روھى بولۇش كېرەك .

«ئاز ئىشلەتكىنىڭ كۆپ تېجىگەنلىكىڭ.» ـ مانا بۇ نامراتلار ئەڭ ئامراق بىر جۈملە. مەسىلەن : ئەگەر نامراتلار ئاشخانا ئاچسا پايدا ئۆنۈمى %10 ، 40000 يۈەن مەبلەغ سېلىپ بىر يىلدىن كېيىن44000 يۈەن تاپسا ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن قالتىس ئىش. چۈنكى ئۇلار بىر يىل يەپ ـ ئىچىپ ، خەج ـ خىراجەت قىلىپ يەنە پۇلنىڭ ئەسلى دىرىنى تۇتۇپ تۇرالىغىنىغا شۈكرى قىلىدۇ.ئۇلاردا پۇل بولسىمۇ ئەچىقىپ ئىشلىتىشكە كۆزى قىيمايدۇ، مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلسىمۇ ھەرگىز خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى خالىمايدۇ.قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئاشۇ بىر قەدەمنى ئېلىشنى زادى خالىمايدۇ. نامراتلار سودا قىلسا ئاز دەسمايە بىلەن چوڭ پايدىغا ئېرىششىنى ئويلايدۇ، ‹ توخۇنىڭ تۇخۇم تۇغۇشى، تۇخۇمنىڭ توخۇ بولۇشى › ھېكايىسىگە ئامراق،گەرچە ئىشەنچىسىز بولسىمۇ پەقەت بىر مېكىيانغىلا ئۈمىد باغلايدۇ.

نامراتلارغا ئوخشىمايدىغىنى، بايلار سودا قىلسا كۆپ مەبلەغ بىلەن كۆپ پايدا ئېلىشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىدۇ . ئوخشاشلا تاماقخانا ئېچىشنى مىسال ئالساق بايلار ‹ ‹ بىر تاماقخانىنىڭ مەبلىغى 40000 يۈەن، ئەگەر 40000000 يۈەن مەبلەغ بولسا 1000 تاماقخانا ئاچقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ئەمما ھەممىنى ياخشى باشقۇرۇشقا توغرا كەلسە مۇنچىلىك كۆپ باشقۇرغۇچى بولمىغان ئەھۋالدا خوجايىن قانچىلىك جاپا چېكە؟قارىغاندا مېھمانخانىغا مەبلەغ سالغان ياخشىكەن، چۈنكى بىر مېھمانخانا ھەممە مەبلەغنى ئىشلىتەلەيدۇ، پايدا %10 بولسىمۇ بىر يىلدىن كېيىن 4 مىليون

پايدىغۇ !››دەپ ئويلايدۇ ھەم شۇ بويىچە مەبلەغ سېلىش پىلانى تۈزىدۇ.

بايلارنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى قولدىكى مەبلەغنىڭ كەلگۈسى قىممىتى، ئۇلار يىراققا نەزەر سالىدۇ. ئىشنىڭ تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى قىممىتىنى ئويلىشىدۇ، ئىشنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتىنى تونۇپ يەتسىلا ۋاقتىدا قارار چىقىرىدۇ، ھەمدە بايلىق يارىتىدۇ .

كۆپ يىللار ئىلگىرى، ئەنگىلىيىلىك بىر ياش پويىز بىلەن لوندونغا بېرىپتۇ. بىر قاقاسلىقنىڭ ئەگىلىدىغان يېرىدە پويېز ئاستىلاشقا باشلاپتۇ، بۇ ۋاقىتتا، ئالدى تەرەپتىن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۆينىڭ سىرتى ئاددى بولسىمۇ، لىكىن ھېچنەرسە يوق قاقاسلىقتا بۇ ئۆي ئالاھىدە كۆرۈنىدىكەن. سەپەردە زېرىكىشلىك ھېس قىلغان يولۇچىلار ھاياجانلانغان ھالدا سەپەردىكى ئالاھىدە مەنزىرىنى بەس ـ بەستە مۇنازىرە قىلىشقا چۈشۈپتۇ. لىكىن ئەنگىلىيىلىك بۇ ياش ئاشۇ ئۆينى كۆرگەن پەيتتە يۈرىكى تۇيۇقسىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ، كۆڭلىدە «بۇ ئۆي تېخىمۇ چوڭ ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن بولسا توغرا بولاركەن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا قايتىش سەپىرىدە شۇ يەردە پويىزدىن چۈشۈپتۇ ۋە مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆينىڭ ئىگىسىنى تېپىپتۇ. ئۆي ئىگىسى بۇ ياشقا ئەتراپىنىڭ ھەممىسى پويىز شاۋقۇنى بولغاچقا بۇ يەردە تۇرۇشقا ئامالسىز قىلىپ ئۆينى سېتىۋېتىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.ئەمما ئۆينىڭ ئورنى ياخشى بولمىغاچ ھازىرغىچە ھېچكىم سېتىۋالمىغان ئىكەن.

بىر پەس باھا تالىشىشلاردىن كېيىن بۇ ياش بۇ ئۆينى 20 مىڭ يۈەنگە سېتىۋاپتۇ .ئاندىن شىركەتلەرنىڭ بۇ يەرگە ئېلان تاختىسى ئورناتسا  ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بىر قانچە شىركەت بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي IBM شىركىتى بۇ ئۆينىڭ ئېلان ئەۋزەللىكىدىكى ئورنىنى كۆرۈپ، بۇ ياشقا ئالدىدىن ئۈچ يىللىق ئۇرۇن ئىجارە پۇلى 180مىڭ يۈەن بېرىپتۇ .

ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر ئەينى چاغدا بۇ ياش كەلگۈسى «سودا مەنپەئەتى» نى چىقىش قىلمىغان بولسا، باشقا يولۇچىلارغا ئوخشاش مۇنازىرە قىلىپلا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى . ئۇنداق بولغاندا

كېيىنكى ئىشلارمۇ يۈز بەرمەيتتى. ئۇ بۇ ئۆينىڭ كەلگۈسى قىممىتىنى كۆرگەنلىكتىن، ۋاقتىدا ھەرىكەت قىلىپ، تۆۋەن باھادا ئۆينى سېتىۋالغان ھەمدە ئۆينىڭ ئېلان قىممىتىنى ئويلاشقان. ئارقىدىن ئەقىلگە تايىنىپ ئۆينىڭ ئۈچ يىللىقىنى IBM شىركىتىگە ساتقان. بۇ ئۇنى بايلىققا ئېرىشتۈرگەن .

بېيىش — پۇرسەتكە مۇھتاج ، پۇرسەتنى كۆرەلەيدىغان كۆزگە تېخىمۇ مۇھتاج . نامراتلار غەلىبە قىلغان بايلارنىڭ تەقدىرىگە ھەۋەس قىلغاندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ بايلىقنى قانداق بايقىغانلىقىنى،پۇرسەتنى قانداق تۇتقانلىقىنى ۋە پايدىلىق ۋەزىيەتنى پەرىقلەندۇرۇش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك.

لۇتوۋ ئامېرىكىلىق بوتۇلكا ياساش ئىشچىسى بولۇپ ،ئادەتتىكى بىر ياش. بىر قېتىم ئۇ قىز دوستى بىلەن ئۇچرىششقا چىققاندا، قىز دوستى پاسونى ئۆزگىچە يوپكا كىيىۋالغان ئىكەن .ئۇ قىز دوستىنىڭ يوپكىسىنى بەكلا ياقتۇرۇپ قېلىپ كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قاپتۇ.ئۇ كېيىمدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندا تۇيۇقسىز كاللىسىدا: ئەگەر يوپكىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ بوتۇلكا ياسىسا جەزمەن ئالاھىدە بىر ئۇسلۇپ بولىدۇ، دېگەن ئوي پەيدا بوپتۇ.

ئۇچرىششتىن كېيىنلا ئۇ تېزدىن بۇ يوپكىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ ئۆز قولى بىلەن بوتۇلكىنىڭ چىرتيوژىنى لايىھەلەپ چىقىپتۇ. بۇ خىل بوتۇلكىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى گۈزەل بولۇپلا قالماستىن، تۇتقاندا ئاسانلىقچە سىيرىلىپ كەتمەسلىكتەك ئالاھىدىلىكى بولغاچقا ھەمدە بوتۇلكىدىكى سۇيۇقلۇق قارىماققا ئەمەلىيەتتىكىدىن كۆپ كۆرۈنگەچكە، بىر نەچچە چوڭ ئىچىملىك شىركەتلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ھەم 1923-يىلى كوكاكولا شىركىتى بۇ خەۋەرنى بىلىپ، 6 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا لۇتوۋنىڭ بوتۇلكىسىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى سېتىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ قىزىقارلىق لايىھەسى بىلەن بىر كېچىدىلا نام چىقىرىپ ياش بايغا ئايلىنىپتۇ .

كىشىلەر دائىم بەزى بىر باي بولۇش پۇرسەتلىرىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ . بۇ خىل ئەپسۇسلىنىش نۇرغۇن كىشىلەردە بايلىقنى بايقايدىغان كۆز

كەملىكىدىن بولغان . نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى نىمە؟ نامراتلار دائىم كۆز ئالدىدىكى ئېرىشكەن ۋە يوقاتقىنىنىلا كۆرىدۇ. بايلار ئەكسىچە كەلگۈسى مەنپەئەتنى مۇھىم بىلىدۇ. لۇتوۋ بايقىيالايدىغان كۆزى بىلەن مەسىلىگە قارىغان. ھەمدە ئۇنىڭدىن سودا پۇرسىتىنى قېزىپ چىققان. ھەم ئۆزىگە تەۋە بولغان بايلىقنى ياراتقان .

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نامراتلارنىڭ نامراتلىقى ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىق بولماستىن، بەلكى ئاساسلىقى روھى ۋە ئەقلى نامراتلىق. ھەقىقى بايلار پەقەتلا كۆرۈنۈشتىكى ماددى بايلىقى ۋە پۇلى كۆپ بايلار ئەمەس. بايلار ئەقىللىق. ھەر دائىم ئىشنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى كۆرەلەيدۇ. كەلگۈسى مەنپەئەتكە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان تۈزىدۇ. نامراتلار شۇنىڭ ئۈچۈن نامراتكى، ئۇلار ئىشنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئويلاشمايدۇ.

نامراتلار پەقەت كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. لىكىن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ۋاقىتلىق بولۇپ، يەنىلا ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان تۈزگەن ياخشى. كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا ئېسىلىۋالسا، تۈگمىنى دەپ تۈگىدىن قۇرۇق قالىدۇ. بايلار كەلگۈسى مەنپەئەتنى مۇھىم بىلىدۇ. كەلگۈسى قىممەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەقەت يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنى ئويلاشقاندا ئاندىن ھەقىقى غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ.

### ★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نەزەر دائىرىسى تار، پەقەت كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم مەڭگۈ ھەقىقى باي بولالمايدۇ. شۇڭا غەلىبە قىلىشنى ئويلايدىكەنمىز يىراققا نەزەر سېلىشىمىز، تەپەككۇرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا بايلىق ئاندىن سىزگە يېقىنلايدۇ. سىزمۇ نامراتتىن بايغا ئايلىنىسىز. ئاخىرىدا بايلار سېپىگە قوشۇلىسىز.

# بايلار ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش قىلىدۇ، نامراتلار نەتىجىگە قاراپ ئىش قىلىدۇ

21 ـ ئەسىر ئادەمنىڭ ئەملى كۈچى، نەزەر دائىرىسى، ئىقتىدارىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ماددى بايلىقلار مول، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىۋاتقان دەۋر. بۇ دەۋردە ئەگەر دەۋر قەدىمىگە يېتىشەلمىسىڭىز دەۋر تەرپىدىن شاللىنىسىز. ئەگەر دەۋرگە ئەگىشىپ ماڭالىسىڭىز، ھەتتا دەۋرنى باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلىسىڭىز، ئۇ ھالدا ئېنىقكى سىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بايغا ئايلىنىسىز .

ھېچكىم تۇغۇلىشىدىنلا نامرات ئەمەس. ئوخشاشلا ھېچكىم توغۇلىشىدىنلا بايمۇ ئەمەس. گەرچە بەزىلەر ھازىر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سايىسىدا يايراۋاتقان بايۋەتچە بولسىمۇ ئەگەر تىرىشمىسا، ئاتا ـ ئانىسى تېپىپ بەرگەننى يەپ ياشىسا، ھامان بىر كۈنى ھەممىنى ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىدۇ. يەنە بۇنداق «باي» ھەرگىزمۇ ھەقىقى باي ھىسابلانمايدۇ. ھەقىقى بايلار ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش قىلىدۇ. ئۇلار يىراقنى پىلانلايدۇ. يىراقنى كۆرىدۇ. ئاددى ئىشلاردىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەر كۆرەلمەيدىغان ۋەزىيەت ئۆزگىرىشنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلار كاللىسىدىكى بىلىمنى ئىشقا سېلىپ ۋەزىيەتنى تەپسىلى تەھلىل قىلىدۇ. ھەمدە تەتقىق قىلىپ ئاخىرىدا توغرا بىر يەكۈن چىقىرىدۇ.

نەتىجىگە قارىغاندا، بايلار ئىشنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ.

لېكىن نامراتلارچۇ؟ ئۇلار پەقەت نەتىجىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەگەر نەتىجە ئۇلارغا پايدا بېرىدىغاندەك ھېس قىلسا ئىككىلەنمەيلا بېرىپ بۇ ئىشنى قىلىدۇ. ئىشنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۆنىنىشنى ئويلاشمايدۇ. بۇ بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە كۆز قارىشىدىكى ئوخشمايدىغان تەرەپلەر. تەپەككۇر ئۇسۇلى چىقىش يۆلىنى ئۆزگەرتىدۇ. كۆز قاراش باي نامراتلىقنى بەلگىلەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ نامرات بولۇشى پەقەت ماددى جەھەتتىكى نامراتلىق ئەمەس. كۆپىنچە كىشلەرنىڭ كاللىسى نامرات. كىشلەردە ئاۋال باي بولۇش ئىستىكى ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان

ئىرادە بولۇشى كېرەك. ئاندىن ئۇلار بايلاردەك ياشىيالايدۇ .

ۋەزىيەت نەزەرىيىسىدىن قارىغاندا ، بىر تىپىك ھەرىكەتكە يۈزلىنىش جەريانى بىر قاتار مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاۋال، ۋەزىيەت تەرەققىياتىدا نىشان بىكىتىش كېرەك. نىشان بىكىتىلىسىلا بۇ بىكىتىش ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋەزىيەت شەكىللىنىش ۋە كۈچىيىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، كۆپ قېتىم گۇمان پەيدا بولىدۇ. لىكىن يەنە كۆپ قېتىم يوقىلىدۇ. ئاخىرىدا ئەگەر كۆپ قېتىم گۇمانلانغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئاۋالقىدەك بولسا، ئۇنداقتا ۋەزىيەتتە يېڭى بىر تېزلىشىش جەريانى پەيدا بولىدۇ . ئارقىدىنلا، بازاردا چەكتىن ئاشقان ھادىسە شەكىللىنىدۇ . بازار نورمالسىز ھالەتكە كىرىدۇ . بۇ يۇقىرى دولقۇننىڭ يېتىپ كېلىشىنىڭ بىشارىتىدۇر . ئەڭ ئاخىرىدا كىشىلەرنىڭ بازارغا بولغان كۆز قارىشى بىرلىككە كېلىدۇ . لېكىن بازار ئاۋالقىدەك ھالىتىدە تۇرىۋېرىدۇ . بازار دائىم تۇيۇنغانلىقتىن ئاسانلا چەكتىن ئاچقان ھالەت بارلىققا كېلىدۇ. بەزى ۋاقىتتا بازار باھاسى كۆرۈنۈشتىلا ئەكىس ئەتمەي، باھانىڭ تەۋرىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ .

بايلار بۇ خىل تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆرىدۇ ھەم خىيىم-خەتەر كۇرۇلسە ئاكتىپ تاقابىل تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بايقىغان يۈزلىنىش بۇيىچە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ. ھەمدە ئۇلار باشلىغان ئىش ھەممىشە ئاددىي ئادەملەر ھېس قىلمىغان ئىش بولىدۇ .چۈنكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ پاراستىنى بېسىپ چۈشكىدەك سەزگۈسى يوق . تەپەككۇرى ئاددى نامراتلار پەقەت بايلارنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ . ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش قىلىش بايلارنىڭ تاللىشى. نەتىجىگە قاراپ ئىش قىلىش نامراتلارنىڭ ئۇسۇلى. نامراتلىق ۋە بايلىق ئوخشاش بولمىغان تاللاش ئىچىدىن ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرگە تەقسىملەنگەن .

پۇل تاختاي تىجارىتى قىلىدىغان ۋاڭ شۇەنشاڭ تىجارىتىنىڭ بارغانسىرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەننەرخىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئامالسىز دۇكىنىنى ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جەنۇپتا قىش كىرگەچكە ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى . ئۆينىڭ ھەممە يېرىدىن يامغۇر

تامچىسى ئۆتمەكتە، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ھاۋا تەڭشىگۈچمۇ قېيىشقاندەك مۇشۇ ۋاقىتتا بۇزۇلۇپ قالدى . ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇغۇم ياللۇغى ۋە شامالدارىش كېسىلى بولۇپ، قىش كەلسىلا كېسەلنىڭ قىينىشىغا ئۇچرايتتى. قوش زەربىگە ئۇچرىغان ۋاڭ شۇەنشاڭنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم ئىدى .

بىر كۈنى ئۇ بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئوخشاشلا قىش بولسىمۇ دوستىنىڭ ئۆيى باھاردەك ئىللىق ئىدى . جەنۇپتا بىردەك پار يوقلۇقىنى بىلىدىغان ۋاڭ شۇەنشاڭ پۈتىنىڭ ئاستىدىن كېلىۋاتقان ئىسسىقنى ھېس قىلغان ھەمدە دەرھاللا دوستىدىن سوراۋشتۇرگەن ۋە نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇمۇ ئۆيىگە ئاستىدىن ئىسىيدىغان سېلىنجا پار ئورناتقان. كېيىن ئۇ يەنە بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ سوغۇقنىڭ قىينىشىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كاللىسىدا دەرھال بىر ئوي پەيدا بولغان .شۇنداق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئاستىدىن ئىسىيدىغان سېلىنجا پارنىڭ تارماق دۇكىنىنى ئاچقان . ئەينى چاغدا ئۇنىڭدا 30مىڭ سومدىن كۆپرەكلا پۇل بار ئىدى . سېلىنما ئاز،ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى بۇ تىجارەتنى قىلىپ باقمىغاچقا ئۇ ئۆزىمۇ بۇ سودىنىڭ مۇنداق ياخشى بولىشىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمىغان. ئەمما ئۇ سېلىنجا پارنىڭ بازار يۈزلىنىشىنى توغرا كۆرگەنىدى. شۇڭا بۇ سودىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى .

نەم ھەم سوغۇق بولغان جەنۇبى جوڭگونىڭ قىش پەسلىگە نىسبەتەن سېلىنجا پارنىڭ چەكسىز سودا پۇرستى بار بولۇپ، نۇرغۇن جەنۇپلۇقلار شىمالدىكىگە ئوخشاش پار بىلەن تەمىنلىنىشنى، ئىللىق ئازادە ئۆيدە قىشنى ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلاتتى . شۇڭا سېلىنجا پار بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا ئۇ نۇرغۇن زاكاس تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە مال تەمىنلەش بۆلۈمگە زاكاس يوللايتتى . ئارقىدىن مالنى ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىم سېلىنغان ئازغىنە مەبلەغ ئۇنى شۇ يەردىكى داڭلىق زەنجىرسىمان دۇكاننىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ ئىشلىرى بارغانسىرى گۈللەندى، نۇرغۇن كىرىمگە ئېرىشتى .

ئىلگىرى سودا ناچار بولغانلىقتىن دۇكىنىنى ئۆتكۈزىۋەتكەن ۋاڭ شۇەنشاڭنىڭ بۇنداق غەلىبىگە

ئېرىشىشىنىڭ سەۋەبى ئۇ سىلىنجا پارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توغرا كۆرەلىگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، سودىسىنى داۋاملاشتۇرغان. ئەگەر دەسلەپتە دوستىنىڭ ئۆيىدىكى سىلىنجا پارنى كۆرۈپ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرمىگەن بولسا ياكى بۇ پارنىڭ جەنۇپتىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بايقىمىغان بولسا، ئۇ ھازىرمۇ ئاۋالقىدەك ئۆيى ئىسسىماي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كېسىلى قايتا قوزغىلىش، تىجارىتى ناچارلىشىش، كىرىم مەنبەسى بولماسلىقنىڭ باش ئاغرىقىدا يۈرگەن بولاتتى. بىراق ئۇ ۋەزىيەتنى ۋە سودا پۇرسىتىنى توغرا كۆرەلىدى ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. مانا بۇ بايلارنىڭ ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش قىلىشى ئەكەلگەن بايلىق .

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلار نەتىجىگە قاراپ ئىش قىلىدۇ. نەتىجىگە بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەكسىچە جەرياننىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. بايلار ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش قىلىدۇ. بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئۈزۈلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلىشىدۇ. مەيلى سودا قىلىش ياكى باشقا ئىش قىلىش بولسۇن، ئاۋال ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ ئاندىن ئىش قىلىش كېرەك. پەقەت نەتىجىنىلا ئويلاپ ۋەزىيەتكە ماسلاشمىسا ھەرگىز بولمايدۇ.

# نامراتلار ھەمىشە مۇتەئەسسىپ، بايلار مۇۋاپىق ھالدا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدۇ

سىز مۇتەئەسسىپمۇ ياكى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغۇچىمۇ؟ بۇ مەسىلىگە قارىتا سىزنىڭ بەرگىنىڭىز باي ياكى نامرات بولۇشىڭىزغا جاۋاپ بولىدۇ.

ئادەتتىكى ئادەملەر ئىش قىلسا مۇتەئەسسىپراق كېلىدۇ. ئۇلار مۇتەئەسسىپلىكنى ئېھتىياتچانلىق دەپ قارايدۇ. خەتەردىن يىراق تۇرۇش، پايدىغىلا تۇرۇپ خەتەردىن ساقلىنىدىغان ئىش قىلىش ئۇسۇلى كىشىنى خاتىرجەم قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. مۇتەئەسسىپ كىشى بوران-چاپقۇندىن قورقىدۇ. كىچىككىنە ئاۋارىچىلىقمۇ ئۇلارنى باش ئەگدۈرىدۇ. ئۇلار بىر ئۆمۈر پاراخوت ياكى ئايروپىلانغا ئولتۇرماسلىقتا رازىكى پەقەت پاراخوتنىڭ چۆكۈپ كېتىشى ياكى ئايروپىلاننىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنىلا ئويلايدۇ. ئەلۋەتتە بۇ پەقەت مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ پىسخىك ھالىتىنىڭ مىسالى.

مۇناسىپ ھالدا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالايدىغان كىشىلەر يۈرەكلىك، جاسارىتى بار كىشىلەردۇر. ئۇلار بوران-چاپقۇنلاردىن قورقمايدۇ. مۇۋاپىق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ئېلىپ كەلگەن ھەيرانلىق ۋە زەربە تۇيغۇسىنى ياقتۇرىدۇ. خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالايدىغان ئادەممۇ دوغا تىكىش، تەلىيىنى سىناپ بېقىش خارەكتېرى بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق دوغا تىكىش قارىغۇلارچە ۋە مەقسەت مۇددىئاسىز ئەمەس. ئۇلارنىڭ دوغا تىككىنى غەلبە، بايلىق.

بىر ئادەمنىڭ غەلبە قىلىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يۈرەكلىك بولۇش ۋە جاسارەت . ئەگەر بۇ ئىككىسى بولمىسا ھېچنەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . كىشلىك ھايات قىمارغا ئوخشايدۇ . ئىنسان مۇئەييەن بىر يولنى تاللىغانكەن جەزمەن ئۆزىدە بارىنى دوغا تىكىش كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇپ نىشاندىن ئېزىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ . دوغا تىكىشمۇ بىرخىل خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشتۇر .

ئەگەر ئادەتتىكى كىشىلەر سودا قىلىشنى، سودا دېڭىزىدا ئۈزۈشنى ئويلىسا، ئەمما غەلبە ۋە

مەغلۇبىيەتكە ئەركىن مۇئامىلە قىلالمىسا، سودا دېڭىزىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىشى قىيىن بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى يېڭىش ـ يېڭىلىش بىردەملىك نۇسرەت ۋە مەغلۇبىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ . بۈگۈن پۇل تاپقىنىمىز مەڭگۈ تاپىدىغانلىقىمىزغا باراۋەر ئەمەس . بۈگۈن زىيان تارتىشىمۇ مەڭگۈ زىيان تارتقانلىقىمىزغا باراۋەر ئەمەس ، ھەممىسى پەقەت ۋاقىتلىق مەسىلە. ھەرقانداق ۋاقىتتا يۈرەكلىك بولۇش بىر ئادەمدىكى ئەڭ مۇھىم پەزىلەت . ئادەم ھەرقانداق ئىشتا ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرسىلا غەلىبە قىلالىشى مۇمكىن. سودا قىلىش ۋە ئادەم بولۇشمۇ ئوخشاش. چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا ھەرقانداق ئىش قىلىش ئوخشاش بىر قائىدىگە چۈشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا پەقەت سودا دېڭىزىدىكى جەڭ مەيدانىدىن جەسۇرلۇق بىلەن ئۆزۈپ چىققاندىلا ئاندىن روناق تېپىپ باي بولغىلى بولىدۇ.

لوچىياڭخۇا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزى بىر خىزمەت تاپتى. پىراكتىكا قىلغاندىن ھازىرغىچە 3 يىل جاپالىق ئىشلىدى. گەرچە ئۇ ئىزچىل تىرىشقان، رەھبەرلىك ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى كۆرگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ زادى نېمىشقا ئۆستۈرۈلمىگەنلىكىنى چۈشەنمىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئوغۇرلىقچە شىركەت باش مۇدىرىغا بىر پارچە خەت يازدى. خەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى قىلىۋاتقان خىزمىتىنى چۈشەندۈرگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنىمۇ تەپسىلى بايان قىلغان. ئارقىدىنلا ئۇ خەتتە باش لىدىردىن يەنە بىر نەچچە مەسىلىنى سورىغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بىرى بولسا: «مەن تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تېخىمۇ مۇھىم خىزمەت ئىشلىسەم بولامدۇ؟» دىگەن سوئال ئىدى. بۇ خەتنى ئەۋەتىپ ئۆزۈن ئۆتمەي لوچىياڭ بۇ ئىشنى پاكپاكىز ئۇنتۇپ كەتتى . چۈنكى ئۇ باش لىدىر بەك ئالدىراش، مەندەك ئاددى خىزمەتچىگە قارايدىغانغا ۋاقتى يوق دەپ ئويلىغاندى.

ئويلىمىغان يەردىن لوچىياڭ باش لىدىردىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە باش لىدىر ئۇنىڭغا بىر نەچچە سوئال قويغاندىن سىرت يەنە بىر نەچچە ماشىنا قوراشتۇرۇش چىرتيوژنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنى يېڭى زاۋۇتنىڭ ئۇسكۇنىسىنى قۇراشتۇرۇشنى نازارەت قىلىشقا بۇيرىغان ئىدى. ۋەزىپىنى تاماملاش ۋاقتى قىسقا بولغانلىقتىن، بۇ جەھەتتىكى بىلىمنى ئۆگىنىپ باقمىغان

لوچىياڭ ئىنتايىن قىينالدى. لېكىن ئۇ بۇ پۇرسەتتىن ۋاز كەچمىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ دەرھال چىرتىيوژنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپلا كەتتى. چۈشەنمىگەنلىرىنى بىلىدىغانلاردىن كەمتەرلىك بىلەن سورىدى. ئاخىرى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيىسىگە تايىنىپ ۋەزىپىنى ئىنتايىن ياخشى تاماملىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي لوچىياڭ باش لىدىرنىڭ ئۆزىنى يېڭى زاۋۇتنىڭ باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ بىر ھازا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. باش لىدىر ھاڭۋاقتىلارچە تۇرغان لوچىياڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە چۈشەندۈردى: «مېنىڭ بىلىشىمچە، سىز ئۇ چىرتىيوژغا نىسبەتەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسىز. لېكىن سىز يەنىلا قىلدىڭىز. بۇ سىزنىڭ پەقەت باش دىرېكتور بولۇش ئىقتىدارىڭىزلا ئەمەس، يەنە يېڭى بىلىملەرنى تېز ئىگىلەش ئىقتىدارىڭىزنى ھازىرلىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز خىزمىتىڭىزدە مەندىن يۇقىرى ئورۇن ۋە يۇقىرى مائاش تەلەپ قىلغاندا، مەن سىزنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان جاسارەتلىك ياش ئىكەنلىكىڭىزنى بايقىغان. ھازىر يېڭى شىركەت يارامىلىق بىر باش دىرېكتورغا ئېھتىياجلىق. شۇڭا سىز ئەڭ ياخشى نامزات. سىزنى تەبرىكلەيمەن !»

كىشىلەر ھەرقانداق ئىش قىلغاندا يۈرەكلىك ۋە جاسارەتلىك بولۇشقا مۇھتاج . نامراتلار مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئىش قىلىدۇ ، شۇڭا چوڭ نەتىنجىلەرنى قازىنالمايدۇ . پەقەت ئويلاشقا، قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغانلارلا ئۆزىگە تەۋە بولغان پۇرسەتنى يارىتالايدۇ ۋە ئاخىرىدا بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ .

ياپونىيە سوڭشىيا گورۇھى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل دەل ئىقتىسادىي كىرىزىس بولۇۋاتقان، بازار ھالسىزلانغان، سېتىش قىيىن بولغان مەزگىل بولۇپ، مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا دۈچ كەلگەنلىكتىن تاقىلىپ قېلىش خەۋپىگە يۈزلەنگەن. قانداق قىلغاندا بۇ كىچىك زاۋۇتنى كىرىزىستىن ساقلاپ قالغىلى، مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلغىلى، مەھسۇلاتلارنى سېتىپ چىقارغىلى بولىدۇ؟ نۇرغۇن ئويلىشىش، پايدا زىياننى ئۆلچەش ئارقىلىق ئۇلار ئاخىر ئون مىڭ دانە لامپۇچكا ئارقىلىق

مەسىۇلاتلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى قارار قىلغان. ھەم تەشۋىقات لاھىيەسى ۋە ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق بۇ لامپۇچكىلار ئۈچۈن سېتىش يولىنى ئاچقان .

كېيىن ئۇلار گاڭشىيەن باتارىيە شىركىتى بىلەن ھەمكارلاشقان ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىنتايىن ئەمەلىي ھەم ياخشى ئىشلىگەن. بۇ خىل ئۆز ـ ئارا تولۇقلاپ تەشۋىق قىلىش باتارىيە ۋە لامپۇچكىنىڭ سېتىلىش سۈرئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. نەتىجىدە ھازىرقى سوڭشىيا گورۇھىنىڭ ئاساسى بولغان بۇ كىچىك زاۋۇتمۇ خەتەردىن ئامان قالغان .

10 مىڭ دانە لامپۇچكىنى ھەقسىز تارقىتىش ئارقىلىق سېتىش تەشۋىقاتى قىلىش ئۇسۇلى، ئەمدىلا ئىش باشلىغان ھەمدە ئىقتىسادى كىرىزىس ھالىتىدىكى بۇ كىچىك زاۋۇتقا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ قاپ يۈرەكلىك بىلەن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان ھەرىكەت. لىكىن بۇنداق قىينچىلىققا يۈزلەنگەن ئاشۇ ۋاقىتتا شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغۇچىلار. ئۇلار ئەڭ مۇشەققەتلىك ئەھۋالدىمۇ ئۆزىنىڭ جاسارىتى،پاراستى ۋە تەۋەككۇلچىلىك روھىغا تايىنىپ چىقىش يولىنى تاپالايدۇ.

شۇڭا ئەگەر ئىشىڭىزدا نەتىجە قازىنىمەن دەيدىكەنسىز، ئۆزىڭىزدىكى بوشاشماي ئىرىشىش ئىرادىڭىزگە تايىنىشىڭىز كېرەك . بۇ جەرياندا قىينچىلىققا ئۇچراشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بايلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ. لېكىن نامراتلار قەدىمىنى توختىتىدۇ ، باش ئايىغى يوق ئىش قىلىدۇ ، ئاخىرىدا مەغلۇپ بولىدۇ .

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

كىشىلەر تۇرمۇشتىكى خىرىسلارغا ئەقلى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئىشلارنى بەك مۇرەككەپ ئويلىۋالماسلىقى، بەك ئاددىيمۇ ئويلىۋالماسلىقى، ئىش قىلىش بىلەن بىرگە ئۆگىنىشنىمۇ داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. قەيسەر كىشىلەرنىڭ ئىتىقادى بولىدۇ. ئىتىقادى بار ئادەم ھەرىكەت باشلىسا ئۇنىڭدىكى ئېتىقاد ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولىدۇ . نۇرغۇن ۋاقىتتا بىز غەلىبە قازىنالمايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى ئىقتىدار ۋە پۇرسەتنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، بەلكى سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىدىغان يۈرەك ۋە جاسارەتنىڭ يوقلۇقىدا.

# بايلار پۇل تاپالايدۇ، خەجلەشنىمۇ بىلىدۇ

بايلار پۇل خەجلەشنى بىلىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ خەجلىگەن پۇلى پۇل تۇغالايدۇ؛ نامراتلار پۇل خەجلەشنى بىلمەيدۇ. نامراتلارنىڭ پۇل خەجلەش ئىدىيىسى تېجىيەلىگەندەك بولسىلا تېجەش. نامراتلار نەرسە سېتىۋالغاندا باھاسى ئەڭ تۆۋەننى سېتىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن باھاسى تۆۋەن مەھسۇلاتنىڭ دائىم سۈپىتى ياخشى ئەمەس. نامراتلار بۇلارغا ئېتىبار بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ماددى ئاساسىمۇ پەقەت باھاسى تۆۋەن نەرسىلەرنىلا سېتىۋېلىشنى بەلگىلىگەن.

بايلارنىڭ پۇلى بار. پۇلى بار بولۇش ياخشى ئىش. لېكىن بار پۇلنى خەجلىيەلىسە ئاندىن تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئىنچىكە ھېساپ قىلىدىغان ۋېنجۇ سودىگەرلىرىنىڭ قارىشىچە، 1 يۈەن خەجلىسە شۇ بىر يۈەننىڭ 10% ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ پۇل ئىشلىتىش سەنئىتىگە قارىتا ئۆزگىچە كۆز قارىشى بار. بىر جەھەتتىن ئۇلار مەبلەغ سېلىش تۈرىنى كۆرگەندە ھەرگىز ھاماقەتلىك قىلمايدۇ. پۇل پۇلنى تۇغىدىغان پۇل ئىشلەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار ئىنچىكە پىلانلاپ، پۇلنىڭ سانى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ خالىغانچە ئىسراپ قىلىۋەتمەيدۇ.

بايلار پۇل تاپالايدۇ ،پۇل خەجلەشنىمۇ بىلىدۇ . گەرچە بۇ بىر جۈملە سۆز قارىماققا ئاززاق زىتتەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس .بەزىلەر بايلارنىڭ پۇل خەجلىشى ئۇلاردا پۇل بولغانلىقىدىن دەپ قارايدۇ. ئەمما قارايدىغان بولساق ،دائىم پۇل خەجلىيەلەيدىغان بايلارنىڭ پۇلىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ يەردىكى «پۇل خەجلەشنى بىلىش» ھېچنىمىنى ئويلىمايلا قالايمىقان پۇل خەجلەشنى ئەمەس، بەلكى باشقىلار بىلەن تەڭ مىقداردىكى پۇلنى خەجلەپ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە تېخىمۇ چوڭ مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ.

پۇل تېپىشقا كەلسەك، يەھۇدىيلارنىڭ پۇل تېپىش ئىقتىدارىنى دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە يەھۇدىيلار پۇل خەجلەشنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. تېز سۈرئەتتە باي بولۇش ئۈچۈن، يەھۇدىيلارنىڭ

دائىملىق ئۇسۇلى پۇل مۇئامىلە كەسپى ياكى باشقا مەبلەغ تېز ئايلىنىدىغان كەسپلەرگە مەبلەغ سېلىش بولۇپ، ئۇلار 78% زېھنى ۋە دىققىتىنى «پۇل تۇغدۇرۇش» قا قاراتقان. يەھۇدىيلار ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە ئايلىنىپ يۈرىدۇ:

بىر ئادەم ئېچىلغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ھەشەمەتلىك تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا بۇ سارايدىكى ماللارنى قىزىقسىنىپ كۆرۈۋاتقان ئىكەن. بۇ چاغدا يېقىنلا يەردە سىگارىت چىشلەپ تۇرغان بىر ئەپەندىم ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ .بۇ ئادەم مېڭىش ئالدىدا ئۇ ئەپەندىدىن قىزىققان ھالدا: «ئەپەندى، سىزنىڭ سىگارتىڭىز ناھايىتى خۇش پۇراق ئىكەن،چۇقۇم بەك قىممەتتۇ ـ ھە؟» دەپ سوراپتۇ. سىگارت چىشلىۋالغان ئەپەندىم كۈلۈپ تۇرۇپ :«ئانچە قىممەتمۇ ئەمەس ، بىر ـ ئىككى دوللار» دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ. بۇ ئادەم ھەيران قېلىپ يەنە سوراپتۇ: «ئۇنداقتا سىز بىر كۈندە قانچە تال چېكىسىز؟» ، سىگارت چىشلىۋالغان ئادەم جاۋاپ بىرىپتۇ :«10تال» . «ۋاي تەڭرىم! قانچىلىك ئۇزۇن بولدى؟» ،«30يىل ئاۋاللا چېكەتتىم» ،«ۋاي ئاللا، سىز تەپسىلىي ھىسابلاپ بېقىڭ، ئەگەر سىز چەكمىگەن بولسىڭىز ئۇ پۇللارغا مۇشۇ تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىنى سېتىۋالغىلى بولاتتىكەن!» . سىگارت چىشلىگەن ئادەم قايتۇرۇپ سوراپتۇ:«بۇ دىگىنىڭىزگە قارىغاندا، سىزمۇ تاماكا چىكىشنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟» ، بۇ ئادەم جاۋاپ بىرىپتۇ : «مەن چەكمەيمەن». سىگارت چىشلىگەن ئادەم يەنە سوراپتۇ: «ئۇنداقتا سىز بۇ سودا سارىيىنى سېتىۋالدىڭىزمۇ؟» ئۇ ئادەم يەنە جاۋاپ بېرىپتۇ:«ياق» . سىگارت چىشلىگەن ئادەم كۈلۈپ تۇرۇپ دەپتۇ :«سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرغان بۇ سودا سارايي مىنىڭ» .

نامراتلار ھەمىشە قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ پۇلنى تېجەپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېسابلايدۇ. بۇ قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ ھۇسۇلغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىغانغا يەتمەيدۇ. مەيلى قايسى دەۋر بولسۇن، بايلار قانداق پۇل تېپىشنى باش قاتۇرۇپ ئويلايدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت تېجىگەن پۇل بىلەن باي بولغىلى بولمايدىغاننى بىلىدۇ.

بايلار پۇل خەجلىسە نامراتلارغا ئوخشاش ئېھتىيات قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. نامراتلارغا ئوخشاش

سەي سېتىۋالغاندا نەچچە موچەننى ئارتۇق خەجلىگىنى ئۈچۈن نەچچە مىليوننى يۈتتۈرىۋەتكەنگە ئوخشاش توختىماي ۋالاقشىيدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلمايدۇ. بايلار پۇل تېپىشنى بىلىدۇ. پۇل خەجلەشنى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك بىلىدۇ. بايلارنىڭ پۇل خەجلەشتە مەلۇم مەقسىتى بار. ئۇلار پۇل خەجلەش ئۈچۈنلا پۇل خەجلىمەيدۇ. بايلار 100 يۈەن خەجلىسە 1000 يۈەن تېپىشنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تېپىشنى ئىرادە قىلىدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا بايلار پۇل خەجلەشنى بىلىدۇ. ئۇلار خەجلىگەن پۇل ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن نامراتلار ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى خەجلىگەن پۇلدىن پۇل تېپىش ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ ئاز پۇل خەجلەپ ئۆزى رازى بولغىدەك نەرسە سېتىۋېلىش . ئۇلار سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. نەچچە يۈەننى تېجىگىنىنى، نەچچە پۇل تاپقىنىنى ھىسابلايدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ ئالدىغىنى خالاس . تېجىگەن پۇل ھامان خەجلىنىپ كېتىدۇ . شۇڭا پۇلنى تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، تېخىمۇ قىممىتى بار ئورۇنغا خەجلىگەنگە يەتمەيدۇ. پۇل تېجەش پۇل تېپىش ئەمەس. نامراتلار تېجىگەن پۇلنى بانكىغا قويىدۇ. بايلار بۇ پۇلنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا تىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ. شۇڭا نامراتلار تېجىگەنسىرى نامراتلىشىدۇ. بايلار خەجلىگەنسىرى باي بولىدۇ.

بايلارنىڭ پۇل تاپالىشى ئەقىللىق كاللىسى بولغانلىقىدا، شەيئىنىڭ قىممىتىنى بايقىغانلىقىدا. يەھۇدىيلار ئىلگىرى مۇنداق بىر ئوبرازلىق تەمسىل كەلتۈرگەن: بىر دانە بۇغداينىڭ ئۈچ خىل تەقدىرى بار. بىرىنچىسى، ئۇنىغا ئايلىنىدۇ . كىشىلەر تەرىپىدىن يەۋېتىلىدۇ ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛ ئىككىنچىسى ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغاندىن كېيىن يېڭى ئۇرۇق تۇتىدۇ. يېڭى بىر قىممەتنى يارىتىدۇ؛ ئۈچىنچىسى ياخشى ساقلىمىغانلىقتىن سۇپىتى ئۆزگىرىپ قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئۇرۇقنىڭ ئىككىنچى خىل تەقدىرى ئەڭ ياخشى نەتىجە. بۇ خىل تەقدىر نۇرغۇن ۋېنجۇلۇقلار قوغلىشىدىغان نىشان.

شىنجاڭ شىخەنزە شەھرىدىكى بىر ۋەيران بولغان سودا سارىيى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلىپ، بىر

ۋېنجوۋلۇق سودىگەر تەرىپىدىن 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە سېتىۋېلىندى. ئۇ بۇ كونا سودا سارايىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن بىرئاز ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. يەنى بىرىنچى قەۋىتىنىھەر بىرى 130 كۋادرات مېتىردىن كېلىدىغان يەتتە يۈرۈش ئېسىل تاماقخانا قىلىپ ئۆزگەرتىپ ھەر بىرسىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى 700مىڭدىن 800مىڭ يۈەنگىچە بېكىتتى . ئىككىنچى قەۋىتىنى ئۇششاق يېمەكلىكلەر مەيدانى قىلىپ «مېزىلىك تائاملار كوچىسى» دەپ نام بەردى .بىنانىڭ ئازادە كەينى ھويلىسىنى كۆكتات ۋە قۇشقۇمچە يېمەكلىكلەر بازىرى قىلىپ ، كۆكتات يايمىسىغا خېرىدار چاقىردى. كەينى ھويلىنىڭ كىچىك ئىككى قەۋىتىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى كۆكتات، قۇشقۇمچە يېمەكلىكلەر دۇكىنى، ئىككىنچى قەۋىتى تورخانىغا ئۆزگەرتىلدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەيران بولغان سودا ساراي ۋېنجوۋلۇقنىڭ ئۆزگەرتىشى بىلەن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتى.

ۋېنجوۋلۇقلارنىڭ سودا قىلىشى ھەمىشە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ پۇل تېپىش ئۇسۇلىنى ۋە پۇل تاپالىشىنى ئەمىيەتكە ئۇيغۇن ئىش دەپ قارايدۇ. ئىقتىسادشۇناس چوڭ پىڭروڭ ئىلگىرى «ۋېنجوۋلۇقلارنىڭ روھى» نى: قۇرۇق قول ئىش باشلاپ جاپالىق كۆرەش قىلىدىغان ئىگىلىك تىكلەش روھى؛ ساقلىمايدىغان، تايانمايدىغان، ئۆزىگە تايىنىدىغان، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان روھ؛ جاھان كېزىپ ھەممە يەرنى ئۆيۈم دەيدىغان ئېچىش روھى؛ ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، ماھىر ئىجادچانلىق روھىدىن ئىبارەت تۆت جۈملىگە يىغىنچاقلىغان.

يۇقىرىقى ھېكايىدە، سودا سارىيى نېمە ئۈچۈن ۋەيران بولىدۇ؟ ئۇنىڭ سەۋەبى چۇقۇم كۆپ خىل . گەرچە سودا ساراي بولالمىسىمۇ بۇنداق چوڭ جاينىڭ ھەمىشە ئىشلىتىلىش ئورنى بولىدۇ . ئۇنى سېتىۋالغان ۋېنجوۋلۇق سودىگەر بۇ ۋەيران بولغان سودا سارىيىدىكى سودا پۇرستىنى كۆرگەن . بىر سودا سارىيىنى بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ كۆپ خىل ئىشلەتكەن. بىر پۇرچاقنىڭ ئۈچ خىل ئىشلىتىلىشى بار، بىر ۋەيران بولغان سودا سارىينىڭ كۆپ خىل ئىشلىتىلىشى بار . بۇ ۋېنجوۋلۇقلارنىڭ ئەقىل پاراستى. بايلاردا ئۇمۇملاشقان پۇل تېپىش تەجرىبىسى.

ھەقىقى بايلارنىڭ نەزىرىدە بەدەل تۆلەش ئەڭ ياخشى جاۋاپ قايتۇرۇش . بايلار ھەرگىز

نامراتلارغا ئوخشاش ئازراقلا پۇلى بولسا ئۆزىنى باي دىمەيدۇ . ئەقىللىق بايلار پۇلى بولغاندىن كېيىن بىر قىسىم پۇلنى جەمئىيەتكە جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئۇلار پاراۋانلىق ئارقىلىق جەمئىيەتكە ياردەم قىلىدۇ. جەمئىيەتنى تېخىمۇ ئىناق قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىدۇ . ھەقىقى بايلار پۇل تېپىش ئۈچۈن شەخسى مەنپەئەتنى دەپ كۆپچىلىكنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ. ئازراقلا پۇلى بولسا كۆز ـ كۆز قىلىدىغان ، ئىسراپ قىلىدىغانلار«قىزىپ قالغانلار» دىيىلىدۇ. ۋاقتىنچە بېيىسىمۇ بىر ئۆمۈر بېيىيالمايدۇ . ئۇلار ھەقىقى باي ئەمەس .

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

پۇل پەقەتلا بىر خىل قورال. كىشلىك ھاياتتىكى ئاخىرقى نىشان ئەمەس. ئەقىللىق بايلار ئېزىپ پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. ئوخشاش مىقداردىكى پۇلنىڭ ئوخشاش بولمىغان يەردە ئوخشاش بولمىغان قىممىتى بولىدۇ. شۇڭا نامراتلار بېيىيمەن دەيدىكەن كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش ئەلۋەتتە مۇھىم. لىكىن بايلىقنى باشقۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم . پەقەت پۇل مالنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقى باي بولغىلى بولىدۇ.

# نامراتلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدۇ، بايلار يىراقنى كۆرىدۇ

ئەگەر كىشىلەر بايلىققا ئېرىشىشنى ئويلىسا، بايلىققا ئېرىشىش جەريانىدا چوقۇم نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . لېكىن ئەڭ مۇھىم ئامىل مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قولىدا . يەنى كىشىلەرنىڭ باي بولۇش بولالماسلىقىنى ئۆزىدىكى ئامىل بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە يىراقنى كۆرۈش تولىمۇ مۇھىم ئامىل.

«قىزىل قالپاقلىق سودىگەر» خۇشۈشى ئىلگىرى مۇنداق دېگەن: «سودا قىلىشتا ئەڭ مۇھىم بولغىنى كۆرۈش ئىقتىدارى، بىرنى كۆرەلىسە بىر سودىنى قىلالايدۇ؛ كۆپنى كۆرسە كۆپ سودىنى قىلالايدۇ ؛ ئۆز يۇرتىنى كۆرەلىسە يۇرتىدىكى سودىنى قىلالايدۇ؛ چەتئەلنى كۆرەلىسە چەتئەلدىكى سودىنى قىلالايدۇ» .خۇشۈشنىڭ بۇ سۆزى «نەزەر دائىرىسى كەڭرى بولسا نەتىجىسىمۇ چوڭ بولىدۇ» دېگەن يەكۈننى كونكرېت چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سودا قىلىشقا ئوخشاش، بايلىق يىغىشمۇ ئوخشاشلا نەزەر دائىرىسى كەڭرى بولۇشقا ئېھتىياجلىق. شۇڭا بايلار نەزەر دائىرىسى كەڭ ۋە كەلگۈسى پىلانى بار ئادەملەردۇر.

بايلار يىراقنى كۆرىدۇ لېكىن بايلار بىلەن ئەكسىچە بولغىنى نامراتلار . نامراتلار پەقەت كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كۆرىدۇ . ئۇلارنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇلاردىكى ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ چەكلىكلىكى بولۇپ ، بۇ ھال نامراتلارنىڭ ئۆز پايدا ـ زىيىنىنىڭلا غېمىنى يەيدىغان تار دائىرىدىكى شەخسىيەتچى خارەكتېرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇڭا مۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەر قېتىملىق سودىسى ھەمىشە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . بايلارنىڭ يىراقنى كۆرەلىشى ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭ بولغانلىقىدىن . نامراتلار بىر غېرىچ ئارلىقنى كۆرسە ئۇلار بىر غۇلاچ ئارلىقمى كۆرىدۇ . دەل مۇشۇ بىر غېرىچ بىلەن بىر غۇلاچ ئارىسىدىكى پەرىق باي ـ نامراتلار ئارىسىدىكى غايەت زور پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

ستىۋېن.جوبس، ئامېرىكا ئالما شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، باش لىدىرى. ئۇنىڭ گەرچە شانۇ ـ

شەۋكەتلىك تارىخى بولمىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ نىكاھسىز بالا بولغانلىقىدىن نەچچە قېتىم باشقىلار تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغانلىقىنى، ئالىي مەكتەپتە 6 ئايلا ئوقۇيالىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغاندى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ بولالمىغان بولسىمۇ لېكىن جوبس ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەقىل پاراستىگە تايىنىپ ئالما شىركىتىنى قۇرغان.

جوبسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى ئۇنىڭ كەسپى تەرەققىياتى ۋە كارخانا باشقۇرۇشىدا كەلگۈسىگە بولغان كۆرۈش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان. ئۇ تۇرلۇك ئىشلار شىركىتىنىڭ باش لىدىرى جون.سكول ئالما شىركىتى تەيىنلىگەن باش ئىجرائىيە ئەمەلدارىغا ئورا كولىغان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن مۇنداق سورىغان: «سەن بىر ئۆمۈر بۇ خىل تاتلىق گازلىق سۇ سېتىشنى خالامسەن ياكى باشقا ئىش قىلىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى خالامسەن؟». چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن جوبس يىراقنى كۆرەلىگەنلىكىدىن كۆپچىلىكنىڭ ياقتۇرۇشىغا ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن يۇقىرى تېخنىكىلىق ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات ‹‹ ئالما ››ماركىسىنى ياراتقان .

ئادەم ئەگەر يىراقنى كۆرەلىسە ئۇنىڭ پارلاق كەلگۈسى بولىدۇ. يىراقنى كۆرەلمىسە پەقەت بۈگۈنلا بولىدۇ. نەزەر دائىرىسى تار بولۇش نامراتلارنىڭ نامرات بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى. نامراتلار يىراقنى كۆرەلمىگەنلىكتىن نەزەردىن ساقىت قىلمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ . پەقەت كۆز ئالدىدىكى پۇل ئېلىپ كەلگەن مەنپەئەتنىلا كۆرىدۇ. كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتكە ئىگە بولۇپ باي بولدۇم دەپ قارايدۇ. بۇ نېمىدىگەن ئەخمەقلىق، نېمىدىگەن كۈلكىلىك !

بايلارنىڭ يىراقنى كۆرەلىشى تەپەككۇرى ۋە ئەقلىنىڭ يىراقنى كۆرەلىگەنلىكى . ھەقىقى بايلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ئۈچۈن كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالمايدۇ . ھەقىقى بايلارنىڭ بايلىقى ھەرگىزمۇ نامراتلارنىڭ ئازابى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەمەس . ھەقىقى بايلار تەپەككۇرى، بىلىم سەۋىيىسى بار . ئۆزىدىكى بايلىق ئارقىلىق جەمئىيەتكە جاۋاپ قايتۇرۇشنى بىلىدىغان ، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى بىلەن باشقىلارغا ياردەم قىلىدىغان كىشىلەردۇر؛ ئۇلار ئۆزىنىڭ

بايلىقنى قانداق ئاساس ئۈستىگە قۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ . شۇڭا نامراتلار بېيىشنى ئويلىسا بايلارنىڭ بېيىش يولىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، كەلگۈسى مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك . چۈنكى كەلگۈسى تەرەققىيات ۋە مەنپەئەتنى كۆرەلەيدىغان ئالدىن كۆرۈش،پىلانلاش ئىقتىدارىنى ھازىرلىسا ئاندىن ئۇزاق مۇددەتلىك بايلىققا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئېلون ئەپەندى بىر قېتىم پويىزغا چىققان ۋاقىتتا سەپەرنى ئۇزۇن ۋە زېرىكىشلىك ھېس قىلغانلىقتىن بىر پارچە كىتاب سېتىۋېلىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغان. لىكىن ئەينى چاغدىكى لوندوندا پەقەت نەپىس قوي تېرىسى مۇقاۋىلىق كىتاب بار بولۇپ، بۇ خىل كىتابلارنىڭ باھاسى قىممەت بولغاچقا ، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئىسراپچىلىق ئىدى. ئامالسىزلىقتىن ئېلون ئەپەندىمۇ باشقا يولۇچىلارغا ئوخشاش باھاسىنى سوراپ بېقىپلا بولدى قىپتۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ كېتەي دەپ تۇرسا كىتاب باھاسىغا رازى بولمىغان يەنە بىر يولۇچى قاخشاپ: «مەن پەقەت كىتابنىڭ مەزمۇنىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلايمەن خالاس . ئۇنداق قىممەت قوي تېرىسى بىلەن قاپلاپ قويغاننىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟» دەپتۇ .

يولۇچىنىڭ بۇ سۆزى ئېلون ئەپەندىگە تەسىر قىپتۇ. بۇنداق قىممەت قوي تېرىسى مۇقاۋىلىق كىتاب باسماي، ئاددى مۇقاۋىلىق كىتاب نەشر قىلىپ ساتسا كۆپچىلىك كۆرگۈسى بار كىتاپلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋالالايدۇ. كىتاب باھاسىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئېلون ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ 100 فونستېرلىڭ پۇلىنى مەبلەغ سېلىپ، ئاددى مۇقاۋىلىق كىتاپنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ ئىشقا كىرىشىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن مەسخىرىلەرگە ئۇچراپتۇ. لىكىن ئۇ نىشاندىن ئىزچىل ۋاز كەچمەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئىشلىگەن تۇنجى ئاددى مۇقاۋىلىق كىتاب دۇنياغا كەپتۇ. مۇقاۋىسى ئاددى لىكىن مەزمۇنى ئاۋالقى بىلەن ئوخشاش سۈپەتلىك كىتاپلارنىڭ چىقىشى نۇرغۇن نەشرىياتلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئېلوننىڭ نىشانى ئاخىرى ئەمەلگە ئېشىپتۇ.

ئوقۇرمەنلەر پەقەت قوي تېرىسى مۇقاۋىلىق كىتاپ باھاسىنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك باھا بىلەن مەزمۇنى ئوخشاش كىتاپلارنى سېتىۋالالايدىغان بوپتۇ. بۇنداق كىتاپ ناھايىتى تېزلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، سېتىلىشمۇ بارغانسىرى ئېشىپتۇ.

يىتەرلىك تەييارلىق قىلغاندىن كيىن ئېلون يەنە كىتاپلىرىنىڭ ماركا لايىھەسگە تۇتۇش قىپتۇ . ماركا لاھىيەلەشتە دەسلەپ ئۇ بىر دېلفىننى سىزىپتۇ . ئۇنى تازا ئوخشىتالمىغاچقا كاتىپىنىڭ تەكلىپى بويىچە پىنگىۋىندىن بىرنى سىزىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوماق پىنگىۋىن ئاخىرى ئېلوننىڭ ئاددى مۇقاۋىلىق كىتابىنىڭ ماركىسىغا ئايلىنىپتۇ. 1935 - يىلى «پىنگىۋىن» ماركىسىدىكى كىتاپ بازارغا كىرىشكە باشلىغان ھەمدە «پىنگىۋىن» نەشرىيات شىركىتىمۇ لوندوندا رەسمى قۇرۇلغان. «پىنگىۋىن» نەشرىياتى غەرىپ نەشرىيات ساھەسىدىكى ئاددى مۇقاۋىلىق كىتاپ نەشرىياتچىلىقىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى بولۇپ قالغان .

بۇ بولسا نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغانلىقتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ باي بولغانلىق ھېكايىسى. ئېلوننىڭ غەلبىسى ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ،ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسى ئۇنىڭ مۇۋەپپىقىيىتىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ئۇ مەسىلە ئىچىدىن ئاچقۇچىنى بايقاپ، ئاچقۇچىنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ پىلانىنى تاماملىغان. پىنگىۋىن نەشرىياتىنىڭ غەلبىسى بىيىشنى ئويلىغان نامراتلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ كۆرۈش دائىرىسى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى، پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا شۇ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى بەلگىلەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ - تارلىقى ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق دىيىشكە بولۇدىكى ، بىر غەلبە قىلغان ياكى غەلبە يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلىۋاتقان ئادەم چوقۇم ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئادەم. ئۇ ئۆزىدە نېمىنىڭ كەملىكىنى، نىمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە توغرا ئورۇن بىكىتىشنى، ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى چۈشىنىشى، ئۆزىنىڭ قانداق ئىش قىلىشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى، قانداق يولدا مېڭىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ . ھەم ئۆزىگە ماس

هالدا تاللاش ئېلىپ بارالايدۇ.

تۇرمۇشتا ئادەم قىلسا بولىدىغان ئىش نۇرغۇن . تاللاشقا بولىدىغان يولمۇ كۆپ . شۇڭا مۇئەييەن بىر يولنى تاللىغاندا گاھىدا قايمۇقۇش ھىس قىلىمىز. لىكىن ئۆزىمىزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ كەسكىن ۋە قەيسەرلىك بىلەن تاللاش ئېلىپ بارساق ناھايىتى ياخشى ماڭالايمىز، تېخىمۇ يىراققا بارالايمىز.

ئاخىرىدا تەكىتلەش زۆرۈر بولغىنى، ئاۋالقىدەك كۆرۈش مەسلىسى. نۇرغۇن نامراتلارنىڭ نەزەر دائىرىسى تار. ئالدىنى بىلگىلى بولمايدىغان كەلگۈسىنى قوغلاشقاندىن كۆرە كۆز ئالدىدىكى خاتىرجەملىكنى تاللىغان ياخشى دەپ قارايدۇ. ئەمما ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى ھەر بىر ھالقىدا يىراقنى كۆرۈش سۈپەتلىك ياشاشنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتى ھەم ئەقەللى تاللاشتۇر.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

نامراتلار باي بولۇشنى ئويلىسا يىراقنى كۆرۈشى كېرەك. بايلىق بىلەن نامراتلىق بىر كېچىدىلا شەكىللەنمىگەن، ئۇ سىزنىڭ يىراقنى كۆرۈش ياكى بۇرنىڭىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشىڭىز سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھاسىلاتلارنىڭ قەدەممۇ قەدەم توپلانغانلىقنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ يۇقىرى قوغلىشىش نىشانى بېكىتسىڭىز، ئۆزىڭىزنى يېڭەلىسىڭىز، مۇھىتنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۆچرىمىسىڭىز، يىراقنى كۆرەلىسىڭىز، ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن ئىزچىل ماڭسىڭىز ئاندىن باي بولالىشىڭىز مۇمكىن.

# نامراتلاردا پەقەت «ئۈچ مىنۇتلۇق قىزغىنلىق»بار، بايلاردا ئۇزاققا سوزۇلغان قايناق ھېسسىيات بار

«ئۈچ مىنۇتلۇق قىزغىنلىق» ــ كىشىلەردىكى ئىش قىلغاندا قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسى يوق، دائىم بېشىنى باشلاپ ئاخىرىنى تاشلايدىغان، داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمايدىغان ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. نامراتلار ئىش قىلسا دائىم بېشى بار ئاخىرسى يوق . دەسلىپىدە ئىشتىياق بىلەن قىلىدۇ. كېيىن ئاستا ـ ئاستا ۋاز كېچىدۇ. بۇ خىل «ئۈچ مىنۇتلۇق قىزغىنلىق» ى بار ئادەم ھامان بىر ئىش قىلالمايدۇ.

نامراتلار تاماكا چىكىش، ھاراق ئىچىشتەك ناچار ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىشكە قەسەم قىلىدۇ . لىكىن ئۇلاردا پەقەت «ئۈچ مىنۇتلۇق قىزغىنلىق» لا بولغاچقا بىردەملىك قىزغىنلىقتىن كېيىن نەچچە كۈنگە بارمايلا قىلغان قەسىمنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كىتىپ يەنە ئەسلىگە قايتىدۇ. نامراتلارنىڭ دائىم مەغلۇپ بولۇشى ئۇلاردا قىلىۋاتقان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ياكى بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان يۈرەك يوق. بوشاشماي داۋاملاشتۇرىدىغان روھ كەمچىل .شۇڭا چوڭ ئىشلاردا نەتىجە قازىنىشى ئىنتايىن تەس. لىكىن بايلاردا ئۆزگىچە خاس بولغان نىشان، ئۇزاققا سوزۇلغان قايناق ھسسىيات بار. ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدۇ . شۇڭا ھەرقانداق ئىشتا سىجىل داۋاملاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم . پەقەت نىشاننى توغرىلاپ داۋاملاشتۇرسىلا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن.

ۋېنگرىيەدە بىر ياغاچ ماتېرىياللىرى سودىگىرىنىڭ بىر ھاڭۋاقتى ئوغلى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ياغاچ» دەپ چاقىرىشنى ياخشى كۆرىدىكەن . 12 ياش ۋاقتىدا بۇ بالا بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ يازغان خەتلەر نوبىلغا يېقىپ قاپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا مۇكاپات تارقىتىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشىدىن قورقۇپ چۈشنى پەقەت ئاپىسىغىلا ئېيتىپتۇ. ئاپىسى ئاڭلىغاندىن

كېيىن كۆلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: «تەڭرى بىر گۈزەل ئارزۇنى كىمنىڭ قەلبىگە سالسا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشنى تاماملىشىغا ھەققىي ياردەم بېرىدۇ.» دەپتۇ. بالا ئانىسىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ راستىنلا يېزىقچىلىقنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ سىناقتا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا، تەڭرىنىڭ كېلىپ ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ! مۇشۇ ئېتىقادى بىلەن ئۇ يېزىقچىلىق ھاياتىنى باشلاپتۇ .

شۇنداق قىلىپ بۇ غايىلىك بالا كېچە ـ كۈندۈز ئەسەر يېزىپتۇ. نەچچە يىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، بالا تەڭرىنىڭ كېلىپ ياردەم قىلىشىنى كۈتىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كۈتىۋالغىنى گىتلېرنىڭ ھەربى قوشۇنى بوپتۇ. چۈنكى ئۇ يەھۇدىي بولۇپ، ناھايىتى تېزلا جازا لاگېرىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. دوزاختا ئۇخشايدىغان جازا لاگېرىدا سانسىزلىغان يەھۇدىيلار جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. لىكىن ئۇ ئامان قاپتۇ. 1965 ـ يىلى، يېزىقچىلىقنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىۋاتقان بۇ بالا ئاخىرى «تاللاشقا ئامالسىز تەقدىر» ناملىق رومانىنى، 1975 ـ يىلى «ماقالە قايتۇرماق» ناملىق رومانىنى يېزىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپتۇ .

ئاخىرى ئۇ تەڭرىنىڭ ياردەم قىلىش ـ قىلماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەس بولغان چاغدا، شىۋىتسىيە خان جەمەتى ئەدەبىيات ئىنستىتوتى 2002 ـ يىللىق نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ۋېنگىرىيىلىك يازغۇچى ئېمرېكېرتىسقا بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ . ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدى. نۇرغۇن ئازاپ ـ ئوقۇبەتنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بۇ يازغۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىكى تەسراتىنى سۆزلىگەندە پەقەت مۇنداق بىر جۈملە سۆز قىلغان: «سىز ‹مەن بۇ ئىشنى قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن، قانچىلىك قىيىن بولسۇن پەرۋا قىلمايمەن› دىگەن نىيەتكە كەلگەن ۋاقىتتا تەڭرى ئاندىن سىزگە ياردەم بېرىدۇ.»

يازغۇچىنىڭ بۇ ھىكايىسى دەل داۋاملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۇرىدۇ . كىچىكىدە باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لىكىن ئۇ كۆڭلىگە گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى پۈككەن. ئۇنىڭ سانسىزلىغان يەھۇدىي قېرىنداشلىرى جازا لاگېرىدا ھايات قالغان بولسىمۇ،

ئېچىنىشلىق قىيناشلارغا ئۇچرىغانلىقتىن رېئال تۇرمۇشقا يۈزلىنىشكە ئامالسىز قالغان. لېكىن ئېمىركېرتىس هايات قالغاندىن كېيىن ئاۋالقىدەك ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. ھەمدە بۇ خىل بوشاشماي تىرىشىشنى داۋاملاشتۇرۇش روھى ئۇنىڭ بالا ۋاقتىدىكى غايىسىنى تاماملىغان.

نۇرغۇن كىشىلەر «تىتانىك» ناملىق كىنونى كۆرگەن، لېكىن پەردە ئارقىسىدىكى ھېكايىنى ناھايىتى ئاز ئادەم بىلىدۇ:

رېژىسسور جامىس كامىرون كىنو ئىشلەشكە مەبلەغ سالغان شىركەت خوجايىنىغا:«مەن بىر پاراخوتتا ‹روميو بىلەن جۇلىتا ›نى سۈرەتكە ئالىمەن، بۇ ئۈچ سائەتلىك مۇھەببەت ھېكايىسى» دېگەن . بۇ ۋاقىتتا رېژىسسور كۆرسەتكەن مۇھەببەت ھېكايىسى دەل دۇنياغا داڭلىق فىلىم «تىتانىك» نىڭ سىنارىيەسى ئىدى .

كىنو شىركىتىنىڭ خوجايىنى دەسلەپىدە ئۇنىڭ سۈرەتكە ئېلىش تەلىپىگە قوشۇلمىغان . چۈنكى ئۇ ئىلگىرى سۈرەتكە ئالغان كىنونىڭ ھەممىسى ئىككى سائەت ئەتراپىدا بولۇپ ،رېژىسسورنىڭ ئەڭ ئۇستا بولغىنى بىر قىسىم گۇمپا كىنولىرى ئىدى. خوجايىنىنىڭ نەزىرىدە ئەگەر ئۇ ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ ئۈچ سائەتلىك مۇھەببەت كىنوسىنى سۈرەتكە ئالسا ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ مۇۋاپىقىيەت قازىنىشى تەس ئىدى. لېكىن جامىس .كامىرون ئۆزىنىڭ پىلانىدا چىڭ تۇرغان. ئۇ كىنو شىركىتىنىڭ خوجايىنىدىن: « مەن ئىلگىرى رېژىسسورلۇق قىلغان كىنولاردىن پۇل تاپالمىغىنى بارمۇ؟» دەپ سورىغان .بۇنىڭ بىلەن كىنو شىركىتىنىڭ خوجايىنى جىم بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇ رېژىسسورلۇق قىلغان كىنولارنىڭ كىرىمى ئىنتايىن ياخشى ئىدى .

ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە تەجرىبىسىنى ئاساس قىلغان خوجايىن بوشاپ قالغان ھەم : «بولىدۇ، بىراق خامچوتنى كونترول قىلىشىمىز كېرەك» ، دىگەن .كامىرون كۈلۈپ تۇرۇپ : «خامچوت بەك كۆپ بولمايدۇ، مەنزىرە بەرىبىر ئاشۇ كېمىلا خالاس.» دېگەن. كىم بىلسۇن، كىنو سۈرەتكە ئېلىنىش بىلەنلا ھەر كۈنلۈك تەننەرخ 250 مىڭ دوللار، بەزى ۋاقىتتا ھەتتا 500 مىڭ دوللارغا يەتكەن . بىر

يىل بولمايلا خام چوتتىكى پۇل تۈگىگەن. خامچوتنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، خوجايىن مەبلەغ سېلىشنى توختىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان . لېكىن كامىرون قەتئىيلىك بىلەن : «كىنو داۋاملىق سۈرەتكە ئېلىنىشى كېرەك، مەن ئىش ھەققىمنى ئالمىسام مەيلى» دېگەن .كامىروننىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ نەچچە ئون مىليونلۇق ئىش ھەققىدىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. خوجايىن ئۇنىڭ قەتئىيلىكىدىن تەسىرلىنىپ ئاخىر ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغان ،شۇنىڭ بىلەن فىلىم داۋاملىق سۈرەتكە ئېلىنغان. لېكىن مەبلەغ سالغان پۇل كامىروننىڭ ئىش ھەققى ئىدى.

كىنونى سۈرەتكە ئېلىش داۋامىدا مۇكەممەللىكنى قوغلاشقان كامىرون ھەربىر ئىشنى دېگۈدەك ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەن . ئارتىس ۋە خىزمەتكارلارغىمۇ ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويغان. سوغۇق دېڭىز سۈيى، سۈرەتكە ئېلىش داۋامىدىكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن تەس بولغان قىيىنچىلىق ئۇنى يار لېۋىگە ئەكىلىپ قويغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ ۋاز كەچمەيدۇ، بەلكى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىزچىللىقى بىكارغا كەتمىگەن.فىلىم پۈتۈپ تارقىتىلىپ ئۈچ ئاي قويۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن ئامېرىكىدىكى بېلەت كىرىمى 470مىليون دوللارغا يېتىپ، خەلقئارالىق ئومۇمى بېلەت باھاسى بىر مىليارد 800 مىليون دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ فىلىم ئەڭ بازار تاپقان كىنونىڭ بىرى بولغان. بۇ فىلىم يەنە 70 ـ نۆۋەتلىك ئوسكار مۇكاپاتىنىڭ 14 تۈردە تىلغا ئېلىپ ئاتاش شەرىپىگە ھەمدە 11 تۈردە بىۋاستە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. جامىس.كامىرون مۇشۇ سەۋەپلىك 70 ـ قېتىملىق ئوسكار ئەڭ ياخشى رېژىسسور مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

پەردە ئارقىسىدىكى ھېكايىنى بىلدىڭىزمۇ؟ بۇ كىنودىكى ئادەمنى ياقتۇرامسىز؟ چۇقۇم بۇ كىنوغا ئېخىمۇ ئامراق بولۇپ قالدىڭىز ھەم كامىرون رېژىسسورنىڭ قەتئىيلىكىدىن تەسىرلەندىڭىز . چۈنكى ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قەتئىي بوشاشمايدىغان روھ ، ئۆزىنىڭ ئىشىغا بولغان ئۆزۈنىغا سوزۇلغان قايناق ھىسسىيات ، قىزغىن پوزىتسىيە بىزنى دۇنياغا تارقالغان، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ياخشى كىنونى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلدى .

غەلىبە يولىدا ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئازاب كەم بولمايدۇ، بېيىش يولىمۇ ئوخشاش بوران چاپقۇنلۇق، لېكىن «قىينچىلىق پۈرۈننىغا ئوخشايدۇ، سىز كۈچلۈك بولسىڭىز ئۇ ئاجىزلايدۇ، سىز ئاجىز بولسىڭىز ئۇ كۈچلۈك» . ئەگەر كامرون كىنو شىركىتىنىڭ خوجايىنى قوشۇلمىغاچقىلا ۋاز كەچكەن بولسا، ياكى خامچوت ئېشىپ كەتكەنلىكى، مەبلەغ سالغۇچى قوللىمىغانلىقى، سۆرەتكە ئېلىشتىكى ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان ئوڭۇشسىزلىقلار سەۋەبلىك چېكىنىپ چىققان بولسا، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭدا پەقەت «ئۈچ مىنۇتلۇق قىزغىنلىق»لا بولغان بولسا، ئۇزاققا سوزۇلغان غەلىبىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەستى. غەلىبە بولمىسا يەنە قانداقمۇ بايلىق بولسۇن؟

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلار غەلىبە قىلىشنى، باي بولۇشنى ئويلىسا، ئۇلاردا چۇقۇم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش روھى ۋە ئىرادىسى بولۇشى، ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشى، جاپا مۇشەققەتنىڭ تاۋلىشىغا چىدىشى، بوشاشماي كۆرەش قىلىش كېرەك . ئەگەر بىردەملىك قىزغىنلىق يەنى پەقەت «ئۈچ مىنۇتلۇق قىزغىنلىق» لا بولسا غەلىبە قىلىش ئىنتايىن مۇشكۈل . ئۇنداقتا سىز پەقەت نامرات ئەھۋالدا قالىسىز ، بايلىق بىلەن ئادا جۇدا بولىسىز.



**نىشاندىكى پەرىق:**

**نامراتلاردا پەقەت بىرلا بىپىش نىشانى بولىدۇ، بايلاردا كۆپلىگەن مەبلەغ سېلىش نىشانى بولىدۇ**

نامراتلار بىلەن بايلار ئارىسىدىكى پەرىقنى سۆزلىسەك، نۇرغۇن كىشىلەر ئاۋال ئىككى تەرەپنىڭ ماددى بايلىقتىكى كەسكىن پەرقىنى ئويلايدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەرىقلەرنىڭ بىرى خالاس . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرىقتە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبلەر نۇرغۇن بولسىمۇ، لىكىن ئىككىسىنىڭ نىشاندىكى ئوخشاشماسلىقى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدۇ . ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا، نامراتلاردا پەقەت بىر خىل نىشان ـ باي بولۇش نىشانى بولىدۇ. لىكىن بايلاردا نۇرغۇن مەبلەغ سېلىش نىشانى بار.

ئەمىلىيەتتە، نۇرغۇن بايلىقى كەمچىل نامراتلار كۆپىنچە تەڭرىدىن، باشقىلاردىن ئاغرىنىدۇ. ھەمىشە ئۆزىنىڭ تەقدىرى ناچاردەك ھېس قىلىدۇ. لىكىن بۇ مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىچكى سەۋەپنى تەھلىل قىلمايدۇ. ھەمىشە ئاغرىنىپ ھىچقانداق ئۆزگىرىش قىلمىسا، نامراتلارنىڭ قەد كۆتۈرىشى ئىنتايىن تەس. شۇڭلاشقا نامراتلار چوقۇم بايلارغا ئوخشاش نىشان تىكلىشى ھەمدە ئۇلاردا ئەمەلىي قوللانغىلى بولىدىغان نىشان بولۇشى كېرەك . چۈنكى نۇرغۇن ۋاقىتلاردا، بايلارنىڭ كۆڭلىدە ناھايىتى زور نىشانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بايلىققا بولغان توختاۋسىز قوغلىشىش ، كەسپىگە بولغان ئاكتىپ ئىلگىرىلەش روھى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.بايلار نىشانغا ئاساسلانغان پىلان ـ كۆرسەتمىسى، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ھەمدە ئۆزىدىكى قەتئىي بوشاشماسلىقتەك ئىرادىسىگە تايىنىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە تەۋە بولغان بايلىققا ئېرىشىدۇ.

# نامراتلار بىلەن بايلار ئارىسىدىكى پەرق خام خىيال قىلىش ياكى نىشان بېكىتىشكە باغلىق

نۇرغۇن ئادەم باي بولۇشنى ئويلايدۇ. لېكىن ھەقىقى باي بولالىغانلار ناھايىتى ئاز . بىر قىسىم كىشىلەر تېز باي بولالمىغىنىغا باش قاتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار: «قانداق قىلغاندا تېز بېيىغىلى بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. دۇنيادىكى «تارقىتىش ئىلمى ئاتىسى» سكرام ئىلگىرى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەڭ تېز بېيىيدىغان ئۇسۇل ــ چۈش كۆرۈش!» نىشانى يوق، پەقەت خام خىيال قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم نۇرغۇن . ئۇلار ھەمىشە بايلىقنىڭ ئاسانلا قولغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ . نىشان بەلگىلەشنى بىلمىگەنلىكتىن خام خىيال قىلىش بىلەن بىرگە تەدرىجى ھالدا ئىشلىرىدا نەتىجە قازىنالمايدىغان نامراتقا ئايلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ باي بولالماسلىقىنىڭ سەۋەبى ـ ئۇلار نامراتلىق قالپىقىنى كىيىۋالغان . ئۆزۈن مۇددەت خام خىيال قىلغانلىقتىن ئۆزۈن مەزگىللىك نىشانىنى يوقاتقان .

ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئادەملەر ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا كۈن بويى ئىسىل تۇرالغۇ، ئىسىل ماشىنا، ئىسىل ھاراق، مېزىلىك تاماق، ھەمدە باي بولغاندىن كېيىن نېمىش قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئويلار پەيدا بولىدۇ. لېكىن ناھايىتى ئاز ئادەم قانداق قىلغاندا ئاندىن بېيىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ . كۆپ قىسىم كىشىلەر باي بولۇشنى ئويلىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار خام خىيالنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغاچقا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە كەسپىدە ئاۋۋالقىغا ئوخشاش ئۆزگىرىش يوق .

ما تېڭيۇننىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى باي ئەمەس. مەلۇم ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېيجىڭدا بىر كىشىلىك ئاددى خىزمەت تاپقان. ھازىرقى ھالىتىدىن بىئارام بولغان بۇ ياش نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈپ زېرىككەندى. شۇڭا ئۇ چۈشىدىمۇ تېزراق باي بولۇشنى ئويلايتى. لېكىن تۇرمۇش ۋە خىزمىتى بىر خىللا بولۇپ، كىرىمى ئىزچىل يۇقىرىلاپ باقمىغاچقا پەقەت كۈندىلىك چىقىمىغىلا يېتەتتى. ئۇ ھەركۈنى مۇشۇنداق ياشاۋېرىپ، ئۆزىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باي بولۇشنىڭ تەسلىكىنى بىلدى. ھەم ئۆز ئالدىغا بىرەر ئىش قىلىش مەخسىدىدە شىركەتتە پەقەت ئۈچ ئايلا

ئشلەپ خزمتىدىن ئىستىپا بەردى . تىزراق باي بولۇش ئۈچۈن نىمە ئىش قلىش كېرەك ؟كۆڭلدە ئېنىق نشانى بولمغان ما تىڭيۈن بىردىنلا قايمۇقۇپ قالدى .شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىزدەپ يۈرۈپ دەسلەپتە توردىن بىر باي بولۇش تۈرىنى كۆردى . شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ تۈر بويىچە ئۆزى ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولدى. لىكىن بۇ ئىشنىڭ پايدىسى ئاز بولۇپ ئەتىگەن تۇرۇپ كەچ يېتىش كېرەك ئىدى.ئۇ ئىجارە ھەققى، خىزمەتچى تەننەرخى ، سېتىش يولى قاتارلىق ئامىللارنى ئويلىشىپ، دەسلەپىدە ئىككىلىنىپ قارار قىلالمىدى ، نەچچە كۈن خىيال قىلغاندىن كېيىن ئاخىرى بۇ تۈردىن ۋاز كەچتى . كېيىن ئۇ يەنە يېزىلىقچىلىق بىلەن جان بېقىشنى ئويلىدى . لىكىن ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە، ئىرادىسى كەمچىل بولغاچقا بولدى قىلدى . كۈنلەر بىر بىرلەپ ئۆتتى . ئۇ ھەركۈنى توردا ئۆيۈن ئويناپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى . ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئەيىپلەيتى . دائىم باي بولغاندىن كېيىنكى يىمەك ـ ئىچمەكدىن غەم قىلمايدىغان تۇرمۇشنى خىيال قىلاتتى .ئۇ قولىدىكى يىغقان پۇلىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئازىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىددىيلەشسىمۇ، لىكىن ياخشىراق بىرەر ئامال ئويلاپ تاپالمىدى. خىيالغا پېتىپ نەچچە كۈننى بىكار ئۆتكۈزگەن ما تىڭيۈن ئاخىرى يۈزىنى قېلىن قىلىپ ئۇششاق ئىشلارنى قىلىشقا چىقتى. ئەمما قىلغان ئىشى دىتىغا ياقمىغاچقا توختىماي خىزمەت ئالماشتۇردى . ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق كەسىپدە بەلگىلىك نەتىنجە قازانغان بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا ئۆيمۇ سېتىۋالدى. لىكىن ئۇنىڭ كىرىمى باشتىن ئاخىر ئاز ئىدى. تېزراق بېيىش ئۈچۈن ئۇ لاتارىيەگە بېرىلىپ كەتتى. ۋاقتى بولسىلا لاتارىيەنىڭ يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلاتتى .ئەمما لاتارىيەدىن ئۇمۇد كۈتۈپ سۇرگەن شىرىن خىيالمۇ ھىچ نەتىجە بەرمىدى .شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىزدىن بېيىش خىيالىدا نىشانسىز قالدى.خىيال قىلغان باياشات تۇرمۇشمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى . ئۇقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى نەچچە يىل ئىچىدە ئۇ ئەزەلدىن نامراتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ باقمىدى ، ھەتتا ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تىرىكچىلىكى ئۈچۈن غەم قىلىشقا باشلىدى.

ماتېڭيۈن بولسا تىپىك خىيالغا باي ھەمدە نىشان بەلگىلىيەلمەيدىغان مەغلۇبىيەتچى . ئۇ كۈن

بۆيى ئەمەلىيەتكە ئۆيغۇن بولمىغان بىپىش ئۇسۇلنى ئويلايدۇ . لېكىن ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمايدۇ . غايىسى ئۈچۈن تېخىمۇ نىشان بەلگىلىيەلمەيدۇ . ئەڭ ئاخىرى بۇ گۈزەل خىياللارنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىدۇ . ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ . ئەگەر بايلاردا غايە بولسا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى غايە شەكىللەنگەندىن كېيىن كونكرېت ھەرىكەت نىشانىنى بەلگىلەيدۇ . كېيىن تىرىشىپ غەلىبە يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ . نامراتلارنىڭ نامراتلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇلار قۇرۇق خىيال قىلىشقا ئامراق، لېكىن بايلار نىشان بەلگىلەپ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بىلىدۇ.

ئەلى بابا سودا ئىمپېرىيىسىنى ياراتقان مايۇن بولسا نىشان بېكىتىشنى بىلىدىغان باي. ئۇ باياشات تۇرمۇشنى مۇنداق ياراتقان، كىچىكىدە دائىم ئىش تېرىغاچقا جازالىنىدىغان ئوقۇغۇچى بولۇپ، مۇئەللىمى ۋە ئائىلە باشلىقى ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتمەيتى.مايۇن ۋە باشقا تور كەسپىدىكى كىشىلەرنى سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ چەتئەلدە ئوقۇغانلىق ئارقا كۆرۈنىشى يوق. ئۇ نۇقتىلىق مەكتەپتىمۇ ئوقۇمىغان. ماشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسنى ئادەتتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان. بىرىنجى قېتىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقاندا ، ماتېماتىكىدا بىر نومۇر ئالغان. ئەينى چاغدا ھەممە ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى كېيىن چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ دەپ قارىمايتى. گەرچە مايۇن ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە «ئەڭ ئىستىقبالى يوق ئادەم» دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن غايىسىدىن ۋاز كەچكەن ئەمەس. ئۇ قايتا ئوقۇش ئارقىلىق ملڭ تەسلىكتە خاڭجۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن . ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشنى پۈتۈنلەي تەلىيىگە تايانغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى پەقەت مەخسۇس كۇرۇس سىزىقىغىلا يەتكەن ئىدى. لېكىن تولۇق كۇرۇسقا سان توشمىغاچقا ئۇ تولۇقلاپ قوبۇل قىلىنغان .

مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 5 يىل ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن ئۇ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ تەرجىمە شىركىتى ئاچقان. بۇ جەرياندا ئامېرىكىغا كاماندىروپكىغا چىقىپ، تور بىلەن ئۇچرىشىپ ، كەلگۈسى دۇنيادا تورنىڭ رولىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن.

ئەينى چاغدا جۇڭگودا تورغا مەبلەغ سالغۇچىلارنى تېپىش تەس بولغاچقا ، مايۇننىڭ ھەرىكىتى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان . ئۇلار مايۇننىڭ نىشانىنى ئىشەنچلىك ئەمەس دەپ قارىغان . لىكىن مايۇن قاتمۇقات بېسىمغا بەرداشلىق بېرىپ ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇشنى تاللىدى . ئۇ دوستىدىن نەچچە ئون مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ «جۇڭگو سېرىق بېتى» تور بېكىتى (中国黄页)نى قۇرغان . بۇمۇ جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپتە قۇرۇلغان تور شىركىتى . مايۇننىڭ داۋاملاشتۇرۇشى ھەمدە ئۆتكۈر كۆزى ئۇنى 3 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 5 مىلىيونغا ئىگە قىلدى.شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كارخانىنىڭ نامىنى تارقاتتى. 1999 ـ يىلى ئۇ ئىككىنچى مۇھىم ئىگىلىكىنى تىكلەپ ئېلېكترونلۇق سودا ساھەسىگە كىردى . شۇنداق قىلىپ ئەلى بابا بارلىققا كەلدى . ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ مايۇننىڭ ئېلېكتورۇنلۇق تور سودىسىدىن ئىبارەت بۇ نىشانىمۇ ئەمەلگە ئاشتى. ئاخىرىدا ئۇمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بايغا ئايلاندى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مايۇن ئېرىشكەن غەلىبە ئۇنىڭ خام خىيالىدىن كەلمىگەن . بەلكى نىشانىنى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرلەش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن . نۇرغۇن كىشىلەر ‹ مايۇن پۇرسەتكە ئۇلگۇرۇپ قالغان › دېيىشى مۇمكىن . لىكىن ئەينى چاغدا تورنىڭ جوڭگوغا كىرگەنلىكىنى بىلگىنى مايۇن بىرلا ئادەم ئەمەس . بۇ ئىشنى قىلىشنى ئويلىغانلار ئىنتايىن كۆپ ،لېكىن مايۇنگە ئوخشاش قىلىشقا پېتىنالايدىغان ئادەم تولىمۇ ئاز بولغان . شۇڭا ‹ باي بولۇش نىشانىغا قاراپ ھەرىكەت قىلالايدىغان ئادەملەرگە مەنسۇپ › دەيمىز. مايۇن ئىلگىرى:«نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش مەنمۇ ئىلگىرى نامرات ئىدىم. لىكىن مىنى بېيىش يولىغا ماڭغۇزغان ھالقىلىق ئامىل ـ مەن خام خىيال قىلمايمەن . بەلكى نىشان بەلگىلەيمەن ھەم ھەرىكەت قىلىمەن.» دېگەن . ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ، ھەقىقى باي بولۇشنى ئويلىغان ئادەم ھەمىشە خام خىيال قىلىسا بولمايدۇ ـ دە.

★ ★ ★ **بايلىقنىڭ بايانى** ★ ★ ★

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ پەرقى ئەمىلىيەتتە بىر قەدەمنىڭ پەرقى . نامراتلاردا غايە ۋە ئارزۇ يوق ئەمەس، بەلكى ئۇلار دائىم غايىنى قۇرۇق خىيالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئۇنى بىر نىشان قىلمايدۇ . ھەمدە ۋاقتىدا ھەرىكەت قوللانمايدۇ . شۇڭا نامراتلارنىڭ بايغا ئايلىنىشى ئىنتايىن قىيىن.

# رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە رەھبەرلىك قىلىنغۇچى: نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ ئەڭ روشەن «سالاھىيەت بەلگىسى»

نامراتلار باشقىلار تەرىپىدىن رەھبەرلىك قىلىنىدۇ. بايلار باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نامراتلاردا بايلارغا ئوخشاش باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىش نىشانى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىكى بىر قىسىم ئادەملەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئىسىل ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغانلىقتىن، تەرەققى قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىگە ئۇلگۇرەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. شۇڭلاشقا باشقىلارغا ئىشلەشنى خالىمايدۇ، پۇرسەت كۈتىدۇ،نەتىجىدە پۇرسەت ھەمىشە ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايدۇ. ئۇلار نۇرغۇن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ.

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ نىشانى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، نامراتلار خوجايىنلارغا ياللىنىپ ئىشلەشنى تاللايدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەشنى ئويلىمايدۇ. بۇ بەلگىلىك دەرىجىدە نامراتلارنىڭ نىشان بەلگىلىمىگەنلىكىدىن، ئۆزىگە ئىشلەشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىدىن، تېخىمۇ مۇھىمى باشقىلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەتكۈزۈشنى ئويلىمىغانلىقتىن، شۇڭا ئۇلار پاسسىپ ھالدا باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشنى قۇبۇل قىلىدۇ.

گەرچە نامراتلار بايلارنىڭ بېيىش قورالى بولۇشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن ئامالسىز، چۈنكى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا تەرەققىيات نىشانى يوق. تىگى تەكتىدىن ئېيتقاندا نامراتلار بىلەن بايلار ئارىسىدىكى نىشان پەرقى نامراتلارنى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلمەيدىغان ھەم مەغلۇب بولۇشتىن قورقىدىغان قىلىپ قويغان. شۇڭا بايلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىش نىشانىغا، ھەتتا بايلار نىڭ بېيىش شاھمات تاختىسىدىكى بىر تال ئۇرۇققا ئايلىنىپ قالغان، بايلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە.

بايلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئېنىق نىشانى بار. باشقۇرۇشقا ماھىر، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى باشقىلارغا قانداق رەھبەرلىك قىلىش ، سودا پۇرسىتىنى قانداق تۇتۇش . ئەمەلىيەتتە

بېيىشنى ئويلىسا پەقەت تىرىشىپ خىزمەت قىلىش يېتەرلىك ئەمەس . ئۆزىنى قانداق باشقۇرۇشنى ، باشقىلارغا قانداق رەھبەرلىك قىلىشنى ئۆگىنىش ، ھەرخىل باشقۇرۇش ۋە رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلى ۋە ماھارەتلىرىنى ئىگەللەش كېرەك . باشقۇرۇشنى چۈشىنىدىغان ، رەھبەرلىك قىلىشنى بىلىدىغان بىرئادەمنىڭ بايلىق بىلەن بولغان ئارلىقى يىراق بولمايدۇ.

لى فېيتاڭ ۋە ۋاڭ شۆشەن ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداش . ئىككىسى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شېنجېندىكى بىر كىتاپ شىركىتىگە ئورۇنلىشىدۇ. گەرچە ئىككىلىسىنىڭ خىزمەتتىكى نەتىنجىسى كۆرۈنەرلىك بولسىمۇ ، لىكىن ئۇلارنىڭ نىشانىدا پەرق زور. لى فېيتاڭنىڭ نىشانى ناھايىتى چوڭ. ئۇ ئۆزىدىكى تىرىشچانلىقىقا تايىنىپ كىچىك تىپتىكى كىتاپخانا قۇرۇپ ئۆزى خوجايىن بولۇپ باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىشنى ئويلايدۇ ؛ ئەمما ۋاڭ شۆشەننىڭ نىشانى بىر ياخشى خىزمەتچى بولۇشتا توختاپ قالغان .

ئىككى ئادەمنىڭ نىشانىدىكى پەرىق ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى ئىپادىسىنى بەلگىلەيدۇ . ئېنىق نىشانى بولغان لى فېيتاڭ ئۆزلۈكسىز كىتابخانا كەسپى جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ . يەنە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل مال زاكاس ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ . نۇرغۇن نەشرىيات خادىملىرى ۋە يازغۇچىلار بىلەن تونۇشىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇلار ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرى ئۈچۈن زۆرۈر تەييارلىق ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي لى فېيتاۋ خىزمەتتىن ۋاز كېچىدۇ. ئۆزى كىچىك تىپتىكى كىتابخانا ئاچىدۇ . ئىككى يىلدىن كېيىن بىر تاسادىپى پۇرسەتتە ئۇلار ئۇخشىمىغان ئىككى خىل سالاھىيەتتە مەيدانغا چىقىدۇ.

لى فېيتاۋ ۋە ۋاڭ شۆشەننىڭ نىشانىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئىككىسىنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ بولغان ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان : لى فېيتاۋ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا رەھبەرلىك قىلىنىش ئورنىدىن قۇتۇلغان ھەمدە باشقىلارغا رەھبەر بولغان . كىشىنى رازى قىلغۇدەك بايلىققا ئېرىشكەن ؛ لىكىن ۋاڭ شۆشەن ئاۋالقىدەك ئۆلۈك مائاشنى ئالىدىغان ئاددى خىزمەتچى بولغاچقا ، تەبىئىيلا

باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ .

شۇڭا باي ۋە نامراتلارنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ دەرىجىدە ئۇلار بىكىتكەن نىشان ــ رەھبەرلىك قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىنىش سالاھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك . ئەمەلىيەتتە پەقەت باشقىلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى خالىمايدىغان ئادەم چوڭ نەتىجە قازىنالىشى مۇمكىن، ئۇزۇن مۇددەت باشقىلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئادەم بارغانسىرى شەخسى كۆز قارىشى يوق ئەگەشكۈچى بولۇپ ئۆزگىرىدۇ . ئەلۋەتتە بۇ خىل ئۆزگىرىش ئادەمنى بايلىققا ئېرىشىشتىن بارغانسىرى يىراقتا قويىدۇ .

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ پەرقى نىشان بەلگىلىشنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدا . نامراتلار باشقىلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا كۆنۈپ قالغان . لېكىن بايلار باشقىلارغا رەھبەر بولۇشنى نىشان قىلىپ بىكىتىدۇ . نىشان تاللاشنىڭ ئوخشىماسلىقى ئىككىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ . شۇڭا بايلارغا ئوخشاش باشقىلار تەرىپىدىن رەھبەرلىك قىلىنىشنى خالىمايدىغان ھەمدە شەخسى كۆز قارىشى مول، پىلانى بار بولغاندا ، بەلكىم بېيىش ئارزۇسى بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

# «خانىش» بىلەن «دېھقان ئايال»نى يارىتىش پەرقىدىكى سىرلىق كۈچ

كۆپىنچە ۋاقىتتا بايلار بىلەن نامراتلار ئارىسىدىكى كەسكىن پەرقنى پەيدا قىلىدىغىنى باشقا نەرسە ئەمەس ، بەلكى ئىككىسىنىڭ نىشانىدىكى پەرىق. بايلىققا ھەربىر ئادەم ئاسانلا ئېرىشەلمەيدۇ . بولۇپمۇ نىشانى يوق كىشىلەر تېخىمۇ شۇنداق. گەرچە باي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يوللىرى نۇرغۇن بولسىمۇ، لىكىن نىشانى كەم بولسا، ئۇ ھالدا بايلىققا ئېرىشىش يوللىرى تىكەنگە تولىدۇ . بۇ نۇقتىا نامراتلار ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق. مەبلەغ سېلىش ئۇستازى گىئورگى.سوروس ئىلگىرى مۇنداق دېگەن: « مەن مەلۇم بىر تۈرگە مەبلەغ سېلىشتىن ئاۋال، مەبلەغ سېلىش بازىرىنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپلا قالماستىن يەنە مەبلەغ سېلىش نىشانىمنى ئېنىق بېكىتىمەن. ھەمدە نىشان تۇرغۇزغاندىن كىيىن كۆپرەك بايلىققا ئېرىشەلەيمەن. نىشان تۇرغۇزۇشنى مىنىڭ مەبلەغ سېلىش ھاياتىمغا ھەرۋاقىت ھەمراھ دېيىشكە بولىدۇ.»

رېئال تۇرمۇشتىمۇ نۇرغۇن ئادەم پەرۋاسىزلا سۆزلەيدۇ: « نىشان تۇرغۇزۇش بىلەن باي بولۇشنىڭ نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ مەن ئۇلار ئارىسىدا مۇكەممەل مۇناسىۋەت بارلىقنى ھىچ بايقىمىدىمغۇ!؟» بىز ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان مۇناسىۋەتنى ۋاقىتنىچە مۇنازىرە قىلمايلى ، چۈنكى تۆۋەندىكى مەسەل ئارقىلىق بۇ مەسىلىگە جاۋاپ تاپقىلى بولىدۇ.

*«ئىزوپ مەسەللىرى» ئىچىدە مۇنداق بىر مەسەل بار:*

قەدىمكى پارىس خانلىقىدا بىر جۈپ قوش كېزەك ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ، ئۇلار ھەسەل پىششىقلاپ ئىشلەپ ئائىلىسىنى باقىدىكەن . بىراق ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ مىجەزىدە چوڭ پەرىق بار بولۇپ، ئاچىسى ئالدىراڭغۇ، ئىش قىلىشى تەرتىپسىز ئىكەن. ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە نىشانىمۇ كەمكەن. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانى ـ ئۆزىنىڭ ياخشىراق ياشىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن؛ ئەمما سىڭلىسى ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلۇغۋار غايىسى بار ئىكەن. ئۇ ھەسەل پىششىقلاپ سېتىشقا

تاپىنىپ تۇرمۇشنى قامداشقا رازى ئەمەسكەن. ئەڭ چوڭ نىشانى بولسا بىر كۈنلەردە ئۆزى تەييارلىغان ھەسەلنى پارىس پادىشاھىغا ئىچكۈزۈش ئىكەن. ھەسەل ساتقان ۋاقىتتىمۇ ئىككىسىنىڭ ئىپادىسىدە پەرىق چوڭ ئىكەن. ئاچىسى كوچىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ ۋاقىراپ سېتىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ ، ھەركۈنى خېلە كۆپ ھەسەلنى سېتىپ چىقىرىدىكەن؛ لىكىن سىڭلىسى بىر بۆلۈك ھەسەلنى ئېلىپ ئۆتكەنلەرگە ھەقسىز بېرىدىكەن ھەمدە بوتۇلكىنىڭ ئۈستىگە ئىسمىنى ئويۇپ يېزىپ قويىدىكەن. سىڭلىسى گەرچە ئازراق ھەسەلنى زىيان تارتقان بولسىمۇ، لىكىن خېرىدارى ئۈزۈلۈكسىز ئايىنىپتۇ.

ئاچا ـ سىڭىل ئىككىيلەننىڭ ھەسەل سېتىش مىقدارى ئۈزۈلۈكسىز ئېشىپ، ئۇلارنىڭ ھەسلىمۇ نام چىقىرىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاچىسى: ھەسەلنىڭ سېتىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشى خېرىدارلارنىڭ ھەسلىمىزنى ئېتىراپ قىلغانلىقى بولۇپ ، مۇندىن كېيىن خېرىدارلار داۋاملىق سېتىۋالىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ . شۇڭا ئۇ بۇ خىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە بوشاڭلىق قىلىشقا باشلاپتۇ . ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ ھەسەل تەييارلىمايدىغان بوپتۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنىرىنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەنلەپتۇ. خېرىدارلار ئاچىسىنىڭ ھەسلىنىڭ رەڭگىلا ئەمەس، تەمىنىڭمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. سىڭلىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن‹ ئاچام سالامەتلىكى ياخشى بولماي شۇنداق ھەسەل تەييارلىغان ئوخشايدۇ ›دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ سوراپتۇ:

ـ سىنىڭ ھەسلىڭ قانداقسىگە بۇنداق بولۇپ قالدى؟

ـ مەن كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىمىغان، ـ دەپتۇ ئاچىسى.

ـ ياخشى پىششىقلانمىغان ھەسەلنىڭ ئۆزۈڭنىڭ نامىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى بىلسەڭچۇ.

ـ مەن بۇنى ئويلاپ نېمە قىلاي . ئالىلقاچان پۇلنى يېتەرلىك تېپىپ بولدۇم، ھەسەلنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىغا ئەمدى كۆڭۈل بۆلمەيمەن.

ـ ئەگەر ھەسەل ساتمىساڭ سەن نىمىش قىلماقچى؟

ـ ھېچ ئىش قىلمايمەن، تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىشنى باشلايمەن.

ئاچسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان سىڭلىسى ئامالسىز قاپتۇ. چۈنكى ئۇ ئاچسىنىڭ نىشانى يوق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن . ئەگەر يەنە بىرىپ نەسىھەت قىلسا ئۆزىگە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بولدى قىپتۇ.

سىڭلىسى ئۆيگە قايتقاندىن كىيىن ناھايىتى ئۇزۇن ئويلىنىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە :« ھازىر تاپقان پۇلۇم ئاچامنىڭكىدىن كۆپ. ئەگەر ئاچامغا ئوخشاش ھەسەل سېتىشتىن ۋاز كېچىپ ئەكسىچە بەختتىن ھۇزۇرلانسام ، كىشلىك تۇرمۇشۇم شۇنداق ئاددى ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ پارىس پادىشاھىغا ئۆزەم تەييارلىغان ھەسەلنى ئىچكۈزۈش ئارزۇيۇمچۇ؟ ئەگەر ھازىرلا بۇ ئىشنى تاشلىسام ئۇ ئارزۇيۇم قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشسۇن » دەپ ئويلاپتۇ. شۇندىن كىيىن سىڭلىسى بۇرۇنقىدىنمۇ ئەتىگەن تۇرۇپتۇ. يەنە ھەسەل ئىشلەيدىغان پىششقەدەملەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن ھەسەل پىششقلاشقا دائىر بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپتۇ. بوشاشماي تىرىشىش ئاستىدا سىڭلىسىنىڭ ھەسلى ئاخىر پارىس ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇلار ھەسەلنى ئىچىپ بولغاندىن كىيىن ھەممىسى ئۇنىڭ ھەسلىنى ماختاپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەمەلدارلارنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن سىڭلىسى پادىشاھقا ھەسەل تەقدىم قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:«ئەگەر سىز نەق مەيداندا مەن ياقتۇرىدىغان ھەسەلنى تەييارلاپ چىقالىسىڭىز مەن سىزنى مۇكاپاتلايمەن.»

سىڭلىسى تەمكىنلىك بىلەن ھەسەل تەييارلاشنى باشلاپتۇ. ۋاقىت بىر مىنوت بىر سېكونتتىن ئۆتۈپ كىتىپتۇ. ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرى قىزغا چۈشۈپتۇ. ئىككى سائەت ئۆتكەندە سىڭلىسى بىر ئىستاكان ھەسەلنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ ئېتىپ ئىنتايىن ماختاپ كېتىپتۇ ھەمدە دەرھاللا ئۇنىڭغا نۇرغۇن مۇكاپاپان بېرىپتۇ ۋە مۇندىن كىيىن ئۇنىڭ ھەسلىنى ئىچىدىغانلىقىنى بىكىتىپتۇ. سىڭلىسىنىڭ ئىپادىسىگە بىر تەرەپتە تۇرغان پارىس شاھزادىسىنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ. كىيىن ئىككىسى ئالاقىلىشىپتۇ. سىڭلىسىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە گۈزەللىكى شاھزادىگە تەسىر قىپتۇ. شاھزادە ئۇنى ئېلىشنى قارار قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھەسەل ئىشلەيدىغان ئادەتتىكى قىز بىر ئۆزگىرىپلا خانىش بوپتۇ.

قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى گەرچە ھەسەل سېتىپ تۇرمۇشنى قامدىسىمۇ، لىكىن ئۇلارنىڭ تەقدىرى قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ئاچىسىدا نىشان بولمىغانلىقتىن ھازىرقى ھالىتىدىن قانائەتلىنىپ ھەسەل سېتىشتىن ۋاز كېچىدۇ. بايلىقمۇ تەبىئىيلا ئۇنىڭدىن يىراقلايدۇ . ئاخىرى ھەسەل ساتقان پۇلنى خەجلەپ تۈگىتىپ نامراتقا ئايلىنىدۇ؛ لىكىن سىڭلىسى ئۆزىگە نىشان تىكلەپ ، تىرىشچانلىقى ئارقىلىق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپلا قالماي يەنە تېخى شاھزادىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا مۇنداق ئىككى خىل ئادەم بار: بىر خىلىدا ، ئۇلۇغۋار نىشان كەم، ئەتىگەندىن كەچكىچە نادانلىق قىلىپ يۈرىدۇ، ئويلىنىپ ئىش قىلمايدۇ؛ يەنە بىر خىل ئادەم بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى پىلانلاپ بولغان ھەمدە ئۇلۇغۋار نىشان تىكلىگەنلەردۇر . ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ بىرىنجى خىل كىشىلەر ھېچ ئىش قىلماي ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدۇ . بايلىققا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن بەلكى مۇشكۈل ئەھۋالدا قالىدۇ؛ ئەمما ئىككىنجى خىل كىشىلەر نىشانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلۈكسىز ئالغا باسىدۇ. بارلىق توسالغۇلارنى يېڭىپ باي بولۇپلا قالماستىن ئىلگىرىكى نامرات ھالىتىنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن قايتىدىن داستان قىلىپ يازىدۇ.

ئېدۋارد مېد جونسۇن تۇغۇلغان دەۋر دەل يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان مەزگىل ئىدى . بۇ مەزگىلدە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ پەقەتلا كېسەل تارقالغانلىق سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بوۋاقلارنىڭ ئانا سۈتى ئېمەلمىگەنلىكىدىن ئىدى. ئانا سۈتى ئېمەلمىگەن، يەنە مۇۋاپىق سۈت مەھسۇلاتى يوق شارائىتتا، نۇرغۇن بوۋاقلار بالدۇرلا ئۆلۈپ كېتەتتى. ئېدۋارد مېد جونسۇن بۇ رېئاللىقنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، ئازاپنى ھېس قىلغاچقا، ئۆزىگە «چوقۇم بوۋاقلار ئىستىمال قىلسا بولىدىغان سۈت مەھسۇلاتىنى تەتقىق قىلىپ چىقىش » تىن ئىبارەت نىشان تىكلىگەن . ئۇ بۇ ئويىنى دوستلىرىغا دېگەن چاغدا، دوسلىرى ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن ، ھەتتا بەزىلىرى سوغۇق سۇ سەپكەن. ئۇلار: ئۇ دورىگەر تۇرسا بۇنداق ئىشنى قانداقمۇ قىلالىسۇن، دەپ قارىغان. ئۇ دوسلىرىنىڭ ئۆزىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

گەرچە ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ ،بىراق سۇت مەھسۇلاتى تەتقىق قىلىش ئىرادىسىدىن تەۋرەنمىگەن.

ئىشىنىڭ تەرەققىياتى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولمىغان . ئۇ تەتقىقات داۋامىدا باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان ھەم بۇنىڭدىن ناھايىتمۇ خورلۇق ھېس قىلغان . ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئانا سۇتى ئېمەلمەيدىغان بوۋاقلارنىڭ سۇت مەھسۇلاتلىرىدىن خاتىرجەم بەھىرلىنىشى ئۈچۈن ئىدى ،شۇڭا سىرتقى بېسىم ئېغىر بولسىمۇ ئۇ چېكىنمىگەن .

نىشانىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ھەركۈنى ناھايىتى بالدۇرلا تەجرىبىخانىغا كەلگەن . ھەر كۈنى تۆرلۈك سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاپ ئانالىز قىلغان . بوۋاقلارنىڭ سۇت مەھسۇلاتىغا ئائىت مەسىلىلەرنى ئىنچىكە سۈرۈشتە قىلىپ ئىگىلىگەن . شۇنداق قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بوۋاقلار سۇت مەھسۇلاتىنى تەتقىق قىلىپ چىققان . تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن ئۇ سۇت مەسھۇلاتلىرىدىن ئانا سۇتى ئېمەلمەيدىغان بوۋاقلارغا ھەقسىز ئاپىرىپ بەرگەن . ئەينى چاغدا تارقىلىشچان كېسەل ئېمونىتىت كۈچى ئاجىز بوۋاقلارغا نىسبەتەن بىر ئاپەت ئىدى . بەختكە يارىشا نۇرغۇن بوۋاقلار ئۇ ياسىغان سۇت مەھسۇلاتىنى ئىستمال قىلغاندىن كېيىن ئېمونىتىت كۈچى ئېشىپ، ئۆلۈش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن . شۇندىن كېيىن شۇ يەردىكى كىشىلەر مۇنداق دېگەن:«ئەگەر ئېدۋارد مېد جونسون بوۋاقلار ئىستمال قىلىدىغان سۇت مەھسۇلاتىنى تەتقىق قىلىپ چىقمىغان بولسا، بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى؟!»

ئېدۋارد مېد جونسون بالدۇرلا نىشان تىكلىگەن . شۇڭا ئۇ بوشاشماي تىرىشىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بوۋاقلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سۇت مەھسۇلاتىنى تەتقىق قىلىپ چىققان. ئۇ شەرەپكە ئېرىشىپلا قالماي، نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشكەن . ھەمدە «مېد جونسۇن ئۇزۇقلۇق مەھسۇلاتلىرى شىركىتى»نى قۇرغان. بۇنىڭ ھېكايىسى كىشىلەرگە مۇنۇلارنى دەيدۇ: ـ نىشان تىكلەش بولسا بىر ئادەمنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىدىكى زۆرۈر دەرىسلىك . ئەگەر بۇ

دەرسنى ياخشى ئىگەللىمىسىڭىز ، سىزنىڭ غەلىبە يولىغا تۇتىشىدىغان يۆنىلىشنى تېپىشىڭىز ئىنتايىن تەس . نامراتلىق تونىنى تېخىمۇ سېلىۋېتەلمەيسىز .

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نىشان تىكلەش ياكى تىكلىمەسلىك ــ ئىشىدا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپلا قالماي، بايلىققا ئېرىشىشىنىڭمۇ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى. نامراتلار بايلىق قوغلىشىش يولىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاۋال نىشاننى تۇرغۇزۇش كېرەك، شۇندىلا بايلىققا ئېرىشەلەيدۇ. بولمىسا بايلىق سىزدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپلا قالماي، تەقدىرىڭىزمۇ تۇرلۇك قىسمەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

# نىشانىنى خاتا تاللاش سىزنى ھامان بايلىق بىلەن «مۆكۈشمەك» ئوينىتىدۇ

مەيلى نامراتلار ياكى بايلار بولسۇن غەلىبىلىك ھالدا بايلىققا ئېرىشىش ئۇلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ، يەنە كېلىپ بۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك كۆرەش نىشانى . لېكىن باي بولۇش ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس . تەدبىر بەلگىلىگەن ياكى ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن ۋاقىتتا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئالدىراقسانلىق ۋە يەڭگىلتەكلىك بىلەن قارىغۇلارچە ئىش قىلىشنىڭ بىر ئادەمنى غەلىبىگە باشلىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە باي بولۇش نىشانىغا ئۇرا كولايدىغان ‹كۈشەندە › ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. شۇڭلاشقا ھەرقانداق بىر ئىشتا نەتىجە قازىنىشنى ئويلايدىغان ئادەم نىشانىنى توغرا تۇرغۇزۇش ياكى نىشانىنى تاللايدىغان ۋاقىتتا قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشتىن ساقلىنىش لازىم، بولمىسا ئۆزى تۇرىۋاتقان مۇھىت ۋە بار شارائىتنى ئەتراپلىق ئويلاشماسلىق سەۋەبلىك خاتا قارار چىقىرىپ قويىدۇ ھەمدە خاتا نىشانىنى تاللايدۇ.

بېيىشنى ئارزۇلايدىغان كىشىلەر ئەگەر نىشانىنى خاتا تاللىسا ئاسانلا ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ زېھنى ۋە بايلىقنى ئىسراپ قىلىدۇ . شۇنداقلا يەنە ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، بىر ئۆمۈر نامراتلارغا ئوخشاش چارچاپ ئۆتىدۇ . ئەگەر ئۆزىگە ماس كېلىدىغان نىشانىنى توغرا تاللىسا ھەم شۇ نىشان ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلسا ئۇ ھالدا بېيىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ . پەقەت ئاساسى يۆنىلىش توغرا بولسىلا ، بېيىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە يولۇققان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە قەتئىيلىكىگە تايىنىپ، قارىماققا ئەمەلگە ئاشمايدىغان نىشانىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

ستېۋېن جوبىس ئالما شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئالما شىركىتىنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ھەممىمىزگە ئايدىڭ.

جوبىس ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن مەكتەپتىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ شەخسى

كومپيۇتېر توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ‹ مېنىڭمۇ شەخسىي كومپيۇتېرىم بولغان بولسا . . . › دېگەن ئوي ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمىگەن. ئەمما بازاردىكى كومپيۇتېرلارنىڭ سېتىلىش باھاسى يۇقىرى بولغاچقا نۇرغۇن ئادەم سېتىۋالالمايتتى . شۇنىڭ بىلەن جوبىس ‹‹ ساتقۇچى سودىگەرلەرنىڭ سالغان مەبلىغى كۆپ ئەمەس ، نېمە ئۈچۈن ئۇلار شۇنچە كۆپ پايدا ئالىدۇ؟ مەھسۇلات ئىشلىگەن تەرەپ يان كومپيۇتېرنى بىۋاستە ساتسا تامامەن بولىدىغۇ !؟ بۇنداق بولغاندا بىر قىسىم كومپيۇتېرغا ئېھتىياجلىق ئەمما باھاسىنىڭ يۇقۇرىلىقى تۈپەيلىدىن سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق، باھاسى تۆۋەن بولغان يان كومپيۇتېر سېتىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ ›› دېگەنلەرنى ئويلىغان ھەم ئىنقىلاش ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى خەلقئارا ماشىنا سودىسى چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ شەخسىي كومپيۇتېر تەمىنلەش سودىگىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

بۇ شىركەتنىڭ بەلگىلىمىسىدە ‹ ۋاكالەتەن ساتقۇچىلار ھەر ئايدا بەلگىلىك مىقداردىكى كومپيۇتېرنى چوقۇم سېتىپ چىقىرىش كېرەك › دېيىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن كۆپىنچە سودىگەرلەر شۇ ئايدىكى سېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قولىدا نۇرغۇن مەھسۇلاتلار بېسىلىپ قالغان.ساتقۇچىلارغا نىسبەتەن بېسىلىپ قالغان تاۋارلار قانچە كۆپ بولسا خەتەرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ھەتتا ئورۇنسىز زىيانغا ئۇچرايدۇ. بازار ئەھۋالىنى تەپسىلى ئىگىلىگەن جوبىس ھەر تەرەپتىكى ساتقۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلاردىن بېسىلىپ قالغان كومپيۇتېرلارنى سېتىۋالغان. سودىگەرلەر جوبىسنىڭ ئويىغا ئىنتايىن قىزىقىپ بەس ـ بەستە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان.

جوبىس بۇ كومپيۇتېرلارنى ئالغاندىن كېيىن، ياتىقىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارغا زاپچاس سەپلەپ بۇ كومپيۇتېرلارنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ. ھەمدە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى كومپيۇتېرلارنى بازارغا سالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتى ناھايىتى تېزلا ياخشى باھاغا ئېرىشىدۇ . جوبىس بازارنىڭ كەڭلىكىنى كۆرۈپ شۇ يەردىكى ژورناللارغا ئېلان بېرىدۇ. قولىدىكى ماللارنى بازاردىكى كومپيۇتېرلارنىڭ پارچە

سېتىش باھاسىنىڭ يېرىمچىلىك باھادا ساتىدۇ.سېتىشنىڭ ئېششىغا ئەگىشىپ ئىش سالمىقى كۆنسايىن ئاشىدۇ. نۇرغۇن سودا ئورۇنلىرى، دوختۇرخانا ئامبولاتورىيەلىرى ۋە ئادۋۇكاتلىق ئورۇنلىرى ناھايىتى تىزلا جوبىس بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىدۇ.

مەلۇم ۋاقىتتىن كىيىن جوبىسنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. جوبىس ئۆيىگە قايتقاندا ئاتا ـ ئانىسى جوبىسنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى سەۋەپلىك ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ئەگەر سەن ئىگىلىك تىكلەشنى ئويلساڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قىلساڭمۇ بولىدۇ.» دەيدۇ. ئاتا ـئانىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلسا، ئۆزىنىڭ تەسلىكتە ئۇچرايدىغان پۇرسەتتىن ۋاز كىچىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان جوبىس ئوقۇش بىلەن تەستە ئېرىشكەن بۇ پۇرسەت ئارىسىدا كەسكىن قارار چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ . جوبىس ئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن ئوقۇشتىن چېكىنىپ، ئىگىلىك تىكلەشنى قارار قىلىدۇ . ئاتىسى ئۇنىڭدىن سورايدۇ:«سىنىڭ مەقسىدىڭ زادى نىمە؟»، جوبىس ئويلانمايلا جاۋاپ بېرىدۇ: «خەلقئارا ماشىنا سودىسى شىركىتى بىلەن رىقابەتلىشىش» . ئۇنىڭ جاۋابى ئاتا ـ ئانىسىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى قانداق نەسىھەت قىلسىمۇ جوبىس ئۆزىنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئامالسىزلىقتىن ئاتا ـ ئانىسى جوبىس بىلەن كېلىشىم تۈزۈيدۇ. كېلىشىم بويىچە جوبىس يازلىق تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ كومپيۇتېر شىركىتى قۇرسا بولاتتى، لىكىن ۋەيران بولسىلا مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى . شۇنىڭ بىلەن جوبىس بارلىق پۇللىرىنى يىغىپ كومپيۇتېر شىركىتى قۇرىدۇ.

بۇ مەزگىل جوبىسنىڭ ئاۋالقىدەكلا پۈتۈن كۈچى بىلەن «خەلقئارا ماشىنا سودىسى پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ كومپيۇتېرنى ئۆزگەرتىپ سېتىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. شىركەت قۇرۇلۇپ بىرىنجى ئېيى جوبىس پەقەت تۆت دانە كومپيۇتېر ساتقان. ئىككىنجى ئېيى ساتقىنى 10 غىمۇ يەتمىگەن. كىيىكى نەچچە ئايدا سېتىلىش مىقدارى كۆتۈرۈلگەن. بۇ ۋاقىتتا جوبىستا يەنە يېڭى ئىدىيە شەكىللەنگەن. ئۇ ئۆزى لايىھەلەپ ئىشلەپچىقىرىپ سېتىشنى ئويلىغان. جوبىسنىڭ ئەينى

ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ قارارنىڭ خەتىرى چوڭ بولۇپ، ئازراقلا دىققەت قىلمىسا تەنتەرخىنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايتى. لېكىن جوبىس ئاۋالقىدەكلا بولارنى ئويلاپ ئولتۇرماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ كومپيۇتېرىنى ياساشقا ئاتلانغان. جوبىس ئۆزىنىڭ كومپيۇتېر ياساش ئويىنى باشقىلارغا دېگەندە، كىشىلەر جوبىسنىڭ نىشانىنى‹ يەتمەك بەسى مۈشكۈل بولغان نىشان ئىكەن › دېيىشكەن. لېكىن ئۇ تاللىغان نىشاندا چىڭ تۇرغان. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ نىشانىنى خاتا تاللىمىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلغان . ئالما شىركىتىنىڭ بۈگۈنكى ئېرىشكەن شانلىق نەتىجىلىرىمۇ ئەينى ۋاقىتتا جوبىسنىڭ نىشانىنى خاتا تاللىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

جوبىسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرگە باي بولۇش ئۈچۈن ئاۋال نىشانىنى توغرا تاللىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تاللىشىدا چىڭ تۇرماي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پىكرىگە قۇشۇلغان بولسا ، بۇ ئۆمرىدە دۇنيا كۆز تىككۈدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. بىزمۇ ئالما شىركىتىنىڭ بۈگۈنكى شانلىق نەتىجىلىرىنى كۆرمىگەن بولاتتۇق.يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا جوبىس ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن، جىددىيلىشىپ ئالدىراقسانلىق قىلغان بولسا ،ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولغان ، ھەتتا ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالغان بولاتتى .شۇ چاغدىكى ناچار پىسخىك تەسىرنى يېڭەلىگەنلىكى ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن كەسپىگە ئاتلانغانلىقىمۇ ئۇنىڭ توغرا تاللىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شۇڭا ھەرقانداق ئادەم بېيىشنى ئويلىسا ئاۋال نىشانىنى توغرا تاللاش كېرەك . نىشانىنى خاتا تاللىسا ، ساقلاپ تۇرغىنى زور بايلىق بولماستىن بەلكى مەغلۇبىيەت بولىدۇ.

ھەرقانداق ئادەم بىر ئۆمۈر نامرات ياشاشنى خالىمايدۇ، غەلىبە قىلىش ئىستىكى كۈچلۈك ئادەملەر تېخىمۇ شۇنداق. پەقەت ئويلاشمايلا ئىش قىلىدىغان كىشىلەر بىر ئۆمۈر نامرات ياشايدۇ . نامراتلار بېيىشنى ئويلىسا ئالدى بىلەن ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى، ئۆزىگە توغرا نىشان تىكلىشى، قەتئىي بوشاشماسلىقى كېرەك. بولمىسا خاتا يولغا كىرىپ قالىدۇ . غەلىبىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ، بايلىق بىلەن بولغان ئارىلىقى تېخىمۇ چوڭىلايدۇ . شۇڭلاشقا «ئامېرىكا

چىغناق ـ تارغاق يېزىقى پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى لالى ئېلسون مۇنداق دېگەن:«غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ، نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى نىشان تاللاش . نىشاننى توغرا تاللايدىغان ئادەملەر بايلار سېپىگە كىرەلەيدۇ . نىشاننى توغرا تاللىغان كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، بايلىققا يېقىنلىشىدۇ» .

★ ★ ★ بايلىقنىڭ باياني ★ ★ ★

نىشان تاللاش بىر ئادەمنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى قىلالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ . شۇڭلاشقا چوقۇم ئۆزىنىڭ تاللىشىغا ، ئۆزى ئۈچۈن بەلگىلىگەن نىشانغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىز نىشاننى خاتا تاللاپ قويسىڭىز، باي بولالمايلا قالماي ئەكسىچە تەقدىرىڭىزگە تەسىر يەتكۈزۈشىڭىز مۇمكىن.

# نېمە ئۈچۈن نىشان بىلەن ھەرىكەتنى «قوش كېزەك ئاكا- ئۇكىلار» دەيمىز

بايلار بىلەن نامراتلار ئارىسىدا زادى قانداق پەرقلەر مەۋجۇت؟ ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا نىشان بىلەن ھەرىكەتنى زىچ باغلاش ياكى باغلىيالماسلىقتىمۇ بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ ئارىسىدا روشەن پەرىقلەر مەۋجۇت .ھەركەت بىلەن نىشاننى زىچ باغلاش ياكى باغلىيالماسلىق كىشىلەرنىڭ باي ياكى نامرات بولۇشنى بەلگىلەيدۇ . نىشان بىلەن ھەرىكەت بىر جۈپ قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار . ئۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەن ۋاقتتا ھاسىل بولغان كۈچ ئىنتايىن چوڭ.

ئىرادىلىك كىشىلەر ئىشدا غەلىبە قازىنىدۇ. ئىرادىلىكلەر نىشانى ۋە ئارزۇسى بولغان كىشىلەردۇر . ئارزۇ بولسا نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى . غەلىبىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، ئېدۋارد. بارنىس تېخى نامى يوق بىر كىشى ئىدى. لىكىن ئۇنىڭدا ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسون بىلەن ھەمكارلىششتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشان بار ئىدى. بىراق غايە بىلەن رېئاللىقنىڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بارنىسنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئىككى چوڭ مەسىلە تۇراتتى. بىرىنچىسى، ئېدىسون ئۇنى تونۇمايتى. ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى قىيىنچىلىق ئىچىدە بولۇپ، ئېدىسوننى ئىزدەپ بارىدىغان كىرا ھەققىگە چىقىشالمايتى. بىراق بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇنى توسۇپ قالالمىدى .بېلەت ئالىدىغانغا پۇلى يوق بارنىس يول بويى يۈك پويىزىغا ئولتۇرۇپ، پىيادە مېڭىپ يۈرۈپ ئاخىر ئېدىسوننىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى . كۆزلىگەن يېرىگە كەلگەن ۋاقتتا ئۇنىڭ قىياپىتى تىلەمچىدىن قېلىشمايتى. لىكىن ئۇنىڭدا ئىرادىلىك قەيسەر يۈرەك بار ئىدى. دەسلەپتە ئېدىسون بارنىسقا كىرىمى ناھايىتى تۆۋەن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى تاپشۇردى . قەتئىي ئىرادىلىك بارنىسقا نىسپەتەن ئەگەر ئېدىسوننىڭ كەسپى قورغىنىدىكى بىر پارچە خىش نەگە ئېھتىياجلىق بولسا ،ئۇنى شۇ يەرگە يۆتكەش چاغلىق ئىش بولسىمۇ ئۇ خاپا بولمايتى. ئۇ بۇنى

نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول دەپ قارايتى. دەسلەپتە ئېدىسوننىڭ قوشۇمچە يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلغان بارنىس ئىزچىل ئۆزىنىڭ نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى پۈتۈن ئۆمرىدىكى قوغلىشىش نوقتىسىغا ئايلاندۇرغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىجتىهات بىلەن ئېدىسوننىڭ ئىشخانىسىدا خىزمەت قىلاتتى . ئېدىسون ئۆزىگە ئىتىبار قىلمىغان تەقدىردىمۇ، بارنىس ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ نىشانىدىن ۋاز كەچمىدى. ئاخىرى 5 يىلدىن كېيىن بارنىس ئېدىسون بىلەن رەسمى كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىم ئىلگىرىكى قەلەندەر سياقىدا ئەمەس ئىدى . مۇۋاپىقىيەت قازانغان كىشىلەرگە خاس كىينگەن بارنىس نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاخىرى ئېدىسوننىڭ كەسپى ھەمكارلاشقۇچىسىغا ئايلاندى.

بارنىس نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئۆزىگە چېكىنىش يولى قالدۇرمىدى . ئۇ ئېدىسوننىڭ ئىشخانىسىغا كەلگەندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى . ئۇنىڭ نىشانى ئېدىسوننى كۆرۈش ئەمەس، ئۇنىڭدىن بىر كىشىلىك خىزمەت تەلەپ قىلىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئېدىسون تاپشۇرغان ئىشنى ياخشى قىلىش، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسىغا ئايلىنىش بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر نىشانى ئىدى . ئۆزىنىڭ نىشانىدا چىڭ تۇرۇش ، قەتئىي ۋاز كەچمەسلىكتىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ ئۇنى ئاخىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

نۇرغۇن ئادەم بىر كېچىدىلا باي بولۇشنى ئويلايدۇ. بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ لېكىن ئۇنداق تەلەيلىك كىشىلەر كۆپ ئەمەس . نۇرغۇنلىغان بايلار يەنىلا ئاۋالقىدەك ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بايلىق توپلايدۇ. ئامېرىكا پەن ـ تەتقىقات ئورنىنىڭ بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىدىكى 100مىڭ بايىنىڭ ئىچىدە %80 تىن كۆپرەكى 50 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بايلىق نىشانىنى بەلگىلىگەندىن كېيىنكى ئاكتىپ ھەرىكەتتىن كەلگەن.

*نىشان بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈپ غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم ئىككى نۇقتىسى بار:*

**بىرىنچىسى**، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇش. ياخشى پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك، قارامىلىق

قىلماسلىق كېرەك. لىكتاسىملىق ۋە قاراملىق قىلىش بىر خىل ھاماقەتلىك. بۇنداق ئەھۋالدا ھەرىكەت قىلىش مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. باي بولۇشنى ئويلايدىغان ئادەم پۇرسەتنى كۆزۈتۈشكە ھەمدە ئۇنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇشى، ئەڭ ياخشى پۇرسەتتە ئەڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

**ئىككىنچىسى**، ئىككىلەنمەسلىك كېرەك. بىر قىسىم چوڭ مەسىلىلەردە، بولۇپمۇ ھالقىلىق پەيتتە ئىككىلىنىشتىنمۇ يامان ئىش يوق. ئىككىلىنىش پۇرسەتنى كەتكۈزۋېتىپلا قالماستىن، ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شۇڭا سىز مەلۇم ئىش قىلغان ۋاقتتا ئەگەر پىلانىڭىز ئەتراپلىق بولسا، پۇرسەت پىشىپ يېتىلسە ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ . ئىككىلىنىش پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ ھەمدە ھەرگىزمۇ غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

بېيىشنى ئويلايدىغان ئادەم نىشان تىكلەش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك . نىشان بىلەن ھەرىكەتنى «قوش كېزەك ئاكا ـ ئۇكا» غا ئايلاندۇرغاندا ئاندىن ئورتاق رول ئويناپ بايلىققا ئېرىشىش مۇمكىن.

# نىشانغا توغرا ئۇرۇن بىكىتىش – باي بولۇش يولىدىكى «زۆرۈر دەرسلىك»

نامراتلار كۆتكىنىدەك غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ تۈپكى سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۆزىگە قانداق ئورۇن بىكىتىشنى، ئۆزى كۆرەش قىلىدىغان كەسىپ ۋە يۆنىلىشنى بىلمەيدۇ. يەرەكلىك پەرەز قىلساق: ئەگەر ئېدىسون كىشىلىك نىشانىنى كەشىپ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش قىلىپ بەلگىلىمەي، بەلكى بىناكارلىققا مەبلەغ سالغان بولسا، ئازغىنە مائاش ئالىدىغان قۇرۇلۇش ئىشچىسى بولۇشى مۇمكىن. ھەرگىزمۇ دۇنياغا داڭلىق كەشپىياتچى بولالمايتى؛ ئەگەر ئېينىشتېين فىزىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماي، پەقەت ماشىنا ياساشنى نىشان قىلغان بولسا، «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرغا قويۇشى قىيىن ئىدى. بەلكىم ئاددى ئىشچى بولۇپ ئۆتكەن بولاتتى. شۇڭا بايلارنىڭ باي بولالىشىدىكى سەۋەپ، پەقەت ئۆزىدىكى كۆپ پايدىغا ئېرىشەلەيدىغان ئىقتىدار بولماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئورۇن بىكىتىشكە ماھىر بولۇپ ، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرغانلىقتىن بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ نىشانغا توغرا ئورۇن بىكىتىش شۇ ئادەمنىڭ كەلگۈسىگە نىسپەتەن ناھايتى ئاكتىپ رول ئوينايدۇ . ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى توغرا تونۇپ، نىشانىنى توغرا تاپقاندىلا ئاندىن باي بولغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو سودا ساھەسىدە «ئاجايىپ ئايال» دەپ نام ئالغان جاڭلەن ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق ئورۇن بىكىتىشنى چۈشىنىدىغان باي. ئۇ ئۆزىدىكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئارتۇقچىلىقنى بىلىدۇ. ئۇ بىر قېتىم ۋاز كەچكەن كەسىپكە ئەپسۇسلانمىسمۇ ،يەنىلا ۋاز كەچتى . چۈنكى ئۇ خاتا تاللاش بىلەن تۇسۇلۇپ قالماسلىقنى بىلەتتى.

جاڭلەن ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئائىلىسى ئالىلقاچان زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولسىمۇ، لىكىن ئەنئەنىۋى ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرۇش داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ جاڭلەنگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئەسلىمىسگە ئاساسلانغاندا ، بالىلىق دەۋرى كىيىم ـ كېچەك ،

ئۆزۈق ـ تۈلۈك كەمچىل دەۋرگە توغرا كېلىدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى يېمەكلىكلەر ئىسىل ئىدى . تاماق ئۈستىلىگە پەقەت نەچچە خىل تىزۇلانغان سەي قويۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنى كۆركەم ھالەتتە تىزىدىكەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ، ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ بېيجىڭغا قايتقان بولۇپ، ئەينى چاغدا جۇڭگو تاۋار ئىگىلىكى دەۋرىدە تۇرۋاتاتتى. ياش جاڭلەن ئۆزىگە چەتئەلگە چىقىپ پۇل تېپىشتىن ئىبارەت نىشان تۇرغۇزغان.

ئۇ كانادادا پۇل تاپقاندىن كېيىن باي بولۇش نىشانى ئۈچۈن قايتىدىن ئورۇن بەلگىلەپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىگىلىك تىكلەشنى قارار قىلغان . ئۇ 20 مىڭ دوللار تاپقان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى مەبلىغى ئىدى. ئۇ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن قىسقا مەزگىل ئانىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسى ئۇنىڭغا: «كىچىك چېغىڭدىكى يېزا تۇرمۇشى ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ چاغدا بىر ئائىلە كىشىلىرى يەنە تويغۇدەك بىر ۋاق تاماق يېيىشنى غەم قىلاتتۇق. لېكىن سەن تاماق ئۈستىلىدىكى رەڭگارەڭ سەيلەرنى كۆرگەندە ھارغىنلىقىڭ يوقاپلا كېتەتتى. شۇڭا سەن بىزنىڭ نەزىرىمىزدە مەڭگۈ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ياشاشنى بىلىدىغان ئادەم.» دەيدۇ. ئانىسىنىڭ دېگىنىدەك، جاڭلەن ئاشپەزلىك جەھەتتە بىر تالانت ئىگىسى بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك ساھەسىگە كىرسە بەلكىم ئۆزىگە تەۋە بولغان بايلىققا ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، «ئالەن رېستورانى» نامىدىكى تاماقخانا بېيجىڭدا رەسمىي تىجارەت باشلىدى .

تاماقخانىنى بېزەشنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇ ئۆزى قىلغان بولۇپ، بېزەشتىكى ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ سىچۈەندىن بامبۇك يۆتكەپ كېلىپ، تاماقخانىنى جەنۇبنىڭ بامبۇك راۋاقلىرىدەك بېزەپ چىققان. «ئالەن رېستورانى» نىڭ ئالاھىدە بېزىلىشى ۋە جەنۇب ـ شىمال قورىمىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكى تېزلا نۇرغۇن خېرىدارلارنى جەلىپ قىلغان. ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تىجارىتى پايدىغا يۈزلەنگەن. لېكىن ئۇ پەقەت بۇ رېستوران بىلەنلا

چەكلەنسە ئىشنى چوڭ قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا 1995 ـ يىلى «دېڭىز مەھسۇلاتلىرى رېستورانى» نامىدا يەنە بىر تاماقخانا ئاچقان. بۇنىڭ بېزىلىشمۇ ئالاھىدە بولۇپ، نۇرغۇن خېرىدارلارنى جەلىپ قىلغان.

جاڭلەننى بايلىق قوغلىشىش يولىدىكى ئۆزىگە توغرا ئورۇن بىكىتەلەيدىغان كۆچلۈك ئايال دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ ئىگىلىك تىكلەشتىن ئاۋال ئۆزىگە مۇۋاپىق كەسىپ تاپقانلىقتىن، كەسپكە ئاتلانغاندىن كىيىن تېزلا غەلبە قىلىپ نۇرغۇن پۇل تاپقان. ئۇ قانائەتلەنمەيدىغان ئادەم. ئالىقاچان بايغا ئايلانغان بولسىمۇ لىكىن نىشاندىن ۋاز كەچمەي چوڭ نىشانغا قاراپ ئاتلاندى . شۇڭا ئۇ غەلبە قىلدى .

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ بېيىش يولىدىكى ئىپادىسى ئوخشىمايدۇ . ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ئوربىتىسى بولسا نىشانغا بولغان توغرا ئورۇن بىكىتىش. بۇنى كىشلەرنىڭ بېيىش يولىدىكى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەرس دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ سىزنىڭ بايلىقنى كونترول قىلىش ـ قىلالماسلىقىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

★ ★ ★ **بايلىقنىڭ بايانى** ★ ★ ★

ھەربىر ئادەمنىڭ بايلىق قوغلىشىش ھوقۇقى بولىدۇ. لىكىن بايلىق ھەممىلا ئادەمگە نىسىپ بولمايدۇ . نامراتلار باي بولۇشنى ئويلىسا چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىش كېرەك . ئەگەر نىشاننى ياخشى بىكىتمىسە، نامرات بولۇپلا قالماستىن، بايلىقنى ئۆزىدىن بارغانسىرى يىراقلاشتۇرىدۇ . شۇڭا بىر ئادەم ئۆزىنى ھەقىقى چۈشەنسە، نىشانغا توغرا ئورۇن بىكىتسە ئاندىن باي بولۇش يولىدا تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ماڭالايدۇ.

## كەسىپىڭىزنىڭ ‹چوڭى› بولۇش نىشانىڭىز بارمۇ - يوق، باي بولۇش نىشانىڭىزنى بەلگىلىيەلەمسىز؟

ھەممەيلەنگە مەلۇم ،ھەربىر كەسپىنىڭ ‹چوڭى› بولىدۇ، ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، ‹چوڭى›بولسا ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەمەلى كۈچى ئەڭ كۈچلۈك،ھوقۇقى ئەڭ چوڭ قاتارلىقلارنىڭ ئالماش سۆزى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ،ئۆزىنى چوڭغا ئايلاندۇرۇشنى مۇۋاپىقيەت ئۈچۈن ئۆل سالغانلىق دىيىشكە بولىدۇ، بۇ نۇرغۇن بايلار ھازىرلىغان ئالاھىدىلىكتۇر.

كۆپۈنچە ۋاقىتتا نامراتلارغا سېلىشتۇرغاندا، بايلارئۆزى شۇغۇللانغان كەسپىنىڭ ‹چوڭى›بولالايدۇ. بۇ خىل ھالەتنى ئاساسلىقى نىشانىدىكى پەرق بەلگىلىگەن، چۈنكى بايلارنىڭ كاللىسىغا‹ ‹باشقىلارغا يۆلەنمە،ئۆزەڭگە تايان› ›دەيدىغان ئىدىيە ئورناپ كەتكەن. ئۇلار مۇشكۈل ئەھۋالغا يۇلۇققاندا ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنى خىيال قىلمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۆزىگە تايىنىش ـ باي بولۇشتىكى پەلسەپە.

رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان مۇھىتتا كەسپىنىڭ <چوڭى > بولغان بۇ نوپۇزلۇقلارنىڭ ئۆزىگە تايىنىشتىن باشقا تاللىشى يوق. چۈنكى ئۇلار ھەممە ئىشنى ئۆزى ھەل قىلغاندىلا ھەمدە كەسپىنىڭ مەشھۇرى بولغاندىلا ئاندىن غەلبە قىلىدۇ ھەم ئۇزاققىچە تەرەققى قىلالايدۇ، شۇنداقلا باي بولۇش چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزنى كەسپتىكى ‹چوڭ›غا ئايلاندۇرالايمىز؟ ياپونىيەنىڭ سېتىش ماھىرى يۈەن يىپىڭ: «غايەت زور نىشان بېيىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى» دەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئادەتتىكى ئادەم نام ـ شۆھرەتلىك ھەم باي ‹چوڭ› غا ئايلىنىش، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق باي بولۇش ئۈچۈن سان ـ ساناقسىز ئوڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىشى؛ ئۆزىنى تېخىمۇ قەيسەر، تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىپ تاۋلاپ چىقىشى كېرەك، شۇندىلا باشقىلارنى ھەۋەس قىلدۇرالىغۇدەك‹چوڭ›بولالايدۇ. ئەلۋەتتە، يەنە بىر ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم

شەرت غايەت زور نىشان تىكلەش كېرەك.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى، ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىكى ئەمەلىيلا 56 ياشقا كىرگەن باي سودىگەر ئاجىل.تېل كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا بىر پارچە ۋەسىيەتنامە قالدۇرغان بولۇپ، ۋەسىيەتنامىگە ئېنىق قىلىپ مۇنداق يېزىلغان:نامراتلاردا ئەڭ كەمچىل بولغىنى نېمە؟ ئەگەر بۇ سوئالغا كىم جاۋاپ بېرەلىسە ،توغرا جاۋاپ بەرگەن ئادەم 500مىڭ ئامىركا دوللىرى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئامېرىكا ئاخپارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى بېسىپ چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن تېزدىن بەلگىلەنگەن جايغا يىتىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابىنىڭ كۆپىنچىسى پۇل، ھوقۇق ھەتتا ئاززۇ،ئەلۋەتتە يەنە باشقا ئوخشمايدىغان جاۋاپمۇ بار بولۇپ ، نەچچە ئونمىڭلىغان جاۋاپ ئىچىدە پەقەت ماتگىرىن ئىسىملىك بىر ياشنىڭ بەرگەن جاۋابىلا ئاجىل تېل قالدۇرغان جاۋاپ بىلەن ئوخشاش چىققان.

ئۇنىڭ جاۋابى « نىشان » دىگەن بىرلا سۆز بولۇپ ، ئەلۋەتتە ماتگىرىن غەلىبىلىك ھالدا 500مىڭ ئامىركا دوللىرىغا ئېرىشكەن.

ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق، نامراتلاردا ئەڭ كەمچىل بولغىنى«نىشان»، ئۇلار ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى باشقىلاردىن تۆۋەن ،غەلىبە قىلىشنى بەك تەس دەپ قارايدۇ، ئەگەر مۇشۇنداقلا ئويلىسا ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، بۇ خىل قاراش غەلىبىنى قوغلىشىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ پۇتلىكاشاڭدۇر. نۇرغۇن ۋاقىتتا «مېنىڭ ھېچبىر ئىقتىدارىم يوق،ئەھۋالىم ناچار » دەيدىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان دورا يوق ئەمەس،مۇھىمى شۇ كىشىلەر غەلىبە قىلىشنى خالامدۇ يوق، بايغا ئايلىنىشنى ئويلايدىغان نىشانى بارمۇ ـ يوق؟دىگەن مەسىلىدۇر.

چىرايى كۈرۈمسىز جوۋېيلىن تۇنجى رەت دىراما كۆرگىلى بارغان چاغدا ،ئەر باش رولچىنىڭ قالتىس ماھارىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مەستخۇش بولغان ھەمدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئارتىس بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بالىلىق دەۋرىدە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئوتتۇرھال سەۋىيەدىكى ئائىلە

بۇلۇپ، ئاتا ـ ئانىسى سەنئەتچى بۇلۇشىنىڭ جاپاسىنى بىلگەچكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئارتىس بۇلۇشىغا قارشى تۇرغان، لېكىن جوۋپىلىن بۇنىڭلىق بىلەن نىشانىنى ئۆزگەرتمىگەن، ئەكسىچە ئالاھىدە كومېدىيە ئارتىسى بۇلۇشتا چىڭ تۇرغان. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارشىچە ئۇنىڭدا ئارتىس بۇلۇشقا تۇغۇلىشىدىنلا دەسمايە يوق. چۈنكى ، ئۇنىڭ بۇيى پاكار بۇلۇپلا قالماي تەلەتى كۆرۈمسىز ئىدى.ئەمما جۇۋپىلىن نىشانىدىن زادىلا ۋاز كەچمىدى ھەم ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئاخىر

1903 ـ يىلى تۇنجى رولغا چىقتى، ئۇزۇن ئۆتمەي رەسمى ھالدا بىر گېزىت ساتقۇچى بالىنىڭ رولىغا چىقتى. ياش جوۋپىلىن ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسى بىلەن ئۇزلۇكسىز سەنئەت ساھەسىگە قەدەم تاشلىغان. كۆپچىلىك ئۇ ئۇرۇنلىغان نۇمۇر كىشىلەرگە قانداق يېڭىلىق بېرەركىن دەپ كۈتۈپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن غايىپ بۇلۇپ ئامېرىكىغا بېرىپ ۋوللىۋودتا تەرەققى قىلغان. ئۇ ئىلگىرى:《منىڭ ھايات نىشانىم سەنئەت ساھەسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىقىش》دېگەن ئىدى، ئاشۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ۋوللىۋودتىكى ھەربىر كىنو ئىشلەش سودىگەرلىرىنىڭ يېنىغا بارغان، ئەمما رەت قىلىنغان.ھېچكىممۇ بەدىنى ۋىجىك، كۆرۈمسىز ئارتىسنى ئىشلىتىشنى خالىمىغان. ئۇ قايتا ـ قايتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇتسىزلەنمىگەن شۇنداقلا ھەر قانداق بىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن، ناھايىتى كىچىك رول بولسىمۇ ئىككىلەنمەي كۆڭۈل قويۇپ ئوينىغان.

سەنئەت ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيگەن ،ئۆزىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى بەلگىلىگەن جۇۋپىلىن ئىشلىرىدا كۈنسايىن روناق تاپتى،بۇلۇپمۇ كومېدىيە ۋە ئاۋازسىز كىنو قاتارلىقلاردا كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى.ئۇ ئىشلىگەن قىسقا كومېدىيە《ئىتنىڭ ھاياتى》،《مائاش تارقىتىدىغان كۈن》 ھەمدە 《فىرانسىيەدىكى ئايال》قاتارلىق ئاۋازسىز كىنو كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.نام چىقارغاندىن كېيىن جوۋپىلىن بىر ئىزىدا توختاپ قالماي كىنو ئىشلىگۈچى بۇلۇش ھەم كىنو ئىشلەش شىركىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە ئارتىس قۇشۇمچە كىنو ئىشلىگۈچى بولدى. ئۇ ئىشلىگەن تۇنجى فىلىم «مۇستەبىت»قۇيۇلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ياقتۇرىشىغا ئېرىشتى،سەرخىل

نۇمۇرلىرى ئۇنى كىشلەرنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشتۈردى ھەم ئوسكار ئالتۇن ھەيكەل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن دەۋر ژورنىلى ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:« جوۋپىلىننىڭ كىشنى ھەيران قالدۇرغىدەك رول ئېلىش ماھارىتى پەقەت خاۋلەيۋۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپلا قالماي بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئېسىدە قالدى.»

ئەمەلىيەتتە بايلىق قابىلىيىتى بارلارغا ئەگىشىدۇ،چۈنكى ئىقتىدارلىق ئادەم بايلىقنى ئۇنۇملۇك تۇتۇپ تۇرالايدۇ،ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ،گەرچە كىشلەر ئىقتىدار جەھەتتىن پەرقلىق بولسىمۇ لىكىن بۇ بايلىقنى تۇتۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەمەس.كۆپ ۋاقىتلاردا ياشاش نىشانىنى بىكىتكەن ھەمدە كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان كىشلەردە ئاندىن بايلىقنى تۇتالايدىغان ئىقتىدار بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كەسپىنىڭ‹‹چوڭ››ىغا ئوخشاش مۇۋاپىقەيەتنىڭ چوققىسىدا تۇرۇشنى ئۆگىنىش لازىم،شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆرگىلى يەنە كىشنى ھەۋەس قىلغۇزغىدەك بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

بايلىق قوغلىشىش يولىدا بايلار كەينىدە قېلىشنى خالىمايدۇ،ئەكسىچە‹‹چوڭ››بۇلۇش نىشانىنى بەلگىلەيدۇ.چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىش قىلسا چوقۇم ئەڭ ياخشى قىلىش،نۇپۇزلۇق بۇلۇش،قەتئى ئەڭ چوققىسىدىكى ئورۇندا تۇرۇش كېرەك،شۇندىلا نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ ھەمدە بايلىققا ئېرىشەلەيدۇ.



## بىلىم پەرقى:

## بايلارئۆزلۈكسىز ئۆگىنىدۇ، نامراتلار يۈزەكى ئۆگىنىپلا بولدى قىلىدۇ

نامراتلار كۆپچىلىكنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ،ئەمما بايلار قارغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ،نامراتلار ئاددى تۇرمۇشقا ئىنتىلىدۇ،بايلار قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇشتا ياشاشقا جۈرئەت قىلىدۇ؛نامراتلار دائىم ئۆگىنىشنى ياختۇرمايدۇ،لىكىن بايلاردا بەلگىلىك بىلىم بولسىمۇ سۇئال سوراشتىن نومۇس قىلمايدۇ،چۈنكى بايلار:«ئۈچ كىشىنىڭ ئىچىدىن ئۇستاز بولغىدەك بىرى تېپىلىدۇ»دىگەننى چۈشىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە،جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ئىلگىرلەۋاتىدۇ،پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىمۇ شۇنداق تىز.«‹ پەن ـ تېخنىكا تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىدۇ، پەن ـ تېخنىكا تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ›»مەيلى دۇنيا قانداقلا ئۆزگەرسۇن بىلىم يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم،بايلار بىلىم كەمچىل بولسا پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىۋاتقان بۇ دەۋردە شاللىنىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ،شۇڭا داۋاملىق ئۆگىنىدۇ،تىرىشىپ كۆرەش قىلىدۇ.لىكىن نامراتلار بۇنىڭ ئەكسىچە .ئۇلارمۇ ئۆگىنىدۇ،لىكىن نامراتلار ئۆگەنگەندە يۈزەكى ئۆگىنىپلا بولدى قىلىدۇ،يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ چۈنكى ئۇلاردا ئۆگىنىشكە بولغان ھەركەتلەندۈرگۈز كۈچ كەمچىل.

نامراتلار بىلەن بايلار ئارىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرىق:بىرى ئۆگىنىشكە ماھىر،ئىجاد قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم ،مەيلى قانچىلىك تۆۋەندىن ئىش باشلىسۇن ئىلگىرى قانچىلىغان كىشىنىڭ مەسخىرىسىگە قالغان بولسۇن ،ئۇلار ھەمىشە بۇخىل ناچار ھالەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ،چۈنكى ئۇلار بۇ نومۇس ۋە مەسخىرلىك يولدا ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى تاپىدۇ،ئۇنىڭدىن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىرىشىدۇ،چىقىش يولىنى تاپىدۇ.ئويلانمايلا ئىش قىلىدىغان ئادەمنىڭ باشلاش نۇقتىسى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ ھامان نامرات بولۇپ قالىدۇ.چۈنكى ئۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ ئۆزىگە يەتمەيدىغان

تەرەپلىرىنىلا كۆرىدۇ،ئەمما ئۆزىدىن ئۈستۈن تەرەپلىرىنى كۆرمەيدۇ،بارلىق نەزىرىنى باشقىلارغا قارىتىدۇ،ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ،نەتىجىدە ئىلگىرىلىمەي توختاپ قالىدۇ ياكى تۆۋەن قاتلامدىكىلەرگە ئايلىنىدۇ.

# نامراتلار جان ساقلاش ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىدۇ، بايلار تېخىمۇ بېيىش ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىدۇ

«غايە قانچە چوڭ بولسا، سەھنىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ» دىگەن بۇ بىر جۈملە باي بولۇشقىمۇ ماس كېلىدۇ. ئەگەر سىز بىر مىليونغا ئېرىشىشنى ئويلىسىڭىز، سىز پەقەت شۇنىڭغا لايىق ئېرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز ئاندىن ئېرىشەلەيسىز؛ ئەگەر سىز100يۈەن بىلەن قانائەتلەنسىڭىز سىزنىڭ ئېرىشچانلىقىڭىزمۇ پەقەت100يۈەنلىك قىممەتنى يارىتىدۇ.

نامراتلارنىڭ نىشانى تۇغۇلۇشىدىنلا كىچىك بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ غايەت زور بايلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئاددى ياشاش، ھەر ئىشنى ئۆز يولى بىلەن قىلىش ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشى، بۇ ئۇسۇلنىڭ ناچار بولۇشى ناتايىن. ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىشمۇ تۇرمۇشقا بولغان بىر خىل پوزىتسىيە، لېكىن بۇخىل پوزىتسىيە بىزنى بايلىققا ئېرىشتۈرەلمەيدۇ.

بايلار بايلىققا بولغان ئىنتىلىشتە نامراتلارغا ئوخشاش قانائەتچان ئەمەس، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئاددى ئادەم ئەمەس، غايەت زور بايلىققا ئېرىشىش ئۇلارنىڭ ئاساسى مىلودىيەسى. بايلىق بولسا يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشتىن بەھىرلەنگىلى بولىدۇ، بايلىق ئۇلارغا ھوقۇق ۋە نام-شۆھرەت ئېلىپ كېلىدۇ، بۇخىل ئويلاشنىڭمۇ خاتا بولۇشى ناتايىن. مال-دۇنياغا ئېرىشىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئادەمنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسىمۇ ئاكتىپ بولىدۇ. پەقەت ئۆزىدىكى بايلىقنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولسىلا ئۆزىگە گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش بىلەن بىرگە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ۋە دۆلەتنىڭ گۈللەپ قۇدرەت تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

نامراتلارمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىر كىشىلىك مۇقىم خىزمەت تېپىش. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ، ئەزەلدىن باشقىلارنى باشقۇرۇش ئارزۇسى بولمايدۇ. ئىشقا بېرىش، ئىشتىن چۈشۈش، تىرىشىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت ئۆزگەرمەس تۇرمۇش ئۇلارغا نىسبەتەن مۇقىم، ئازادە تۇرمۇش. بەلكىم بەزى نامراتلار يۈكسەك

مەقسەتنى ئالدىغا قويغان بولۇشى مۇمكىن،بولمىسا ئۇلار نېمىشقا رىئاللىقتىن «ئۆزلىرىنى خىزمەتكە باغلاپ قويدى»،دەپ ئاغرىنىدۇ؟نامراتلاردا بۇنداق ئىدىيەنىڭ بارلىقىغا كىلىشى ئۇزىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقىدىن ياكى ئۇزىدىكى ئىچكى ئاجىزلىقنى يوشۇرغانلىقىدىن ئىبارەت.چۈنكى ھەقىقى ئۇزىنى باغلاپ قويغىنى رىئاللىق ئەمەس دەل ئۇلارنىڭ ئۇزى،ئۇزىنىڭ ئىدىيەسى.بۇنداق ئويلايدىغان ئادەم ھەر قانچە جىق بىلىم ئىگەللىسىمۇ ،تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەر توپىدىن يۇقىرى كىرىملىك كىشىلەر توپىغا سەكرىسىمۇ ئاۋۇالقىدەك يەنىلا باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ.

سىز بايلىقىقا ئېرىشىش ئۇستىدە ئامال ئىزدىمىسىڭىز بايلىق ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلمەيدۇ.

بايلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشتىكى مەقسىدى بىلىمنى ئىشلىتىپ بايلىق يارىتىش،ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۇچۇندۇر.ئۇلارنىڭ جىسمىغا بۆرىنىڭ خارەكتىرى ئورناپ كەتكەن بولۇپ ،دەسلىۋىدە ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇشى پەقەتلا ئېنىرگىيە توپلاش ئۇچۇن.ئۇلار ئۆزلىرى ئاجىز چاغدا ئۆزىنى يوشۇرىدۇ،پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئىش باشلايدۇ.ئۇلاردا ئادەمگە ،مال ـ دۇنياغا ھەتتا ھوقۇققا بولغان تۇغما كۈچلۈك كونترول قىلىش ئارزۇسى بولىدۇ. بۇ ئارزۇ ـ ئىستەك پەقەت بايلىق بولغاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.لوۋرىنىڭ مۇندان مەشھۇر سۆزى بار«بايلىق گۆھەرگە ئايلىنالايدۇ،چۈنكى ئۇ ھوقۇق،ئەمىنلىك،ئەركىنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.»بۇنداق ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بايلىققا ئېرىشىش مۇشكۈل،كۆلپەتلىك ياكى قورقۇنۇشلۇق ئىش ھىساپلانمايدۇ.

ئەمدىلا ئۇقۇش پۇتتۇرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئوخشاش بىر باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرىدۇ،ئۇلاردا بەلگىلىك كەسپى بىلىم بار،ھەممىسى بىر كىشىلىك مۇۋاپىق خىزمەت تاپالايدۇ،لىكىن بىر نەچچە يىل خىزمەت قىلغاندىن كىيىن ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تەقدىرگە يۈزلىنىدۇ.ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نامراتلاشقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خىزمەت قىلىشى پەقەتلا تۇرمۇش ئۇچۇن ،شۇڭا ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر باشقىلار ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ.ئەمما يەنە بىر قىسىم بېيىغانلىرى ئوخشىمايدۇ،ئۇلار ئاكتىپ ئىلگىرلەيدۇ،ئۇزىگە پۇرسەت يارىتىش ئۇچۇن توختىماي كۈرەش

قىلدى.ئۇلار «ئون نەچچە يىللىق جاپالىق ئوقۇشۇم باشقىلارنىڭ پۇل تېپىشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ،بەلكى ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى ئىشلىتىپ ئۆزۈمنىڭ كەسپىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن »دەپ قارايدۇ.

ماسەي ـ جېن جىن خەلقارالىق مائارىپ گورۇھىنىڭ باش لىدىرى .كىچىكىدە ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ ،تولۇق ئوتتۇرنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئۇ ئالى مەكتەپ ئوقۇش پۇلى ۋە تۇرمۇش راسخوتىنى تېپىش ئۈچۈن ئۆزى ئىگىلىك تىكلەشنى ئويلاشقا باشلىغان.بىراق مەبلەغ سالىدىغان پۇل ياكى بىرەر ھۈنىرى يوق ئەھۋالدا ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟بېشىنى قاتقان ماسەينىڭ خىيالىغا ئۆزىنىڭ تولۇق ئوتتۇردىكى مەزگىلىدە ئۆگەنگەن كونا كىتاپ ـ ماتېرىياللىرى كىلىدۇ.بۇ كونا كىتاپ ـ ماتېرىياللار ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى . ‹‹نىمىشقا بۇ ئىشلىتىپ بولغان كىتاپلارنى سېتىۋەتمەيمەن؟››دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.شۇنداق قىلىپ ماسەي مەكتەپ ئالدىدا يايما ئېچىپ كىتاپ سېتىشقا باشلاپتۇ،ئۇ ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاكتىپلىق بىلەن كىتاپلىرىنى تونۇشتۇرۇپتۇ،ھەتتا ساۋاقداشلىرىغا ياردەملىشىپ قىيىن نۇقتىلارنى مۇلاھىزە قىشىپ بېرىپتۇ،بۇ ئارقىلىق ئۇ بارلىق كونا كىتاپلىرىنى سېتىپ بوپتۇ.ئوقۇشقا كىرىش ئالدىدا يەنە بەش نەپەر تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىسىغائائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئوقۇش پۇلى ۋە تۇرمۇش راسخوتىنى تېپىپتۇ.

بۇھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئىگىلىك يارىتىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

ئۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن دەرستىن سىرتقى تەكرار قىلىش سىنىپى ئېچىشنى قارار قىلدى.ئالى مەكتەپكە كىرگەندىن كيىن ماسەي بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ بىر تەرەپتىن ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن ھەمكارلاشقۇچى ئىزدىدى ھەم يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ئۇ ئىككى ھەمكارلاشقۇچى بىلەن ئەنشەن شەھرىدە تۇنجى تەكرار قىلىش سىنىپى ئاچتى.

2003 ـ يىلى ماسەي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولدى،ئالى مەكتەپنىڭ

3 - يىللىقدىكى يازلىق تەتلدە، ئۇنىڭ كوللىكتپىدا 50-60 ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى.قىسقىغىنا 40-50كۈندە بارلىق چىقمىنى چىقىرۋەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىلا 100 مىڭ يۈەن تاپقان، 2004-يىلى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ماسەي ئۆزىنىڭ تەربىيلەش ئورنى« جېن جىن ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى »نى رەسمى قۇرغان. 2007-يىلى ماسەينىڭ شىركىتى بارا - بارا تەرەققى قىلىپ ،ئۇمۇ ئەنشى شەھەرلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان، بۇ بىر يىلدا ئۇ شىركىتىنى ئەتراپقا كېڭەيتكەن. 2009-يىلى جېنجىن مائارىپى تارماق ئورنى شىمالدىكى نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەرنى قاپلىغان، 2010-يىلى جېن جىن خەلقارالىق مائارىپ گوروھى تارماق تەربىيلەش ئورنى67گە يەتكەن.

پەقەت سىزدە يۈكسەك غايە،ئاكتىپ ئۆگىنىش ئىدىيىسى،ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرلەش روھىلا بولىدىكەن،سىزمۇ ماسەيگە ئوخشاش بىر نامرات ئوقۇغۇچىدىن مۇنەۋەر كارخانىچىغا ئايلىنالايسىز.ئۆگەنگەن بىلىمىڭىزنى تولۇق ئىشلەتسىڭىز،ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى سىزنى پەقەت بىر كىشىلىك خىزمەت ئورنىغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە سىزنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققى قىلدۇرۇشى مۇمكىن.

نامراتلارنىڭ نەزىرىدە،بايلىق ياماشقىلى بولمايدىغان ئېگىز چوققا بولۇپ، بىلىم ئۆگەنسە پەقەت تاغ قاپتىلىدىكى بىر پارچە تاشقىلا يامىشىشقا ياردىمى بولىدۇ.بىلىم بىلەن ئېگىز بايلىق چوققىسىغا يەتكىلى بولمايدۇ ، -مانا بۇ نامراتلارنىڭ خىيالى .ئەمما بىز باي بولۇشنى ئويلايدىكەنمىز ھەرۋاقىت ئۆزىمىزنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز،ئاندىن ھەربىر قېتىملىق خىرىسنى قۇبۇل قىلىشىمىز كېرەك،مەغلۇپ بولسا نىمە بوپتۇ؟مەغلۇپ بولغاندىكى تەجرىبە-ساۋاق سىز ئېرىشكەن يەنە بىر خىل بايلىق ئەمەسمۇ؟

نامراتلار بارغانسىرى نامراتلىشىدۇ،سەۋەبى ئۇلار قىيىنچىلىق ۋە خىرىس ئالدىدا ئىككىلىنىپ قارار قىلالمايدۇ،توختاپ قېلىپ ئالغا باسمايدۇ،شۇڭلاشقا ئۇلار يېتەلەيدىغان نىشان بارغانسىرى تۆۋەنلەپ،ئىقتىدارى يېتەرلىك بولسىمۇ سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان

ئىشەنچى كەمچىل بولغاچقا،ھەرقانداق ئىشقا ئىككىللىنىش نەزىرى بىلەن قارايدۇ.خاتىرجەم،بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەسلىكىدىن قورقىدۇ.سىز بىر قەدەم چېكىنسىڭىز قىيىنچىلىق بىر قەدەم ئىلگىرلەپ كېلىدۇ.سىزنىڭ نامراتلىقىڭىز ئىشەنچىڭىزنى يوقىتىدۇ،نەتىجىدە كەلگۈسىگە بولغان گۈزەل ئىنتىلىشىڭىز ۋەيران بولىدۇ.

بايلارنىڭ نەزىرىدە ھەر قانچە ئېگىز چوققا بولسىمۇ چىققىلى بولىدۇ،بىلىمنىڭ ئۆزى ئەڭ كۈچلۈك تاققا يامىشىش ئايىقى،سىز ئۇنى كىيىپ قانچە ئۇزۇن ماڭسىڭىز ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى شۇنچە نامايان قىلىدۇ.بىلىم تولۇق ئىشلىتىشكە تەشنا،شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ.ئەگەر سىز ئۆگەنگەن مول بىلىمىڭىزنى پەقەت زېرىكىشلىك خىزمەتكىلا ياكى جان ساقلاشقىلا ئىشلەتسىڭىز بىلىمىڭىزنى ياخشى جارى قىلدۇرالمايسىز ھەم مەنپەئەتلىنەلمەيسىز.نامراتلار بىلەن بايلار بىلىم ئۆگەنگەندە،بايلار باي بولۇشنى ئويلىسا،نامراتلار پەقەت جان ساقلاشنى ئويلايدۇ،قايسى خىل ئۇسۇل بىلىمنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟جاۋابىنى دىمىسەممۇ بىلىسىز.

جېك جىشۇن ياپونىيىنىڭ يەنلۇ ئارىلىدا كېمىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، تۆت ياشقا توشمىغان ۋاقتىدا ئاتىسى كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلغان. 14 ياشقا كىرگەن يىلى جېك جىشۇن ئۆيىدىن ئايرىلىپ داپەنگە كېلىپ يېزىنىسىنىڭ ياردىمىدە ئېلىكتىر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش ئورنىدا شاگىرت بولغان.جاپالىق مۇھىتتا ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مۇئەللىمىنىڭ تەربىيەسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان،شۇڭا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ،بىر تەرەپتىن ئۆگەن.خىزمىتى جاپالىق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان، سەككىز يىللىق كەچلىك كۇرۇس ئۆگىنىشىدە ،ئۇ ماشىنا ياساش ۋە سودا بوغالتىرلىقىنى ئۆگەنگەن، بۇ ئۆگىنىش تەجرىبىسى ئۇنىڭ كېيىنكى ئېلىكتىر ئۈسكۈنىلىرى ياساش كەسپىگە پۇختا ئاساس سالغان.

جېك جىشۇن سەككىز يىلدا شاگىرتلىقتىن ئۇسۇپ دائىمى ئىشلار باشقۇرۇش ھەيئىتى ۋە ياساش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان.1949-يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇ شىركەتتىن ئايرىلىپ ئۆزى ئىگىلىك

تىكلەشنى قارار قىلغان. 1950 ـ ئاكسى بىلەن بىرلىكتە ياپونىيە سەنىيائ ئېلىكتىر ئۈيۈشمىسىنى قۇرغان، ئەينى چاغدا رادىئونىڭ بازاردىكى باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇ رادىئونىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ ، تۆۋەن باھالىق رادىئول بىلەن بازارنى كونترول قىلغان.

جاڭ جىشۇن شىركەتنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا ئىقتىساسلىقلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن، ئۇنىڭ ئەينى چاغدا ئۆگەنگەن بىلىمى بولغاچقىلا غەلبە ئىشكىنى ئاچالىغان. ئەينى چاغدا ئۇ سوڭشىيا گوروھىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئۆز ھالىتىدىن قانائەتلەنمەي ئىزچىل ئۆزىنىڭ شىركىتى بولۇشنى ئويلىغان، بۇخىل بىلىمگە بولغان ئىنتىلىش، بايلىق ۋە غەلىبىگە بولغان قوغلىشىش ئۇنى كېيىنكى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن.

بىلىم بايلىق ،ئۇ بىزنى روھى جەھەتتىن قانائەت تاپقۇزىدۇ، ھەم بىزگە ماددى بايلىق ئەكىلىدۇ، شۇڭا بىلىم ئۆگىنىش، بىلىمدىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق نىشانغا يېتىش كېرەك. ئۆگىنىپ ئىشلەتمىسە بىلىم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايەن قىلالمايدۇ، سىزنىڭ ھاياتىڭىزمۇ بىلىم سەۋەبلىك ئۆزگەرمەيدۇ، بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ پەرقى دەل شۇيەردە.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

بايلىق ـ تەڭرى ئىنسانلارغا بەرگەن سوۋغا، پەقەت تىرىشسىلا ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئىگە بولالايدۇ. بايلىققا ئېرىششنىڭ مەنىسى پەقەتلا بايلىق ئېلىپ كەلگەن ماددى قانائەتلىنىشتىن ھۇزۇرلىنىشلا ئەمەس، بەلكى يەنە بايلىقنى قوغلىشىش جەريانى، ئىرادىمىزنى چېنىقتۇرۇش ھەمدە ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىش جەريانىدۇر. بۇخىل ياشاش پوزىتسىيەسىلا ئەڭ چوڭ بايلىق بولۇپ، بايلارنىڭ بېيىشى، نامراتلارنىڭ نامراتلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەپ بىلىمگە بولغان مۇئامىلىدىكى ئوخشىمىغان پوزىتسىيەدىن ئىبارەت.

# نامراتلاردا بىلىم كەمچىل بولغاچقا ئويلىنىپ ئىش قىلمايدۇ، بايلار ئۆزىنى تۇلۇقلاپ تۇرىدۇ، خۇشاللىق بىلەن ئۆگىنىدۇ

ئىلىم ـ پەن ئۇچقاندەك تەرەققى قىلغان بۇ دەۋردە بايلار بىلىم كىرزىسى ۋە تېخنىكا ساراسىمگە چۈشمەكتە.ئۇلار ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ،بۇخىل ئادەتنى يۈكسەك بۇرۇچ ئېسىل ۋە ياشاش ئۇسۇلى قىلىدۇ.ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۈزىنىڭ ئۇنىۋىرسال ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ.مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى تاۋلايدۇ.بايلار بىلەن نامراتلارنى سېلىشتۇرغاندا نامراتلاردا كىرزىس ئېڭى يوق .ئۇلار ھەمىشە ئۆگىنىشتىكى مەقسەت خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن دەپ قارايدۇ.ئۇلار پاسسىپ ،قارغۇلارچە تەپەككۇر قىلىدىغان كىشلەر بولۇپ ،ئىجتىمائى مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقارغان نامراتلىقتىن ئاغرىنىدۇ.ئۇلار ھەمىشە توختىماي خىزمەت قىلىدۇ،لېكىن ئۇلاردا ئەزەلدىن كىرزىس تۇيغۇسى بولمايدۇ.ئەمما بايلار ھەر ۋاقىت ھەر زامان كىرزىسنى ھىس قىلىدۇ،شۇڭا ئۈزلۈكسىز تىرىشىدۇ ھەمدە ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگىنىدۇ.ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى مەقسىتى ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن،ئۇلار ئاكتىپ ،تەشەببۇسكار ،قىزغىن ،شەيئىلەرنىڭ ماھىيتىنى تەتقىق قىلىشقا ئامراق،تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولۇپ،ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

بايلار ئۆگىنىشنىڭ بىرخىل پايدىلىق ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ،كىتاپ ئوقۇشنىڭ پايدىسىنىڭ كۆپلىكىنى،تىرىشىپ ئۆگەنگەندە ئۇچۇرلارغا ئىرىشكىلى،بىلىمنى ئاشۇرغىلى،نەزەر دائىرسىنى كېڭەيتكىلى ،ئۇنىۋىرسال ساپاسىنى يېتىلدۈرگىلى ۋە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.رېئاللىقتا ئۆگىنىش،تۇرمۇش،خىزمەت ئۆز ـ ئارا باغلىنىپ تۇرىدۇ.ئاڭلىق ھالدا ئۆگىنىشنى مەسئۇلىيەت،تۇرمۇش ئۇسۇلى دەپ قارايدىغان كىشلەر كەسپتە نەتىجە قازىنىش بىلەن بىرگە ئېسىل تۇرمۇشتىن بەھىرلىنىدۇ،بۇمۇ نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرسىدىكى پەرىق پەقەتلا ئىدىيە ،كۆز قاراشتىكى پەرىقلا بولماستىن ، ئەڭ مۇھىمى تۇرمۇش پوزىتسىيەسىدىكى پەرىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئادەم باي بولۇشنى ئويلايدۇ، بوخىل مۇمكىنچىلىكنى ھازىرلايدۇ، لېكىن دۇنياغا نەزەر سالساق نامراتلار مەڭگۈ بايلاردىن كۆپ، ئۇلار ھەر كۈنى جاپالىق خىزمەت قىلىدۇ، تېجەپ ئىشلىتىدۇ، لېكىن يەنىلا نامرات. بۇ يەردىكى مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزى نامراتلاردىكى ئۆز-ئۆزىنى تونۇش ئىدىيىسىنىڭ كەملىكىدە بولۇپ، نامراتلار قانداق پۇل تېپىشنى ئاز ئويلايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر ئۆمۈر نامرات ئۆتىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. كەلگۈسىدە ئۆگىرىش بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۆزگىرىشكىمۇ ھورۇنلۇق قىلىدۇ، ئۇلار ئادەتتىكىدەك ياشاشقا رازىكى ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ.

ئەمما بايلار ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ ئۇلار باشتىن ئاخىر ئۆزىنىڭ نامرات بولۇش ئۈچۈن تۇغۇلمىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ، كۆڭلىدە باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، كۈچلۈك پۇل تېپىش ئېڭى ۋە ئارزۇسى بولىدۇ، بۇمۇ بايلارنىڭ قېنىدا بار بولغان خۇسۇسىيەت. ئۇلار بارلىق ئاماللارنى ئىشلىتىپ باي بولۇشنى ئويلايدۇ، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىدۇ، ئاكتىپ ئۆگىنىدۇ، دائىم باشقىلاردىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىپ بېيىش يولىغا ماڭىدۇ.

ئامېرىكىدا ئادەتتىكى بىر قىز بولۇپ، ئېغىر كېسەل سەۋەبىدىن ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپلا قالماستىن ھەتتا قۇلىقىمۇ ئاڭلاش سېزىمىنى يوقاتقان. بۇ بىر قىز بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا شەك-شۈبھىسىزكى زور بىر يوقۇتۇش. يەتتە ياش ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ، لېكىن ئۇ بالا كۆرەلمىسە ھەم ئاڭلىيالمىسا، قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟ئەستايىدىل ئايال ئوقۇتقۇچى بىر ئامال ئويلاپ چىقىدۇ، ئۇ بىر لاتا قونچاقنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. قونچاق ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقاندىن كېيىن قىزنىڭ قولىغا < لاتا قونچاق > دىگەن خەتنى يازىدۇ، ھەم توختىماي تەكرار يازىدۇ، دەسلەپتە ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ ھەمدە بۇخىل ئۇسۇلغا قارشى تۇرىدۇ. ئەمما بارا-بارا مۇئەللىمنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى بىلىدۇھەم ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بۇخەتنى ئۆگىنىۋالىدۇ. خەت ئۆگىنىش بىلەن بىرگە مۇئەللىمنىڭ ئېغىزىنى سىلاش ئارقىلىق تەقلىد قىلىپ سۆزلەشنى ئۆگىنىدۇ، بۇ كىشى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان جەريان، شۇنداق قىلىپ

بۇكىچىك قىز ئاز بولمىغان سۆزلەرنى ئۆگۈنىۋالدۇ. كۆزى كۆرمەيدىغان، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان بىر مېيىپ بالا ئۇچۇن ئېيتقاندا ئۆگۈنۈش نەقەدەر قىيىن بىر ئىش، لىكىن كىچىك قىز قىينىچىلىقتىن قورقماي كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىرادىسى بىلەن ئىزچىل ئۆگەندى، بۇ خىل بوشاشمايدىغان ئۆگىنىش پوزىيسيەسى ئۇنىڭغا سۆزلەشنى بىلدۇردى ھەتتا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن خارۋارد ئۇنىۋېرستىتىدا ئوقۇپ ئاخىرى دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچىغا ئايلاندى. ئۇ بولسىمۇ ‹‹ئەگەر كۆزۈم ئۈچ كۈنلا كۆرسە ئىدى›› ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان ئىرادىلىك يازغۇچى خېلىن. كېۋىر. ئۇ نەچچە ئەۋلاد كىشىنى ئىلھاملاندۇرغان ئاجايىپ شەخس.

ئۆگىنىشنىڭ كۈچى چەكسىز ، پەقەت ئىزچىل بوشاشماي ئۆگەنگەندىلا غەلبە قازىنالىشى مۇمكىن .بايلار بۇقائىدىنى چۈشىنىدۇ، شۇڭلاشقا ھەر ۋاقىت ئۆگىنىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ، خېلىن كېۋىرنىڭ بەدىنىدە گەرچە كەمتۈكلۈك بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى نۇرغۇن ساغلام كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ناھايتى مۇكەممەل دېيىشكە بولىدۇ. خېلىن كېۋىر ھەممە ئادەم ئۆگىنىدىغان ئۈلگە، نامراتلار بېيىشنى ئويلىسا خېلىن كېۋىرغا ئوخشاش قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىقى، قېتىرقېنىپ ئۆگىنىشى كېرەك. ئۆگىنىش بايلىق مەنبەسى، بىلىم بايلىقنىڭ يىلتىزى. ئۆگەنمىسە، ئىلگىرلەش ئىدىيەسى بولمىسا ئادەم بايلىق بىلەن ئۇچۇرشالماسلىقى مۇمكىن. ئۆگۈنۈش ۋاقىتقا مۇھتاج .ئۇ كىشىلەردىن شىرىن ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆگۈنۈش ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچكە مۇھتاج، بايلارنىڭ ئۆگۈنۈشتىكى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى تىنىمسىز ئىلگىرلەيدىغان ئىچكى تەلەپ بىلەن رىقابەت ۋە مەۋجۇتلۇقتىكى سىرتقى بېسىمدىن كەلگەن. بۇ كۈنگە كەلگەندە رىقابەتنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىششگە ئەگىشىپ بىلىم بىلەن بايلىقنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىنلاشتى. بۇخىل كىشىنى خوشال قىلىدىغان ئۆزگۈرۈش ئالغا ئىلگىرلەش ئارزۇسىدىكى ئۆگەنگۈچىلەرگە ھېساپسىز ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلدى.

20 - ئەسىرنىڭ40 - يىللىرى 10ياشلىق بىر ئوغۇل بالا قورقۇمسىرىغان ھالدا ئىتالىيەنىڭ شىمالى قىسمىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن ئاشقان مۇزىكا ئىنستىتوتىغا كىردى. بۇ بالا

ئادەتتىكى بىر بولىكچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، تۇغۇلىشىدىنلا ياڭراق ئاۋازى بولغاچقا،دوختۇر تەرىپىدىن كىيىن داڭلىق يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچى بولىدۇ دەپ قارالغانىدى.بەختكە يارىشا مۇزىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بۇ بالىنىڭ تالانتىنى كۆرۈپ قائىدىسىنى بۇزۇپ ئۇنى ئىنستىتوتقا ئېلىپ قالدى.بۇ بالا تەستە كەلگەن بۇ پۇرسەتنى ئىنتايىن قەدىرلىدى، ئۇ ئۆگىنىشتە ھەمىشە ئەستايىدىل بولۇپ ،مەكتەپتىكى ۋاقتىتا مەكتەپ مۇدىرىغا جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن سەھەر تۇرۇپ مەكتەپكە قايناقسۇ قاينىتاتتى.شۇنىڭ بىلەن بىللە مەكتەپنىڭ تازىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئەڭ كەچ قايتاتتى.

بىر قېتىملىق مەۋسۇملۇك ئىمتىھاندا پۈتۈن سىنىپتا پەقەت مۇشۇ  بالىلا ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكىگە تايىنىپ مەكتەپنىڭ قىيىن ئىمتىھانىسىدىن ئۆتىدۇ.مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى بۇ مەكتەپتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى دەپ تەقدىرلەش بىلەن بىللە ،پۈتۈن سىنىپتىكى ئائىلە شارائىتى ياخشى ،كىلىپ چىقىشى ئېسىل، ئەكسىچە ئالغا ئىلگىرلەشچانلىقى يوق ئوقۇغۇچىلارنى ئەيىپلەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ،ئۇنى ‹‹نامرات بولىكچىنىڭ بالىسى››دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ قىزىرىپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە گەپ قىلالماي تۇرغان تۇرقىغا قاراپ مەكتەپ مۇدىرى مۇنداق دەيدۇ:‹‹بالام تۆۋەن تەبىقىدىن كىلىپ چىقىش ھېچنىمىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ،سىنىڭ ئۆزەڭنى تۆۋەن كۆرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئويلاشماي ئىش قىلىدىغان،ئۆگىنىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ گېپىنى ئېغىر ئېلىشىڭنىڭمۇ ھاجىتى يوق. مەن سىنىڭ كىيىن بىر مۇنەۋۋەر ئادەم بۇلىشىڭغا ئىشىنىمەن!››

بۇ بالا ئاخىرى مەكتەپ مۇدىرىنى ئۈمۈتسىزلەندۈرمەپتۇ،سەككىز يىل بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇزىكا تالانتى بولغانلىقتىن شۆھرەت قازىنىپتۇ،يەنە يەتتە يىل ئۆتۈپتۇ،ئۇتىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئىلگىرلەپ دۆلەتلىك چوڭ تىياتىرخانىدا نۇمۇر ئورۇنلاپتۇ،ئۇ بولسىمۇ دۇنياغا داڭلىق 3چوڭ يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچىنىڭ بىرى.

پەقەت تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ئادەملا مۇنەۋۋەر ئادەمگە ئايلىنالايدۇ،ئويلانمايلا ئىش

قىلىدىغانلارنىڭ پىشانىسىگە مەغلۇبىيەت يولىدا مېڭىش پۈتۈلگەن. بايلارنىڭ باي بولۇشىدىكى سەۋەپنى ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئالغا ئىلگىرلەشچانلىقى بولمىغان ئادەمدە تەبىيلا ئۆگىنىشكە بولغان ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ بولمايدۇ، ئۆگىنىشتە تىرىشمايدىغان ئادەم قانداقسىگە جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، قانداقسىگە غەلبە قىلالايدۇ؟

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلار ئۆزىدە ئالغا ئىلگىرلەش روھىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك، چۈنكى ئالغا ئىنتىلىدىغان ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ئادەملا غەلبە قىلالايدۇ. ئۆگىنىشنى رەت قىلىش ـ بايلىق ۋە غەلبىنى رەت قىلغانلىقتۇر. ئۆگىنىش ۋە ئىلگىرلەش مەڭگۈ زىيان تارتمايدىغان مەبلەغ سېلىش بولۇپ، خوشاللىق بىلەن ئاكتىپ ئۆگىنىدىغان ئادەم بايلىق ۋە غەلبىگە تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ.

# نامراتلارنىڭ ئۆگىنىشى پەقەتلا قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ، ئەمما بايلار ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ بايلىق يارىتىدۇ

نامراتلارنىڭ نامرات بولۇشىدا چوقۇم سەۋەپ بار،ئەمما بۇخىل سەۋەپنى جەمئىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس ،بەلكى ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسى كەلتۈرۈپ چىقارغان.ئالدىنقى ماقالىدە سۆزلەنگىنىگە ئوخشاش نامراتلارنىڭ بىلىمى كەمچىل،ئويلىنىپ ئىش قىلمايدۇ،لىكىن بايلار خوشاللىق بىلەن ئۆگىنىدۇ،تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرلەيدۇ.مانا بۇ خىل پوزىتسىيە بايلار بىلەن نامراتلار ئارىسىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان،ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىسىنىڭ ئۆگىنىش مەقسىدىمۇ باي ـ نامراتلار پەرقىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرىدۇر.

نامراتلار گەرچە ئۆگەنسىمۇ لىكىن ئۆگىنىش مەقستى پەقەتلا تۇيۇنۇش،كىيىنىش مەسلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈندۇر،ئۇلار پەقەت قورسىقى تويسىلا رازى بولىدۇ،بۇ نامراتلارنىڭ پىسخىكىسى.نامراتلارنىڭ تەپەككۇردا ئۆگىنىش قورساق تويماسلىق،كىيىم پۈتۈن بولماسلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بولۇپ،نامراتلارنىڭ دائىملىق شۇئارى:<<ئۆگىنىش تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىدۇ،بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ!>> دىن ئىبارەت .نامراتلارمۇ ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقنى بىلىدۇ،لىكىن بايلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ نىشانىدىكى پەرقى زور بۇلۇپ ،بۇ پەرىق ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى نامرات تۇرمۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

نامراتلار بىلەن ئوخشمايدىغىنى بايلار ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقنى بىلىدۇ،لىكىن بايلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى نىشانى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ،ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىگە تەۋە بولغان بايلىقنى يارىتىش.بايلار ھەرگىزمۇ يىمەك ـ ئىچمەك،كىيىم ـ كېچەكنى ئۈچۈنلا ئۆگەنمەيدۇ،بايلارنىڭ ئۆگىنىشىدە ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بار،ئۇلاردا ئۆزىگە تەۋە بولغان بايلىقنى يارىتىشتىن ئىبارەت ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئېنىق نىشان بار .مۇشۇ نىشان ئۈچۈن ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆگىنىدۇ،تىرىشىپ بوشاشماي كۈرەش قىلىدۇ،شۇڭا بايلارنىڭ ئۆگىنىشىدە ھەركەتلەندۈرگۈچ

كۈچ، قىزغىنلىق بار. بىر ئادەم ئىش قىلغاندا ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە قىزغىنلىق بولمىسا، ئىشىدا غەلىبە قىلىشى ناھايىتمۇ قىيىن.

چىۋابو ئامېرىكىدىكى كىچىك يېزىدا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى نامرات بولۇپ 15ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن پەقەت يەسلى مائارىپىنى ئازراقلا قوبۇل قىلغان، كېيىن ئۇ تۇرمۇش ئۈچۈن باشقا كەنتكە بېرىپ ئات باقار بولغان، بۇ مەزگىلدە ئۇ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشكە بەل باغلىغان بولۇپ، شۇندىن باشلاپ ئۆگىنىشتىن ۋاز كەچمىگەن.

ئۈچ يىلدىن كېيىن پولات - تۆمۈر شاھى كارنېگىنىڭ بىر قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلىگەن ھەم قۇرۇلۇش ئورنىغا قەدەم قويغان شۇ دەقىقىدىن باشلاپلا بولارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋىرى بولۇشقا بەل باغلىغان، شۇڭا باشقىلار خىزمەتنىڭ جاپالىقىدىن ئاغرىنغاندا، ئىش ھەققىنىڭ ئازلىقىدىن زارلانغاندا، پەقەت ئۇلا ئۈن-تىن چىقارماي تەجرىبە توپلىغان ھەمدە كىتاپلاردىن قۇرۇلۇش بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن، ھەر كۈنى كەچلىكى باشقىلار قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغاندا، پەقەتلا ئۇلا بىر بۇلۇڭدا كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرغان. بىر كۈنى باش دىرېكتور تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىجتىھات بىلەن كىتاپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ كىتابىنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرۈپ كىتىپ قالغان.

ئۇزاق ئۆتمەي چىۋابو باش دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلغان، باش دىرېكتور بۇ ياشقا قىزىقىپ سورىغان: ‹‹سەن نېمىشقا ئۇ كىتاپلارنى كۆرىسەن؟››، << مېنىڭچە بۇ شىركەتتىكە ئادەتتىكى ئىشچى كەم ئەمەس، لېكىن ھەم خىزمەت تەجرىبىسى كەڭ بولغان ھەم كەسپى بىلىمى مول بولغان تېخنىك خادىم ياكى باشقۇرغۇچى كەم >>. باش دىرېكتور ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئالدىدىكى بۇ ياشقا قايتىدىن نەزەر سالغان .

بىر ئايدىن كېيىن ئۇ ئۆستۈرۈلۈپ ئىشچىلارغا تېخنىك بولغان، بۇنىڭ بىلەن بەزى ئىشچىلار ئۇنى مەسخىرە قىلغاندا، ئۇ ‹‹مەن ئەزەلدىن ئۆزەمنى بىرئۆمۈر بىرى ئۈچۈن ئىشلەيمەن دەپ قارىمايمەن، مېنىڭ ئۆزەمنىڭ غايىسى بار، مەن غايەم ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىمەن، مەن بۇنى نومۇس

قىلىدىغان ئىش دەپ قارىمايمەن،ئەكسىچە غايىسى يوق ئادەم  نۇمۇس قىلىشقا تېگىشلىك.مەن ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزەمنىڭ سەۋىيەمنى ئۆستۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن،مېنىڭ ئورنۇم تىرىشچانلىقىمدىن كەلگەن››دىگەن.تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىرادىسى بولغاچقا چىباۋۇ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ قەدەممۇ ـ قەدەم ئۆسۈپ باش ئىنژىنىرلىق ئورنىغا چىققان.

25ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ بۇ پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ باش دىرىكتورىغا ئايلانغان ھەمدە شىركەتتىكى ئەڭ چوڭ پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.ئۆزىدىكى بوشاشماي تىرىشىدىغان روھ ۋە ئىزچىل ئۆگىنىدىغان پوزىتسىيىسىگە تايىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ بىر زاۋۇتنىڭ زاۋۇت باشلىقى بولۇپلا قالماي كارنىگ پولات ـ تۆمۈر شىركىتىدىكى مۇھىم شەخسكە ئايلانغان،يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن كارنىگ ئۇنى شىركەتنىڭ باش لىدىرلىقىغا تەيىنلىگەن.

بايلارنىڭ ئۆگىنىش مەقستى ئۆلۈغۋار بولىدۇ،بىر ئىشنى قىلىشنى قارار قىلىسلا كەينىگە يانمايدۇ،ھىكايىدىكى چىۋابوغا ئوخشاش بايلار < ئادەمدە غايە ۋە نىشان بولۇشى كېرەكلىكى،ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقى >نى بىلىدۇ.ئۆگىنىش تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ،لىكىن ئۆگىنىشمۇ نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ،بەزىلەر يۈزەكى ئۆگىنىپ يېرىم يولدا ۋاز كېچىدۇ،بەزىلەر داۋاملىق بوشاشماي ئۆگىنىدۇ،مەقستىگە يەتمىگىچە ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ.ھەمىشە ئۆگىنىشتىكى مەقسىدى پەقەت كىيىم ـ كېچەك،قورساق مەسلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈنلا  بولغان نامراتلار،ياخشىلىرى تاللىنىپ،ناچارلىرى شاللىنىدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە تېخىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بىر كىچىك بالىنىڭ ئاتىسى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن ئانىسى بىلەن ئىككىسى بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ ياشايدىكەن .بىر قېتىم تاساددىپى پۇرسەتتە بۇ بالا بىر توپ ھەمراھلىرى بىلەن ئوردىغا بېرىپ شاھزادىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشكە تەكلىپ قىلىنىپتۇ،بۇ بالا شاھزادىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ئەستايىدىللىق بىلەن ناخشا ئېيتىپتۇ . پائالىيەت

ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كۆڭۈل قويۇپ نۇمۇر ئورۇنلىغان بۇ بالىنى ئىسسىدە تۇتىۋالغان شاھزادە سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: «ساڭا ياردىمىم لازىممۇ؟» ، بالا كۆلۈمسىرىگەن ھالدا شاھزادىگە: «مەن سەھنە ئەسرى يېزىشنى ھەم خان جەمەتى تىياتىرخانىسىدا نۇمۇر ئورۇنلاشنى ئويلايمەن» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: ‹‹ گەرچە سەن سەھنە ئەسىرىنى يادلىيالىساڭمۇ ،لېكىن سەھنە ئەسرى يېزىش بىلەن يادلاش ئوخشىمايدۇ،سەن يەنىلا بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ تۇرمۇشۇڭنى قامدىغىن. ››

شاھزادىنىڭ گېپى بالىنى ئارزۇسىدىن ۋاز كەچكۈزەلمەپتۇ ،ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن شاھزادىنىڭ تەكلىپى بويىچە ھۈنەر ئۆگەنمەي ئەكسىچە ئۆزىنىڭ پۇل يىققان قۇتىسىنى چېقىپ ،يىغقان ئازغىنە پۇللىرىنى ئېلىپ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپتۇ ۋە يىراق كوپىنھاگىنغا بېرىپ ئارزۇسى ئۈستىدە ئىزدىنىپتۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئىنتايىن نامراتلىق ئىلكىدە سەرگەردانلىق تۇرمۇشى كەچۈرۈپتۇ،شۇنداق بولسىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۆگىنىشتىن ۋاز كەچمەپتۇ ،گەرچە قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىمۇ جاپالىق شارائىتتا ئاۋۋالقىدەك يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئىنچىل شېئىر،مۇھەببەت ھېكايىسى يېزىپتۇ،گەرچە يازغانلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمىسىمۇ لېكىن بۇ سەۋەپلىك غايىدىن ۋاز كەچمەپتۇ.

1825 ـ يىلى،ئۆزلۈكسىز بوشاشماي يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان بۇ بالا ئاخىرى ئۇتۇقا ئېرىشىپتۇ،ئۇنىڭ بالىلار ھېكايىسى بالىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ نەشرىياتلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشقا تالىشىپتۇ. بۇ بالا دانىيىلىك داڭلىق ‹‹ بالىلار ھېكايىسى پادىشاھى ››ئاندىرسون ئىدى.ھازىرغا قەدەر ئاندىرسون يازغان‹‹پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى ››،‹‹سەت ئۆردەك چۈجىسى ››، ‹‹پۇرچاق مەلىكە ››قاتارلىق نۇرغۇن بالىلار ھېكايىلىرى دۇنيادىكى نۇرغۇن بالىلارنىڭ خوشال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەمرا بولماقتا.

« ئىنچىل ئۆگىنىش » دىگەن بۇ سۆز قارىماققا ناھايىتى ئاددى ئىككى خەت بولسىمۇ ،لېكىن مۇۋاپىقىيەت قازانغان بىر بايغا نىسبەتەن ئۇنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر.بىلىم تەقدىرنى

ئۆزگەرتىدۇ،ئاندىرسۇن ئىزچىل ئۆگەنگەنچكە ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان،ئۇنىڭ ھىكايىسى ھازىرغىچە تارقىلىپ كىشىلەرنىڭ ئىزچىل ياقتۇرىشىغا ئېرىشتى.ئۇنىڭ مۇۋاپىقەيەتلىرىنى ئىزچىل تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.ئەگەر ئەينى چاغدا ئۇ شاھزادىنىڭ گېپى بىلەن غايىسىدىن ۋاز كەچكەن بولسا بۈگۈنكى مۇۋەپپىقىيىتى بولمايتى.نامراتلار قورساق توق،كىيىم پۈتۈن تۇرمۇش ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ،لىكىن بايلار ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ،بۇنىڭدىن سىرت نامراتلاردا كىرزىس ئېڭى تۆۋەن بولىدۇ،شۇڭا نامراتلار باي بولۇشنى ئويلىسا پەقەت كىچىككىنە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ؛خىزمەت، قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا ئۆگەنمەسلىكى ،ئەكسىچە كۆڭلىگە يۈكسەك بىر نىشاننى پۈكىشى كېرەك.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

ئۆگىنىش تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان تارازا بولۇپ،ئۇنىڭ بىر تەرىپى بەدەل تۆلەش بولسا ،بىر تەرىپى ئېرىشىشتۇر.ئاز بەدەل تۆلىسە،ئاز ئېرىشىدۇ،كۆپ بەدەل تۆلىسە كۆپ ئېرىشىدۇ.نامراتلارنىڭ ئىرادىسى ئاجىز بولغاچقا كۆز ئالدىدىكى مۈشكۈل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىدۇ،ئۇلاردا ئىلگىرلەش ئاز،ئۇزىگە تەمەننا قويۇپلا يۈرىدۇ،شۇڭا كىچىككىنە ئاۋارىچىلىققا يولۇقسا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.ئەمما بايلارنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەم بولۇپ،ئۇلار ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ ئاخىرى مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ.شۇڭا بىز چوقۇم بايلاردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك،شۇندىلا ئاندىن بايلار سېپىگە بالدۇرراق قەدەم قويغىلى بولىدۇ.

# نامراتلار يۈزەكى ئۆگىنىدۇ، ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ. بايلار جەۋھەرىنى ئۆگىنىدۇ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىدۇ

سۈشى ئىلگىرى مۇنداق دېگەن: «كىتاپنى كۆپ ئوقۇش دېڭىزغا كىرگەنگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا تۈرلۈك نەرسلەر بار . ئادەمنىڭ كاللىسى ھەممىنى قوبۇل قىلالمايدۇ . لىكىن جەۋھەرىنى قوبۇل قىلىدۇ . ئۆگەنگۈچىلەر بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بولۇشى كېرەك .» بۇنىڭ مەنسى، كىتاپ نۇرغۇن ، ئۆگىنىدىغان بىلىمۇ نۇرغۇن، لىكىن ئادەمنىڭ زېھنى چەكلىك . كۆپ كىتاپ كۆرسىمۇ ئەگەر چۈشەنمىسە، ياكى يۈزەكى كۆرسە ھىچقانداق ئەملى مەنسى بولمايدۇ . ئۆگەنگەندە جەۋھەرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك . ئاندىن پايدىسى بولىدۇ، بىلمى ۋە سەۋيىسى ئۆسىدۇ .

ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ . نامرات ياكى باي بولسۇن ئۆگىنىش ئارقىلىق كۈچىيىشنى ئۈمد قىلىدۇ ،ئەمما ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىقتىدارغا ئېرىشەلەيدىغىنى يەنىلا بايلار . نامراتلار ھەرقانچە كىتاپ ئوقۇسىمۇ بىكار . نىمىشقا ئوخشاش ئۆگىنىش ئوخشىمىغان پەرىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ سەۋەبى: نامراتلار بىلىمنى سىېستىملىق قوبۇل قىلمايدۇ . نىمە بىلىم بولسا ھەممىنى قوبۇل قىلىدۇ . لىكىن بۇ بىلىملەرنىڭ ئۆزىگە ئىشلىتىلىشى بارمۇ يوق ،دىگەن مەسلە بىلەن كارى بولمايدۇ . ئەلۋەتتە ،كىتاپ ئوقۇسىلا بايلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ . كىتاپ ئوقۇشمۇ پۇل تېپىشنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئەمەس . بىلىمۇ ھەقىقەتەن كىشىنى پۇل تاپقۇزىدۇ ، تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئىگە قىلىدۇ . لىكىن مۇھىمى ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىلىمنى قوبۇل قىلىدىمۇ يوق ،شۇنىڭغا قاراش كېرەك . بۇ سىزنىڭ غەلبە قىلىشىڭىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

بايلار كىتاپ ئوقۇسا تاللايدۇ . ئۇلار ئۆزىگە كېرەكلىكىنىلا كۆرىدۇ . ئۇلار پەلسەپە، مۇۋاپپەقىيەت ئىلمى، بايلىق ئىلمى تۈرىدىكى كىتاپلارغا بەكرەك قىزىقىدۇ . بۇ نەرسلەر ئۇلارنىڭ ئىدىيسىگە

بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئۇلارنى قوزغىتىدۇ . بىر ھەقىقى قىزغىنلىقى بار ئادەمدىلا ئاندىن ئۆزى قىزغىن سۆيىدىغان ئىشى ئۈستىدە يۇكسەك مەركەزلىشىدىغان پوزىتسىيە بولىدۇ . بايلار ھەمىشە ئۆگەنگەننى ئەمىلىيەتكە تەتبىقلايدۇ . بىلىمنى بايلىققا ئايلاندۇرىدۇ .

نامراتلار ئۆگەنسە مىقدارىغا قارايدۇ . سۈپەتنى قوغلاشمايدۇ . كۆپ كىتاپ كۆرسىلا كېرەكلىك بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ . لېكىن ئۆگەنگىنى ھەمىشە يۈزەكى بولۇپ، كالليسىدا تۇرمايدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇقۇمۇشلۇق ھېسابلايدۇ . ئەمىلىيەتتە ھېچنىمنى بىلمەيدۇ . شۇڭا ئەڭ مۇھىمى بىلىمنىڭ سانى ئەمەس بەلكى سۈپىتى .

بايلار ئۆگەنگەن بىلىمنى قانداق ئىشلىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىدۇ . ئېھتىياجلىق بولغاندا قانداق قىلىپ كالليسىدىكى بىلىمنى چىقىرىش ھەمدە ئەپچىللىك بىلەن قوللىنىشنى بىلىدۇ . مەيلى نىمىش قىلىلىڭ ، باي ياكى گاداي بولۇڭ ، ئوچۇق تەپەككۇرغا ئىگە بولۇش سىزنىڭ باي بولۇشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ .

بىر شىركەتنىڭ باش دېرىكتورى ياردەمچى دېرىكتۇر تەكلىپ قىلغان ئىكەن ئۈچ ئادەم كەپتۇ .

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى ئىكەن؛

ئىككىنچىسى ، گەرچە يۇقىرى ئوقۇش تارىخى بولمىسىمۇ لېكىن ئون نەچچە يىللىق خىزمەت تەجرىبىسى بار ئىكەن؛

ئۈچىنجىسى ، ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، خىزمەت تەجرىبىسى ۋە ئوقۇش تارىخى ئالدىنقى ئىككىيلەنگە يەتمەيدىكەن .

ئىمتىھان ئورنى باش دېرىكتورنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ، بۇ يەردە بىر دانىمۇ ئورۇندۇق يوق ئىكەن. كاتىپ ئۇلارنى تەرتىپ بويىچە كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

بىرىنجى بولۇپ دوكتۇر كىرىپتۇ، باش دېرىكتور كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا :«ئولتۇرۇڭ» دەپتۇ . دوكتۇر تۆت ئەتراپقا قاراپ خىجىل بولغان ھالدا :«بولدى ئۆرە تۇراي» دەپتۇ . باش دېرىكتور ئاڭلىمىغاندەك يەنە تەكرار<< ئولتۇرۇڭ >> دەپتۇ. دوكتۇر يەنە بىر قېتىم ئەتراپقا قاراپ:«لېكىن بۇ

يەردە ئۇرۇندۇق بولمىسا مەن قانداق ئولتۇرىمەن؟» دەپتۇ . ئۇ دوكتۇردىن بىر نەچچە ئاددى سوئالالارنى سوراپ ئىمتىھاننى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

ئىككىنجى بولۇپ مول خىزمەت تەجرىبىسگە ئىگە كىشى كىرىپتۇ ،باش دىرىكتور ئوخشاشلا ئۇنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ:«ھىچقىسى يوق، مەن ئۆرە تۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان» دەپتۇ . دىرىكتۇر ئۇنىڭ بىلەنمۇ نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپلا چىقىرۋېتىپتۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئاخىردا كىرىپتۇ . باش دىرىكتور ئۇنىڭغا «ئولتۇرۇڭ» دىگەن ئىكەن، ئۇ:«رەھمەت سىزگە، بىراق سىز مىنىڭ سىرتقا چىقىپ بىر دانە ئورۇندۇق ئېلىپ كىرىشىمگە رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟» دەپتۇ . باش دىرىكتور كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەلۋەتتە بولىدۇ» دەپتۇ . ئۇ ناھايتى تېزلا سىرتتىن بىردانە ئورۇندۇق تېپىپ كىرىپتۇ ۋە باش دىرىكتور بىلەن ئۇزۇن پاراڭلىشىپتۇ. نەتىنجە ناھايتى ئېنىق. قوبۇل قىلىنغىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

بۇ ھېكايىدە كىنايە قىلىنغىنى نېمە؟ بىرىنجى قاتناشقۇچىنىڭ ئوقۇش تارىخى يۇقىرى بولسىمۇ لىكىن ئۆزگىرىشنى بىلمەيدۇ . ئىككىنجىسىنىڭ تەجرىبىسى مول بولسىمۇ، لىكىن تەجرىبىسى بىلەن چەكلىنىپ قالغان . ئۈچىنجىسى كاللىسىنى ئىشلىتىپ ئەقلى بىلەن مەسلىنى ھەل قىلغان . غەلىبە بىر ئادەمنىڭ بىلىمى ياكى تەجرىبىسىنىڭ موللىقى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ . پەقەت سىز كاللىڭىزنى جانلىق ئىشلەتسىڭىز ،ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىسىڭىزلا ئاندىن ئۆگەنگەن بىلىمىڭىزنى بايلىققا ئايلاندۇرالايسىز .

لى جىياچىڭ ئەپەندى ئىلگىرى مۇنداق دىگەن:«21 ـ ئەسىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى. بىلىم ئەڭ زور دەرىجىدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ھەمدە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشىنى بەلگىلەيدۇ . بىلىم جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم قورال . بىلىمگە ئېرىشكەندە ئاندىن تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.» كىشلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ .

بىر جۈپ ئاكا ـ ئۇكىلار بولۇپ ،ئۇلار ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىدىكەن . بىر قېتىم ئۇلار بىر پاراخوتتا سىپتا ياسالغان ساپال بۇيۇملارنى چوڭ شەھەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىشقا تەييارلىق قىپتۇ . يول بويى ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ قىرغاققا يېقىنلاشقاندا ، كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپتۇ ــ پاراخوت بوران ـ چاپقۇنغا ئۇچراپتۇ . ئىككىيلەن ئامان قاپتۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ساپاللىرى چېقىلىپ كېتىپتۇ .

ئەجرىنىڭ بىكار كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئاكىسى كېمىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ھۆكىرەپ يىغلىغىنىچە داتلاپتۇ:«بۇ ساپاللارنى بىز كۆڭۈل قويۇپ ياساپ چىققان. ئۇستىدىكى رەسىملەر ئالەمدە بىر دىگۈدەك چىرايلىق ئىدى . بۇ قېتىم يامان بولدى . بوران ـ چاپقۇن بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىزنى يوق قىلدى . ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ بۇ ساپال پارچىلىرى كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئايلاندى.»

ئاكىسى ئازاپلىنىپ يىغلاپ ئولتۇرغاندا ئىنىسى شەھەرگە كىرىپتۇ . ئۇ ئاۋال ئەڭ يېقىن بازارغا بېرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن مۇنداق ئەھۋالنى بايقاپتۇ : بۇ شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك قارىشى ۋە ھۇزۇرلىنىش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، قەھۋە خانا ، سودا ساراي ياكى تۇرالغۇ ئۆيدە بولسۇن بېزىلىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن . ئۇ ئويلىنىپ بازاردىن بىرتال بولقا سېتىۋېلىپ كېمىگە قايتىپ كەپتۇ . ھەممە چېقىلىپ كەتكەن ساپاللارنى تېخىمۇ ئۇششاق قىلىۋېتىپتۇ . بۇ ئىش ئۇكىسىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئاكىسىنىڭ ئەسلىدىنلا ناچار كەيپىياتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋېتىپتۇ . «سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ نىمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟» دەپتۇ ئاكىسى غەزەپلىنىپ .ئۇكىسى كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىپتۇ:«بۇ قېتىم بىز ساپال بۇيۇملىرى ساتماي، ساپال پارچىلىرى ساتايلى.»

ئاكىسى گۇمانلانغان ھالدا ساپال پارچىلىرىغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ يەنىلا ئۇكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى قارار قىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئىككىسى ساپال پارچىلىرىنى ئۆي بېزەش ماتېرىياللىرى دۇكىنىغا سېتىپتۇ . چۈنكى بۇلار ئەسلىدىنلا ئىنتايىن سىپتا لايىھەلەنگەن ساپاللار بولغاچقا پارچىلانغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئالاھىدە سەنئەت ئۇسلۇبى پەيدا قىلغان ئىكەن. بېزەش ماتېرىياللىرى دۇكىنىغا كىلىپ

ساپال پارچىلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر بۇ بۇيۇملارنىڭ قارىماققا قانۇنىيەتسىز بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ ۋە بۇ بېزەك ماتېرىياللىنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ سېتىۋاپتۇ . نەتىجىدە بۇ كېرەكسىز ساپال پارچىلىرى ئەكسىچە بازىرى ئىتتىك مالغا ئايلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سېتىلىپ بوپتۇ . ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن شۇنىڭ بىلەنلا نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ.

بايلار بىلىم ئۆگىنىدۇ. ھېكايىدىكى ئۇكىسىغا ئوخشاش قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، كاللا ئىشلىتىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپىدۇ. بايلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىشى ئىشلىتىش ئۈچۈن، شۇڭا بايلارنىڭ مۇۋاپىقيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى ھامان نامراتلاردىن يۇقىرى. ئۇچۇر تارقىلىشى ئىنتايىن تېز بولغان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي، قولايلىق بولۇپ، بىلىم ھازىرقى زاماندىكى ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم.ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ۋە كىشىلىك ياشاش ئورنىنى ئۆزگەرتىشتە كەم بولسا بولمايدىغان مەنبە. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە.

بىلىم ئۆگىنىش ئاسان. لېكىن ھەر كۈنى ئۆگىنىشنى قەتئىي ئىرادە قىلغاندىلا ئاندىن داۋاملاشتۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن. بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ ئۆگىنىشىدە ئوخشاش مۇددىئا، مەقسەت بولىدۇ. لېكىن نامراتلار نۇرغۇن ۋاقتىنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى،ھەر خىل كەسپىي ئىقتىدار گۇۋاھنامىسى ئېلىشقا تىگىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر كىشىلىك ياخشى خىزمەتكە ئېرىشىپ، نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

بايلار ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار ھەر بىر بىلىمنى پۇختا ئوگىنىپ بېيىش يولىدا ئۆزىگە ياردەمچى قىلىدۇ. بايلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈشى ،كېيىنكى قەدەمدە قايسى يولدا مېڭىش كېرەكلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن .ئۆگەنگەن بىلىمنى ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم .بىلىمنى ئىشلىتەلمەيدىغان ئادەم ھەر قانچە بىلىملىك

بولسىمۇ، پەقەتلا ئاغزىدا شەھەر ئالىدۇ، خالاس.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇڭا بىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرلەپ، بوشاشماي ئۆگىنىپ، بىلىم ئىگەللەش جەريانىدا جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەلەتكە تەدبىقلىشىمىز لازىم. ئىسسىمىزدە تۇتىشىمىز كېرەككى ،مۇھىمى بىلىمنىڭ سانى ئەمەس، سۈپىتى. سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرگەندىلا نامراتلىقتىن بالدۇر قۇتۇلۇپ، بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىمىز.

# بىلىمگە نىسبەتەن، نامراتلار پەقەت ساقلاشنىلا بىلىدۇ، ئەمما بايلار جانلىق ئىشلىتىدۇ

ئوخشاش شەيئى ئوخشاش بولمىغان كىشلەرنىڭ ئالدىدا ئوخشىمىغان قىياپەتتە پەيدا بولىدۇ. بىلىممۇ شۇنداق. ئەگەر سىز پەقەت بىلىمنى ئېگەللەشنىلا بىلىپ، ئەمىلىيەتتە ئىشلىتىشنى بىلمىسىڭىز ئۇنداقتا بۇ بىلىملىرىڭىز قورسىقىڭىزدا سېسىپ كېتىدۇ. بىلىمنى ئەمىلىيەتتە ئىشلىتىشنى بىلىش ـ بىلمەسلىك بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ ،بۇ ھەم باي ـ نامراتلار پەرقى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

بىلىمنى ساقلاش دەرۋەقە مۇھىم. لېكىن بىز بىلىمنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، يېڭىلىق يارىتىشنى، ئۆزىمىزدىكى بىلىمنى جانلىق قوللىنىشنى، باشقىلار بايقىمىغان نەرسىلەرنى بايقاشنى بىلىشىمىز كېرەك. بولمىسا ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىڭىز ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، سىز پەقەتلا ئىقتىدارى تۆۋەن بىر كومپيۇتېر خالاس.

فىردىمان نيۇيورۇك شەھرىدە تۇغۇلغان يەھۇدى. ئۇ ئېرىقى كەمسىتىش سەۋەبلىك ئۆزى ئارزۇلىغان موسكوۋا قۇرلۇش فىزىكا ئىنىستۇتىغا كىرىپ ئوقۇيالمىغان. بۇ ئوڭۇشسىزلىق ئۇنىڭغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كەتمىگەن. ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ بىر نەچچە دوستى بىلەن بىرلىشىپ، ئەلپا گوروھىنى قۇرغان. ئەينى چاغدا روسىيە ماددى ئەشيا كەمچىل شارائىتتا تۇرىۋاتقاندا، فىردىمان سەزگۈرلۈك بىلەن بۇ سودا پۇرستىنى تۇتۇپ يېتىپ، نىفتىنى كۆبادىن ئاشلىققا تىگىشىپ سېتىپ، نۇرغۇن پۇل تاپقان .بۈگۈنكى ئەلپا ئالىلقاچان روسىيەدىكى ئەڭ چوڭ پۇل مۇئامىلە ۋە سانائەت گوروھىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇ سېمنۇت ئىشلەپچىقىرىش، نىفت ئىكسپورتىدىن، سەنئەت بۇيۇملىرى سودىسىغىچە؛ بانكا، تاللا بازىرىدىن ئۆي ـ مۈلۈك ۋە تېلگىرافقىچە نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەلپا گوروھىنىڭ مۇۋاپىقيىتى ئۇنىڭ ئۆزگىچە بولغان باشقۇرۇش ئىدىيىسىگە ئىگە بولغانلىقىدا.

باشقا شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى نېفىت، مېتال قاتارلىق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغاندا، فىردىمان سودا ھەركەتچانلىقىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، يېڭى سودا پۇرسىتىنى بايقىغان. فىردىمان ئەمىلىيەتتە بىلىمنى قانداق قىلىپ جانلىق ئىشلىتىشنى بىلىپ، بىلىمنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان، ئاندىن سودىدا غايەت زۆر غەلىبىگە ئېرىشكەن.

بۇگۈنكى دەۋىر بىلىم ئۇچۇرى پارتىلاۋاتقان دەۋىر. بارلىق بىلىم ۋە ئۇچۇر ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان بۇگۈنكى كۈندە، پەقەت بىلىم توپلاش ۋە ئۆگۈنىشنى بىلسىلا دەرۋىر قەدىمگە يېتىشكىلى بولمايدۇ. پەقەت بىلىمنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولغاندىلا ئاندىن تېخىمۇ كۆپ بايلىق يارىتقىلى بولىدۇ.

ھازىر جەمئىيەتتە مۇنداق ھادىسە ساقلانماقتا: ‹شىركەت خوجايىنىنىڭ يۇقىرى ئوقۇش تارىخى يوق. لېكىن شىركەت قوبۇل قىلغان خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە›. بۇ خىل پەرىق دەل بىلىمنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىدىكى پەرىق. خوجايىنىنىڭ گەرچە مول بىلىمى بولمىسىمۇ، لېكىن بىلىمنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولغاچقا ، بىلىمنى بايلىققا ئايلاندۇرالايدۇ. شىركەت خىزمەتچىللىرىنىڭ بىلىمى مول بولسىمۇ ،بىراق ئۇنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولمىغاچقا باشقىلارغا ياردەم قىلىپ بايلىق يارىتىدۇ ھەم مۇقىم مۇئاش ئالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلاردا پەقەت بىلىم بار. لېكىن جانلىق ئىشلىتەلەيدىغان ئىقتىدار يوق. شۇڭا ئۇلار پەقەت باشقىلار پىلانلىغان ئىشقا ياردەملىشىپ پۇل تاپىدۇ.

خارۋارد سودا ئىنستىتۇتى ئەڭ ياخشى ئەمەس. لېكىن خارۋارد ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرچە كىرىمى دائىم باشقا ئالى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىرىمىنىڭ نەچچە ھەسسىسگە توغرا كېلىدۇ. خارۋارد سودا ئىنستىتۇتى سودا باشقۇرۇش ماگىستىرى يەنى«MBAئالتۇن پاسپورت» دەپ ئاتالدىغان بۇلۇپ، بايلىق يارىتىشنىڭ ئالتۇن يول خېتى .21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە خارۋار سودا ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىرى (MBA)بولغانلارنىڭ ھەر بىر ئوتتۇرچە تۆت كىشىلىك خىزمەتكە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولۇپ،يىللىق ئوتتۇرىچە

مائاشى 140 مىڭ ئامېرىكا دوللار ئەتراپىدا ئىدى. خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىنىڭ فىرافىسسورى ئوقۇغۇچىلارغا دائىم مۇنداق تەربىيە بېرىدۇ «كاللاڭنى ئىشلىتىپ، بىلىملىرىڭنىڭ قىممىتىنى ئاشۇر!» خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن پۇلنى كۆپ تېپىشىدىكى سەۋەب، خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىنىڭ تەربىيەلەش ئىدىيىسىدە. باشقا مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يېتىلدۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، خارۋارد سودا ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى قانداق جانلىق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىدۇ ھەمدە ئۇنى بىر خىل پۇل تېپىش ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ بىر خىل ئىقتىدار بولۇپ «مۇلۇك بولۇنمىسى»دېيىلىدۇ.

لى يەنخۇڭنى تىلغا ئالساق، جۇڭگودىكى كومپيۇتېر ئىشلىتىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئۇنى بىلىدۇ. بەيدۇ تور بېتى ـ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خەنزۇتىلى ئىزدەش موتىرى بولۇش سۈپۈتى بىلەن كىشلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەتتە ئۇ بىلمەيدىغان نەرسە يوق. بەيدۇنىڭ قۇرغۇچىسى قۇشۇمچە باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى لى يەنخۇڭ ئۆزىنىڭ مول تور بىلىمى ۋە سودا پۇرستىگە بولغان سەزگۈلىكى بىلەن غەلىبە قازانغان.

1987 ـ يىلى 19 ياشتا ئالى مەكتەپ ئارزۇسى تولدۇرغاندا ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرستىتىنىڭ ئۇچۇر باشقۇرۇش فاكۇلتىتىنى تاللىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇغان كەسپى كومپيۇتېر ئەمەس ئىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ۋاقتىدا مەملىكەتلىك ياش ئوسمۇرلەر فروگىراممىا لاھىيلەش مۇسابىقىسگە قاتناشقان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كومپيۇتېرغا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. لى يەنخۇڭنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بار بولۇپ، ئۇ كومپيۇتېر كەلگۈسىدە كەڭ قوللىنىلسىمۇ، لېكىن پەقەت كومپيۇتېر بىلىملىرىنىلا ئۆگەنگەندىن، كومپيۇتېر بىلەن باشقا بىلىملەرنىمۇ بىرلەشتۈرۈپ قوللانغاندا، ئاندىن تېخىمۇ ئىستىقبالى بولىدۇ دەپ قارايتى.

ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرستىتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چەتئەلدە داۋاملىق يۇقىرلاپ ئوقىدى. 1992 ـ يىلى ئامېرىكىدا تور تېخى ئومۇملاشمىغان بولۇپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «ئىزدەش

موتورى تېخنىكىسى تورنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىدارى ،ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىستىقبالى بار» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىلھام بەردى. لى يەنخۇڭنىڭ نىشانىمۇ كومپيۇتېرنى مەخسۇس ئۆگىنىۋېتىش، ئۇچۇر ئىزدەش تېخنىكىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئۆزگەردى.

سۇڭشىيا تەتقىقات ئورنىدا پاركتىكا قىلىش داۋامىدا ئۇ ئۇچۇر ئىزدەش تېخنىكىسىنىڭ راۋاجىنىۋاتقان سودا پۇرسىتىنى كۆردى. كېيىن ئۇ ئەينى چاغدا كىرمىنى جىلغىسىدىكى ئەڭ مۇۋاپىقىيەت قازانغان توردا ئۇچۇر ئىزدەش شىركىتى infoseek قا كەلدى. ئۇ يەردە ئىككىنچى ئەۋلاد ئىزدەش موتورى تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. 2000 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا دۆلەتكە قايتىپ دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە بەيدۇ تور تېخنىكا شىركىتىنى قۇردى. 2009 ـ يىلغا كەلگەندە، بەيدۇ دۇنيادىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇستەققىل ئىزدەش موتورىغا ئايلاندى. خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئىزدەش تورى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

نامراتلارنىڭ نامرات، بايلارنىڭ باي بولۇشىدىكى سەۋەب ،ئۇلارنىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك بىلىمنى تونۇشتا ناھايىتى چوڭ پەرىق مەۋجۇت. بايلار بىلىمنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇششاق ھالقىلاردىن سودا پۇرستى بايقىيالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىملىق سودا پۇرستىنى تۇتالايدۇ. نامراتلار پەقەت بىلىم توپلاشنىلا بىلىدۇ. ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ. لى يەنخوڭنىڭ مۇۋاپىقىيىتىدىن بىز بىلىمنىڭ كۈچىنى كۆرۈۋالالايمىز. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭدا بىلىمنى ئىشلىتىشكە ماھىر كاللا بار.

كىشىلەر «دۇنيانىڭ بايلىقى يەھۇدىلارنىڭ يانچۇقىدا، يەھۇدىلارنىڭ بايلىقى ئۆزىنىڭ كاللىسىدا» دېيىشىدۇ. ئۇنداقتا يەھۇدىلارنىڭ كاللىسىدىكى سودا پاراستى زادى نېمە؟ ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى پاراسەتلەرنىڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرى ـ بىلىمنى جانلىق قوللىنىش، ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىم بىلەن سودا پۇرستىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەر بىر باينىڭ بېيىش سىرى. نامراتلار

بايلارنىڭ قانداق تاۋلىنىپ چىققانلىقىنى بىلگەن ۋاقتتا بايلىق ئۇنىڭدىن يىراققا كەتمەيدۇ.

### ★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

بىلىم بايلىق يارىتىدۇ. بىلىمنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە جانلىق ئىشلىتىش كېرەك. شۇندىلا غەلبىنىڭ ئاساسىنى سالغىلى بولىدۇ. بىلىمنى ئۆلۈك ئۆگىنىپ ئىشلەتمىسە، ئاخىرى بېرىپ كاللىغا تۇشۇپ كەتكەن ئەخلەت بولىدۇ. كىشىلەر بايغا ئايلىنىشنى ئويلىسا،ئۆزىنىڭ ھېسسىيات بۆلۈنمىسى ۋە ئەقىل بۆلۈنمىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، تىرىشىپ ئۆزىنىڭ مۈلۈك بۆلۈنمىسىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىنىش بىر تال بېلىققا ئىگە بولۇشتىن مۇھىم بولغانغا ئوخشاش، مۈلۈك بۆلۈنمىسى ھەر دائىم بايلىقتىن مۇھىم.



# نامراتلار كىتابتىن بىلىمگە ئېرىشىدۇ. بايلار تۇرمۇشتىن بىلىمگە ئېرىشىدۇ

بىلىم توغرىسىدا سۆزلىسەك كىشىلەر دائىم كىتابنى، مەكتەپنى ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىلىمنىڭ تېخىمۇ كەڭ مەنىسى بار. كىتاپتىكى بىلىمنى كىشىلەر جەمئىيەت ئەمەلىيىتىدىن خۇلاسىلىغان بولۇپ ، ئۇ باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.شۇڭا كىتاپتىكى بىلىمنى ئۆگىنىش ماھىيەتتە باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگەنگەنگە ئوخشاش. كىتابى بىلىملەرنى ئۆگىنىش دەرۋەقە مۇھىم لېكىن، شەيئىلەر ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىز تۇرىۋاتقان مۇھىتمۇ ئۈزلىكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كىتابتىكى بەزى بىلىملەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن. ھامان شاللىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر دائىم كىتابقىلا ئىشىنىپ ئەمەلىيەتتىن بىلىم ئۆگىنىشنى بىلمىسەك، مەڭگۈ ئىلگىرلىيەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

نامراتلارنىڭ نامرات، بايلارنىڭ باي بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇلارنىڭ بىلىمگە بولغان تونۇشى ئوخشاش ئەمەس. نامراتلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئۇسۇلى پەقەت كىتابقىلا تايىنىش. ئوقۇغان كىتابى كونا، ۋاقتى ئۆتكەن بولسا، ئۆگەنگەن بىلىمى ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، نىمە پايدىسى بار؟ كىشلەر «كىتاب خالتىسى» دېيىش ئارقىلىق پەقەت كىتاب ئوقۇشنىلا بىلىدىغان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئاشۇ بىلىمى كۆپ نامراتلارنىڭ بىلىمگە ئېرىشىش يولى يەككە بولغانلىقتىن، ئۆگەنگەن بىلىمنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىيەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان بىلىم بايلىق يارىتالمايدۇ.

ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئونمىڭ پارچە كىتاب ئوقۇشتىن كەلگەن ھاسىلات، 10مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ قولغا كەلتۈرگەن ھاسىلاتقا يەتمەيدۇ. يولدا ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق نۇرغۇن بىلىم ۋە تەجرىبە ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. دەل مۇشۇ بىلىم ۋە تەجرىبە سىزنىڭ بايلىق يارىتىشىڭىزدا كەم بولسا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان بىلىم ـ يىلتىزى كېسىۋېتىلگەن دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇ دەرەخ ھەر قانچە باراقسان بولسىمۇ ھامان قۇرۇپ كېتىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، تېز تاماق ماگىناتى رېي.كروك تېخى بىر سۈت ئارىلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى سېتىش ئورنىنىڭ ساتقۇچىسى ئىدى. بىر قېتىم ئۇ كالىفورنىيە شتاتىدىكى بىر تاماقخانىغا 10 دانە سۈت ئارىلاشتۇرغۇچ ساتتى. بىر تاماقخانا قانداقسىگە 10 دانە سۈت ئارىلاشتۇرغۇچقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ؟بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھىس قىلغان كروك بۇ تاماقخانىنى سۈرۈشتۈردى. ھەم ئاكا ـ ئۇكا مەكدولاندلار باشقۇرىۋاتقان بۇ تاماقخانىنىڭ تىجارىتىدە باشقا تاماقخانىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىك بارلىقىنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ تاماقخانىسى ياسىغان يېمەكلىك قولايلىق، تېز ھەم باھاسى ئەرزان بولۇپ، بۇنداق تىجارەت شەكلى تاماقخانىنىڭ سودىسىنى ئىنتايىن جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. رېي.كروك مەكدونالد ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئىنقىلاپ خاركتېرلىك كېڭەيتىشكە ئەرزىيدىكەن دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىكاگودا تۇنجى مەكدونالد تاماقخانىسىنى ئاچقان. 1961 ـ يىلى ئۇ 2 مىليۇن 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا مەكدونالد ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ قولىدىن مەكدونالد تاماقخانىسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى سېتىۋالغان ھەمدە مەكدونالد تاماقخانىسىنى زەنجىرسىمان شەكىلدە پۈتۈن ئامېرىكىغا كېڭەيتكەن. 1968 ـ يىلى مەكدونالد چەتئەل بازارلىرىغا كىرىشكە باشلىغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەكدونالد ئاللىقاچان پۈتۈن دۇنيادا ئەڭ كۆپ تارماق دۇكانلىرى بولغان تېز تاماقخانا سەردارىغا ئايلاندى.

ھازىر مەكدونالدنىڭ پۈتۈن دۇنيادا 30مىڭدىن ئارتۇق تارماق دۇكىنى بار بولۇپ،ھەر كۈنى 46 مىليۇن خېرىدار غىزالىنىدۇ. ئۇنىڭ پايدىسى ھەر يىلى 12% تىن 15%كىچە سۈرئەت بىلەن ئېشىۋاتىدۇ. مەكدونالد ئاكا ـ ئۇكىلار پەقەت ئىگىلىك يارىتىشنى بىلگەن. لېكىن سودا پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇۋالالمىغان. رېي.كروك ئەمىلىيەت داۋامىدا باشقىلارنىڭ تىجارەت ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ كېيىن ئۇنى كەڭ جارى قىلدۇرغان. مەكدونالدنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقان. بۇ ئۇنىڭغا غايەت زور بايلىق ئېلىپ كەلگەن.

مەكدونالد ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ كەمچىلىكى بىلىمنى بىلىپ ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكىدە،

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بايلىقنىڭ يارىتىلىشى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ. نامراتلارنىڭ مول بىلىمى بولسىمۇ، تەجرىبىسى مول بايلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ، بۇلار ئۈچۈن بايلىق يارىتىدۇ.

ھەر بىر ئىگىلىك تىكلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ياكى ئىگىلىك تىكلەش يولىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ قائىدىنى چۈشىنىش كېرەك. بىلىم چەكسىز، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىدىغان شەكلى ھەر خىل. كىشىلىك ئالاقىدىكى ناتىقلىق، جەمئىيەت تەجرىبىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ غەلىبە قىلىشىڭىزغا ياردەم قىلالايدىغان بىلىم. پەقەت سىز دىققەت قىلىپ كۆزەتسىڭىزلا تۇرمۇشىڭىزنىڭ ھەممە يېرى بىلىمگە تولغان.

سىز بايلىق يارىتىشنىڭ بارلىق شارائىتلىرىنى ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، بايلىق جىمجىتلا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىدۇ. نامراتلىق قورقۇنۇشلۇق ئەمەس. قورقۇنۇشلۇقى سىزدە بايلىقنى قوغلىشىدىغان ئىرادە يوق. ھەر بىر باي نامراتلىق ئىچىدىن كەلگەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلاردىن ناچار ئەمەسلىكىڭىزگە ئىشىنىڭ. سىزنىڭ ئېھتىياجلىق بولغىنىڭىز ۋاقىت ۋە بىلىم خالاس. لېكىن بۇ ئىككى خىل نەرسە باشقا يەردە ئەمەس، دەل سىزنىڭ يېنىڭىزدا. پەقەت بىلىمنى تۇرمۇشتا ئىشلەتسىڭىزلا بايلىق سىزگە ئىنتايىن يېقىن.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

بايلىق يانچۇقتىكى پۇل ئەمەس. بەلكى كاللىدىكى بىلىم. يانچۇقتىكى پۇلنى ھامان خەجلەپ تۈگەيدۇ. كاللىدىكى بىلىم شەمشەرگە ئوخشاش ئىشلەتكەنسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ ھەمدە ئۇ ياراتقان بايلىق چەكسىز بولىدۇ.

كىشىلىك ئالاقىدىكى پەرق:

**نامراتلاردا بارى يەتتە ئۆلۈش قابىلىيەت، ئۈچ ئۆلۈش كىشىلىك ئالاقە؛ بايلاردىكىسى يەتتە ئۆلۈش كىشىلىك ئالاقە، ئۈچ ئۆلۈش قابىلىيەت**

كىشىلىك ئالاقە شامالغا ئوخشاش ئۈمىد ئۇرۇقلىرىنى جاھانغا تېرىيدۇ. شامالنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ھاسىل قىلىنغانغا ئوخشاش كىشىلىك ئالاقىگە ماھىر ئادەم ئاز كۈچ سەرىپ قىلىپ كۆپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ.ئەمما نامراتلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار كۈن بويى ئۆزىنى ئۆيگە سولىۋېلىپ، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا سەل قارايدۇ. بايلار كىشىلىك ئالاقە بولمىسا، ئىش قىلىشنىڭ تەسلىكىنى بىلىدۇ،شۇڭا ئۇلار پۇرسەت ئىزدەپ دوست تۇتىدۇ. ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئالاقە ماھارىتىگە تايىنىپ كەلگۈسىگە ئېرىشىدۇ.

بىلىمنى مەڭگۈ بىر كۈندىلا ئۆگىنىپ بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىلىم ھەر كۈنى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. يېڭىلانماي بىر ئىزدا توختاپ قالغان تەپەككۇر پەقەت جەمئىيەتنىڭ ئادىل ئەمەسلىكىدىن ئاغرىنىدۇ،لېكىن ئۆزى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما بايلاردا مول كىشىلىك ئالاقە ۋە توختاۋسىز ئۆگىنىپ تەرەققىياتقا ماسلىشىش روھى بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىدۇ، تېخىمۇ كۆپ بايلىققا، تېخىمۇ ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولىدۇ. نامراتلارنىڭ كىشىلىك ئالاقىنى بىلمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، نامراتلار ئارزۇ قىلغان غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

# نامراتلار پۇل ئۈچۈن كىشلىك ئالاقىنى ئۈزىدۇ. بايلار پۇل خەجلەپ كىشلىك ئالاقە ئورنىتىدۇ

نامراتلارنىڭ نەزىرىدە پۇل ئىلاھقا ئوخشاش بولۇپ،ئۇنىڭ قىلالمايدىغىنى يوق. نامراتلارنىڭ ئىلاھى ئۇلارغا ماددى بەھرلىنىش ئاتا قىلىدۇ. ماددى بەھرلىنىش ئاتا قىلالمايدىغىنى پەقەتلا ئۆزى بىلەن ئازراقمۇ مۇناسىۋىتى بولمىغان ۋائىزلىق. دۇنيادا ھەقىقەتەن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بايلىق مەۋجۇت. ئەگەر بۇ خىل بايلىق كەمچىل بولسا، سۇنىۋۇكۇڭغا ئوخشاش ئىقتىدارىڭىز بولسىمۇ، ‹بەش تاغنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قېلىپ ئۇزۇنغىچە ئورنىدىن تۇرالماسلىق › تەقدىرىڭىزگە پۈتۈلگەن بولىدۇ.

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ پەرقى نامراتلارنىڭ ئىلاھى پۇل. بايلارنىڭ ئىلاھى كىشلىك مۇناسىۋەت.

ئىلگىرى بىر ئادەم موي قەلەم تىجارىتى قىلىدىكەن. ئەمما ھىچكىممۇ ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى ھەم ئىسمىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ پەقەت چوڭ رەسىم كۆرگەزمىسىدىلا ئۆزى ياسىغان موي قەلەمنى تونۇشتۇردىكەن. لىكىن ئۈنۈمى ئۇنچە ياخشى ئەمەس ئىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كۆرگەزمىخانىدا رەسىم كۆرۈۋاتقان ئالاھىدە بىر خېرىدارنى كۆرۈپتۇ ھەم دەرھال ئۇنىڭغا بىر دانە موي قەلەم ھەدىيە قىلىپتۇ. گۈزەل سەنئەت ئىنىستىتوتىنىڭ فرافىسسورى بولغان بۇ كىشى ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان تۇخۇ پېيى قەلىمىنى ئەستايىدىل كۆرگەندىن كىيىن بۇ قەلەمگە قىزىقىپ قاپتۇ...بۇ قىزىقىپ قېلىش قەلەم سودىگىرىگە ئامەت ئېلىپ كەپتۇ

سوۋغات قەلەمنى ئالغان بۇ كىشى سودىگەر ئۈچۈن مەخسۇس قەلەم كۆرگەزمىسى ئوتكۈزۈپ بېرىپتۇ. كىشلەرگە ئۇنىڭ موي قەلىمىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئارىسىدا گۈزەل سەنئەت ئىنستۇتى ئوقۇتقۇچىللىرى ۋە رەسساملار بار ئىكەن. ئارقىدىنلار ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بۇلۇپ كېتىپتۇ. رەسسام سودىگەرگە ئېسىل رەسىم سوۋغا قىپتۇ. يەنە بىر خېرىدار قەلەم سودىگىرى ئۈچۈن ھەقسىز

ئىشلەپچىقىرىش ئورنى تەمىنلەپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ياردىمىدە قەلەم سودىگىرىنىڭ يىللىق ئالاھىدە موي قەلەم سېتىش مىقدارى ئەللىك مىڭ تالغا يېتىپ،كىچىك بىر كارخانىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپتۇ. بۇ سودىگەرنىڭ ئىسمى جاڭ شىنگېن ئىدى.

سىز تەقدىر ئۆزىڭىزگە ياردەم قىلدى دېيىشىڭىز مۇمكىن. خاتالاشتىڭىز! تەقدىر ھەممە ئادەمگە باراۋەر .جاڭ شىنگېن رەسىم كورگەزمە ئورنىدا قەلەم تونۇشتۇرۇپ ساتقاندا ھېچكىم ئۆزىگە دىققەت قىلمىغان. ھەر كۈنى ئۆزىگە ھەمراھ بولغىنى باش ـ ئايىغى يوق جىمجىتلىق ئىدى. لېكىن ئۇ ئەگەر قەلەملىرىنى ياخشى سېتىشنى ئويلىسا، چوقۇم ماددى جەھەتتە بەدەل تۆلەش كېرەكلىكىگە ئىشەنگەن.چۈنكى مۇنداق چاغدا قورۇق رەھمەت ئېيتىش ئېنىقلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى.

كۆپىنچە ئەھۋاللاردا نامراتلار بايلارغا ھەۋەس قىلىدۇ. لېكىن پەقەتلا ھەۋەس قىلىدۇ،خالاس. بەلكىم بۇ ئۇلارنىڭ ۋىجدانلىق بولغىنى، ھوقۇقدارلارغا ۋە باشقىلارغا تەخسكەشلىك قىلمىغىنى بولۇشى مۇمكىن.

كىرتىن كانادانىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭلىسى بولۇپ، بالا ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىر قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان. گەپ قىلغاندا ئاغزى ھەمىشە بىر تەرەپكە كىتىپ قالاتتى. تەڭتۇشلىرى ئۇنى مازاق قىلاتتى. ئۇ دائىم باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىش ۋە ئويۇن ئويناشنى ئويلايتى، لېكىن ئېرىشكىنى مەسخىرە بولاتتى. ئۇ چوڭ بولۇشنى ئويلايتى،چۈنكى ئۇنىڭغا چوڭلار بەك قالتىس كورىنەتتى. ئۇلار ئۇنى مازاق قىلمايتى. پەقەت كۆلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى. تەدرىجى ھالدا كىرتىن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. مېيىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ چوڭلارغا ئوخشاش پىشقان ھەم تەمكىن بولۇپ قالغاندى.

كىچىك كىرتىن ئۈچۈن چوڭلار باي، قابىلىيىتى بار ھېسابلىناتتى. ئۇ بىر ئاقىلانە قارار چىقاردى. قارارىدا باي بولۇشنى تاللىدى.بۇنى ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ پەقەت تەڭتۇشلىرىدىن تەسەللى ئىزدىسە، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەتلا مەسخىرە قىلىنىش بولىدۇ. ئاندىن ئۇ تەڭتۇشلىرىدىن ئاغرىنىدۇ. نىمىشقا تەڭرى ئۆزىگىغا كورۇمسىز چىراي بەرگەندۇ؟ نىمىشقا جەمئىيەت

ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ ئەھۋال شۇنداق تۇرسا ئۇ يەنىلا زۇڭتۇڭ بولالامدۇ؟ ئەمما كىشىلىك ئالاقە ماھارىتىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرگەن كىرتىن ئاخىر بۇ توسالغۇلارنى بۇسۇپ ئۆتۈپ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بايلار ئەلۋەتتە كىشىلىك ئالاقە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. بىلگايتسقا قاراپ باقايلى. ئۇ قانداق قىلىپ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بېيىغا ئايلاندى؟ 20 ياش ۋاقتىدا ئۇ دۇنيادىكى تۇنجى كومپيوتېر شىركىتى IBM بىلەن توختاملاشقان. ئۇ بۇ ئىشنى قانداق قىلالىغان؟ بىلگايتسنىڭ ئانىسى IBM نىڭ باش لىدىرى بولۇپ، قارىماققا بۇ ئۇنىڭغا ھېچقانچە ئىش ئەمەس، پەقەت دەپلا قويسىلا بولىدۇ. IBM شىركىتى بىلەن توختاملىشىشقا قانچىلىك پۇل كېتەر ؟ نامراتلارنىڭ ئۇنى بىلگۈسى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىلگايتس ئۈچۈن بۇ تۇيۇقسىز خوشاللىق پەقەتلا بىر ھەدىيە ئىدى. مەسىلىلەرنى نەق پۇل ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەپ تەپەككۇر قىلىسىڭىز دۇنيانىڭ سىزگە بېرىدىغىنى پەقەتلا ئازغىنە پۇل. ئەگەر كىشىلىك ئالاقە ئىدىيىسى بىلەن تەپەككۇر قىلىسىڭىز دۇنيانىڭ سىزگە بېرىدىغىنى پۈتۈن دۇنيا.

ئەلۋەتتە بۇ نوقتىنى ئويلاپ يېتەلەيدىغان ئادەملەر خېلە كۆپ. مەسىلەن: ئامېرىكىدىكى داڭلىق تۆمۈر يول شىركىتىنىڭ دىرېكتورى . AHسىمىت بۇ نوقتىنى ئويلاپ يەتكەنلەرنىڭ بىرى. ئۇ كۆپ يىللىق تۆمۈر يول تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق مۇنداق خۇلاسە چىقارغان. «تۆمۈر يول تىجارىتىدە كىشىلىك ئالاقىنىڭ رولى %95 ،تۆمۈر يولنىڭ رولى %5 بولىدۇ». مۇۋاپىقىيەت ئىلمىنىڭ ئۇستازى كارنىگ ئۆزىنى مەزگىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈن چىقارغان. «بىر ئادەمنىڭ مۇۋاپىقىيىتىدە كەسپى بىلىم %15 ، كىشىلىك ئالاقە %85 رول ئوينايدۇ».

ئەمىلىيەتتە كىشىلىك ئالاقىنىڭ پۇلدىن قىممەتلىك بولۇشىدىكى سەۋەب ،ماددى ياردەم بولغانلىقتىن ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر بايلار بىلەن دوست بولسا، ئۇلاردىن ماددى ۋە كەسپىي جەھەتتە ياردەمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس.

1966 ـ يىلى ئەلى ھەربى مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى رەت قىلىپ «ئۇرۇشتىن قاچقانلىقتىن»،

ئامېرىكا بىرلەشمە سوتى ئۇنىڭغا 5 يىللىق مۇددەتلىك جازا ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ «بوكوس شاھى» ئۇنۋانى بىكار قىلىنىپ، پاسپورتىمۇ مۇسادىر قىلىندى. ئەينى چاغدىكى گېزىت «ئامما ئەلىنىڭ ئۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ» تېمىسىدىكى باياننى ئاشكارا باسقان. ئۇ ھەر كۈنى دىگۈدەك تىللاپ، قورقۇتۇپ ئۇرۇلغان تېلفۇنلارنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ئامالسىز قالغان. بۇ ۋاقىتتا ئەلىنىڭ روھى ۋە جىسمى ئىلگىرىكى چۇقۇنغۇچىللىرى تەرپىدىن قىيلىنىپ ھالسىزلانغان ئىدى.

بىر كۈنى كېچىدە ئەلى بىر تېلفۇننى قوبۇل قىلدى. تېلفۇندىكى ئادەم «ۋەي ،ئەلى ئەپەندى، مەن بىر ئەنگىلىيەلىك ،مەن سىزنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن ھېچنىمنى ئايىماي تەقدىم قىلىدىغان روھىڭىزغا قايىل. مەن سىزگە پەقەت ئۆزەمنىڭ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ھەمدە سىزگە پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقنى سۆيدىغان كىشلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ دوستىڭىز ئىكەنلىكىنى دەپ قويۇشنى ئويلىدىم...» ئاشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ياشقا تولدى. بۇ ئۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان «دوستىنىڭ سۆزى» ئىدى. شۇنىڭدىن كىيىن ئەلى بۇ ناتونۇش دوستى بىلەن تېلفۇن ۋە خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇردى. بۇ دوستىنىڭ ياردىمىدە ئەلى يېڭى بىر ئۈمىدنى كۆردى، ۋۇجۇدىدا ئىشەنچ تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېسىمغا قارشى تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن نارازىلىق ئەرىزى سۇندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالى مەكتەپلەردە ئۇرۇشقا قارشى نۇتۇق سۆزلىدى. ئاخىرى 1970 ـ يىلى ئامېرىكا يۇقىرى سوتى خەلقئارا بېسىم سەۋەبىدىن ئەلىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنىڭدىن كىينكى بىر كۈنى ئەلى ئالاقىلىشىش ئادىرسىغا ئاساسەن، قىيىن ۋاقىتلاردا ئۆزىگە كۈچ بەرگەن ئادەمنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى تاپتى. ئىشكىنى قېرى مالاي ئاچقان بولۇپ، ئۇ ئەلىگە خەت ئالاقىسى قىلغان خوجايىنىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئىسمى بېرتىراند بولۇپ، ئۇ بىر ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئىدى.

پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بايلىقنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چوقۇم چوڭقۇر كىشلىك ھايات پەلسەپىسى ۋە جاھاندارچىلىق تەجرىبىسى بولۇش كېرەك.

بولمىسا ھەر قانچە كۆپ مال ـ مۈلۈكى بولسىمۇ بىردەمدىلا ۋەيران بولىدۇ. بايلارنى دوست تۇتقاندا، ئۇلارنىڭ باي بولۇش تەجرىبىسى ۋە ھەركەت ئۇسۇلى ئەڭ پۇلغا ئەرزىيدىغان ھوسۇل. سىز ھەتتا ئۆزىڭىزنىڭ قانداق قىلىپ، زېرەك قابىلەتلىك بولۇپ قالغانلىقىڭىز، قاندىقىسىگە بايىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلمەي قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. بۇ باي دوستىڭىزنىڭ سىزگە بەرگەن سوۋغىسىدۇر. پسىخولوگلار ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈدى. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزى، ھەركىتى، سىزگە يۇقىدۇ. بايلار بىلەن دوست بولسىڭىز ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان تەسىرىنى سىز ھېس قىلىپ بولالمايسىز. بۇلارنىڭ سىزنىڭ ئۆزگىرىشىڭىزگە بولغان تەسىرى تېز ۋە زور.

شۇڭا نامراتلارنىڭ ھېچ ئىشتا تەنجە قازىنالماسلىقى نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىق بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كىشلىك مۇناسىۋەت ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىل ھېساپلىنىدۇ. ئەقىللىق نامرات ئادەم بايلارنى دوست تۇتۇشنى بىلىدۇ. كېيىن بايغا ئايلىنىدۇ. ئاددەتتىكى نامراتلار ئۆز تەقدىرىدىن قايتا ـ قايتا ئاغرىنىدۇ ياكى بايلارنىڭ پۇلغا ھەۋەس قىلىدۇ.

### ★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

ئادەمنىڭ پۇلغا بولغان ئېھتىياجى بىر ئەگرى سىزىق. ئەگرى سىزىق نولگە يېقىنلاشقاندا، ئەگرىلىك دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ، ئەگرى سىزىق چەكسىزلىككە يېقىنلاشقاندا، ئەگرىلىك دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئەگەر پۇل يوق بولسا، ئازىراق پۇل كىشلەرگە ھەقىقەتەن مۇھىم. لېكىن ئەگەر ناھايىتى كۆپ پۇلى بار بولسا، پۇلنىڭ كۆپىيىشى كىشىگە نىسبەتەن چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئېنىقكى بۇ بايلارنىڭ پۇل خەجلەپ كىشلىك مۇناسىۋەت تورىنى كېڭەيتىشنى خالىشىدىكى سەۋەب. ئەكسىچە نامراتلار بىردەملىك ئازغىنە مەنپەئەتنى قوغلىشىپ، دائىم باشقىلار بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ. شۇڭا ئۇلار يەنە ئاۋۋالقىدەكلا نامرات.

# نامراتلا ئۆزىگىلا كەڭ قورساق بولۇپ، باشقىلارغا ئىچى تارلىق قىلىدۇ؛ بايلار ئۆزىگە ئىچى تارلىق قىلىپ، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولىدۇ

بەلكىم ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە بىر مۇھىم ئورۇن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئورۇندا تۇرىدىغان ئادەم شەرتسىز ھالدا كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ. بىز ئۇ ئادەمگە كەڭچىلىك قىلىمىز. ئۇنىڭ بارلىق ئورۇنسىز تەلەپلىرىنى ئورۇنلايمىز. لېكىن ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆڭۈلدىكى ئادەم ئوخشاش ئەمەس.

نامراتلار بۇ ئورۇنغا ئۆزىنى كىرگۈزۈۋېتىدۇ. «ۋەزىپە شۇنچە قىيىن تۇرسا، ئورۇنلىيالماسلىق نورمال ئىش!»، «شۇنچە ئۇزۇن چىدىدىم. ئازىراق ئارام ئالسام نىمە بوپتۇ؟» ئۇلار شۇنداق دەپ قايتا ـ قايتا ئۆزىنى كەچۈرىدۇ تاكى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىچە شۇنداق قىلىدۇ،ئاندىن كېيىن غەزەپلەنگەن ھالدا جەمئىيەتنىڭ ئادىل ئەمەسلىكىدىن نارازى بولىدۇ. بايلار قەلبىدىكى بۇ ئورۇنغا باشقىلارنى تۇرغۇزىدۇ. «مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەلپىم بەك قاتتىق بۇلۇپ كەتتى. ئۇ كۈچىدى، تاماملاپ بولالمىسا ئۇنىڭدىن ئاغرىنغۇلۇق ئەمەس.»، «ئۇ قەستەن قىلمىدى. كېيىنكى قېتىم ئۇ چۈقۇم دىققەت قىلىدۇ» ...مانا بۇ بايلارنىڭ مەۋقەسى.

كۆپ ساندىكى كىشلەر ھەمىشە باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىش ئاجىزلىق دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۆزىنى كەچۈرۈشنىڭ تېخىمۇ ئاجىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئەتىياز، كۈز ۋاقىتلىرىدا فۇ بەگلىكىدىكى شاڭ خوۋ بىلەن يۇڭ زى ئارىسىدا دائىم تېرىلغۇ يەر چېگرىسى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىدىكەن. بۇ جېدەل ئۇزۇنغىچە ھەل قىلىنماي زىدىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەچكە، باش ئەمەلدار شۈيۇگە دىلونى تىز ئايدىڭلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىپتۇ. شۈيۇ ئەھۋالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن خاتالىقنىڭ يۇڭزىدا ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا يۇڭزى ئۆزىنىڭ قىزىنى شۈيۇگە تەقدىم قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شۈيۇ خاتالىقنى شاڭ خوۋغا ئارتىپ قويۇپتۇ.

شاڭ خوۋ ناھايىتى ئاچچىقلاپ، شۈيۈ بىلەن يۈگزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ۋەقەدىن كېيىن باش ئەمەلدار ئەھۋالنى ئېنىقلاپ شاڭ خوۋنى ئۆلتۈرۈپ شۈيۈ ۋە يۈگزى بىلەن بىرلىكتە سازايى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئۆلگەن ئۈچ ئادەم بىرلىكتە سازايى قىلىنىپتۇ. سەۋەبى بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىگە بەك كەڭچىلىك قىلىپ كەتكەن .شاڭ خوۋ ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى تىزگىنلىيەلمىگەن. شۈيۈ ئۆزىنىڭ شەھۋەتپەرەز نەپسىنى تىزگىنلىيەلمىگەن. يۈگزى ئاچكۆزلىكىنى تىزگىنلىيەلمىگەن.

ھەر قېتىملىق ئۆزىگە كەڭچىلىك قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى بوش قويۇۋېتىشنىڭ ئەكەلگەن تەسىرى ناھايىتى يامان بولۇپ، زىيانلانغۇچى ھەممە ئىشقا بىرخىل كەمسىتىلىش كەيپىياتى بىلەن قارايدۇ. بۇ ھال كىشىلىك ئالاقە دائىرسىنى كېڭەيتىشنى ئويلايدىغان ئادەم ئۈچۈن بىر بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك زەربە بولۇپ، بۇ كىچىكنى دەپ چوڭنى قۇربان قىلغانلىق ھىساپلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، نامراتلار بەلگىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ،( مەسىلەن: ھوقۇق، پۇل قاتارلىق ) ئاخىرى يەنىلا نامرات. ئۇلار ئۆزىگە قاتتىق بولۇشنى، پۇرسەتنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. ئۇلاردا يېتەرلىك پۇل بولغان تەغدىردىمۇ، ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. قولىدا چوڭ ھوقۇق بولسىمۇ قالايمىقان ئىشلىتىدۇ.

سىز ھازىر نامرات بولسىڭىزمۇ لىكىن بايلارغا خاس روھى ھالەتكە ئىگە بولسىڭىز، ھامان بىر كۈنى غەلبە قازانغان بايغا ئايلىنىسىز. ئەگەر سىز ئادەم پەقەت بايغا ئايلانغاندىلا ئاندىن بايلارنىڭكىدەك روھى ھالەت بولىدۇ دىسىڭىز باي بولۇش پەقەتلا چۈش. تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئادەملەر بار. ئۇلار گەرچە خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، تېزلا باشقا پۇل تېپىش ئۇسۇلىنى تاپالايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ يېڭى خىزمىتى ئۆزى تونۇش بولمىغان ساھە بولسىمۇ، لىكىن ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالالايدۇ. ئۇلاردىكى ئاشۇنداق كىشىلەر ھەۋەس قىلىدىغان ھالەتنى ساقلاتقۇزغىنى زادى نېمە؟ بۇ خىل ھالەتنى ساقلاتقۇزغىنى تىپىك بولغان بايلارغا خاس پىسخىكا! مۇنداق پىسخىك ساپانى

هازىرلىغانلار ناھايىتى ئاسانلا ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ ھەم نەتىنجە قازىنالايدۇ. بايلار ئاۋال ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، بۇ باي بولۇشتىكى ئاساسى شەرت. شان ـ شەرەپنىڭ كەينىدە كىشلەر بىلمەيدىغان تىرىشچانلىق بار. ئەگەر ئازاپقا بەرداشلىق بېرەلمىسە تەبىئىيلا بەختكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

سوۋىتىشيا ئىلكتىر ئۈسكۈنلىرىنىڭ ئۆلىنى سالغان سۇۋىتىشيا شىڭ جىجۇنىڭ تۇلۇق ئوتتۇرا دەۋرى ئۇنىڭ نامرات ۋاقتلىرى ئىدى. لىكىن ئۇنىڭدا شۇ چاغلاردىلا بايلارغا خاس روھى ھالەت شەكىللىنىپ بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ياتاقلىق مەكتەپتە تۇرىدىغان بۇلۇپ، مەكتەپ ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە ساۋاغداشلىرىنى ياتاقلارنىڭ تازلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان.يامان بولغىنى ئۇنىڭ ساۋاغداشلىرى دەرىستىن چۈشۈپلا قېچىپ كەتكەن. ئۇ دائىم تازلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسنى ئۆزى يالغۇز قىلغان. نەچچە ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىنى بىر ئادەم قىلسا، ئەگەر نامراتلارنىڭ پىسخىك ھالىتىدە بولسا، چۇقۇم جەمىيەتنى تىللاپ، ساۋاغداشلىرى بىلەن ئۇرۇشاتتى ياكى مۇئەللىمنى ئىزدەپ بېرىپ ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۋېتەتتى. لىكىن ئۇ ھىچنىمە دىمەي ئۆزى يالغۇز تازلىق قىلىۋەرگەن. كىيىن ساۋاغداشلىرى ئۇنىڭ ئەمگىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ھەمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا ياردەملىششكە باشلىغان.

بۇ ئۇنىڭدا رەھبەرلەرگە خاس ئىچكى كۈچنىڭ بارلىقنى بىلدۈرىدۇ؛ باشقىلارغا كەڭچىلىك قىلىش ئادەمنىڭ كىشلىك ھايات يۈلىنى كېڭەيتىدۇ؛ بىر ئادەمنىڭ كەڭ ئالاقە تورى بولسا، ئۇ ئادەتتىكى ئادەم كۆرەلمەيدىغان پۇرسەتنى كۆرەلەيدۇ. ئادەتتىكى ئادەم ئېرەشەلمەيدىغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئادەم دۇنيادا ياشايدىكەن ئەگەر ھىقچانداق ئادەم بىلەن سۈركىلىش بولمىسا، دۇنيا بەك زېرىكىشلىك بۇلۇپ قالىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئىنتايىن كىچىك بىرەر مەسىلىمۇ كىشلەرنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىۋېلىشى، ئۇلارنى خاتىرجەم خىزمەت قىلدۇرماسلىقى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەھرۇم قالىدىغىنى دائىم ئۇلار مەھرۇم قالدۇرغاندىن كۆپ. بايلار بۇنداق خاتالىقنى ئۆتكۈزمەيدۇ.

ئۇلار باشقىلار ئۈچۈن كۆپ ئويلايدۇ. ئاكتىپ ،تەشەببۇسكار  بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۆزىنىڭ يولى بارغانسېرى كەڭرىيدۇ. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردىغان ئاشۇ نوقتىغا تىكىلىۋېلىش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كەڭ بولغان ئاسماننى كۆرۈش.

بەلكىم باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىش باشلىنىشتا تەس بولۇشى مۇمكىن، لىكىن ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ، نەچچە مىنۇت ئويلانسىڭىز ناھايىتى تېزلا باشقىلارنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ھىس قىلالايسىز. باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش، كەڭ قورساق بولۇشنى سىزمۇ قىلالايسىز. ھەر قانداق قارىماققا تەس ئىشمۇ، پەقەت قىلىشنى ئويلىسىڭىزلا ئەمىلىيەتتە تەس ئەمەس. داۋاملاشتۇرۇپ قىلسىڭىز سىز ئاستا-ئاستا نامراتتىن بايغا ئۆزگىرىسىز. ئاخىرىدا ھەقىقى بايغا ئايلىنىسىز.

بارلىق پەيلاسوپلار مۇنداق ئورتاق تونۇشقا ئىگە: بەختتىنى قوغلىشىش ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى .باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش ئېنىقكى ،سىزگە بىر خىل ياخشى كەيپىيات ئاتا قىلىدۇ. ياخشى كەيپىيات ساغلام بەدەن ، ئىناق ئائىلىنى ئەكىلىدۇ. ئىشلىرىڭىزنى ئوڭ قىلىدۇ. مۇنداق بولغاندا بارلىق كىشلەر ھەۋەس قىلىدىغان بايلىق ئاسان قولغا كىلىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىڭىزنى كەچۈرىشىڭىز، ئورۇنسىز ئاچچىقلاپ ئۆزىڭىزنى قىينىماسلىقىڭىز كېرەك. مەيلى قانداقلا ئەھۋالدا بولۇڭ ھامان قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان ئاكتىپ يولىنىشكە قاراڭ. ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشىلاڭ. ئىنساننىڭ ۋاقتى ئازاپ چىكىش ئۈچۈن ئەمەس،خوشال بولۇش ئۈچۈن بىرىلگەن. شۇڭا بىز كەڭ قورساق باي بولۇشنى بىلىشىمىز ،يىپىدىن يىڭنىسىغىچە زىغىرلايدىغان نامرات بولماسلىقىمىز لازىم.

# نامراتلار پەقەت ئاغرىنىشنىلا بىلىدۇ، بايلارنىڭ كۆڭلىدە مىننەتدارلىق بولىدۇ

ئوخشاش بىر تال ئالما ئېسىلزادىلەرنىڭ نەزىرىدە ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ، لېكىن نەچچە كۈن ئاچ قالغان ئادەمگە نىسبەتەن ئۇ قۇتقۇزۇش دورىسى بولۇپ، ئالمىنىڭ ھەقىقى تەمىنى پەقەت ئۇنى قەدىرلەيدىغان ئادەملا چۈشىنىدۇ.خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بەلكىم نۇرغۇن ئادەمدە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قەدىرلەش ئېڭى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھەقىقى قەدىرلىيەلەيدىغانلار كۆپ ئەمەس.

قەدىمكى دەۋىردە ئەرلەر ئائىلىدە بىر ئائىلىنى قامدايدىغان ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. مۇنەۋۋەر ئەرلەر بىر ئائىلىنى باي، باياشات تۇرمۇش كەچۈرگۈزگەن. ئادەتتىكى ئەرلەر پەقەت مىڭ تەسلىكتە ئائىلىنى قورساق توق ھالەتكە يەتكۈزگەن.

بۇرۇن گو پامىلىلىك ياۋاش بىر دېھقان ئۆتكەن ئىكەن . ئۇ ئۆيدىكىلەرنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلمىگەچكە ئايالى ئەتىدىن كەچكىچە ئۇنى ئەيىبلەپ ئوڭايسىزلاندۇرىدىكەن. بوۋاينىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ ،چوڭ ئوغلىمۇ ئانىسىغا ئوخشاش ئاتىسىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن ئاغرىنىپ،ئۇنىڭدىن زادىلا رازى بولمايدىكەن. ئەمما كىچىك ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىغا ئىنتايىن ۋاپادار بولۇپ، داۋاملىق ئاكىسىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار بولۇشقا ئۈندەيدىكەن .بىر كۈنى تەڭتۇشلىرى كىچىك ئوغۇلدىن سوراپتۇ:‹سىنىڭ ئاتاڭ بەك ئىقتىدارسىز، ئاناڭنىڭ بەك ئاچچىقى يامان. سەن نىمە ئۈچۈن ئۇلارغا يەنىلا ۋاپادارلىقىڭنى يەتكۈزۈسەن ؟›بۇنى ئاڭلىغان كىچىك ئوغۇل مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: ‹چۈنكى ئۇلار ماڭا ھاياتلىق بەردى؛ ئۇلار بولمىسا مەنمۇ بولمايتىم. شۇڭا مەن ھەققەتەنمۇ ئۇلاردىن ئىنتايىن مىننەتدار›. كىچىك ئوغۇلنىڭ ۋاپادارلىقى ئاخىرى تەڭرىنى تەسىرلەندۇرۇپتۇ؛تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كىچىك ئوغۇل يەر تېرىغاندا پىل ۋە قۇشلار كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىپتۇ؛ ئەينى ۋاقىتتىكى قەبىلە باشلىقى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا 9 مۇلازىم ئەۋەتىپتۇ، ھەمدە قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ ئورنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

كىچىك ئۇغۇلنىڭ ۋاپادارلىقى نام ـ مەنپەئەت ئۇچۇن، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئۇچۇن ئەمەس، پەقەت سەبىلەرچە ئاتا ـ ئانىسىغا مىننەتدارلىقنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن بولغاچقا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى مىننەتدارلىق تەگرىنى تەسرلەندۇردى؛ ئەگەرسەممى پۇزىتسىيە ۋە مىننەتدارلىق بولمىسا، ھەر قانچە تىرىشقان تەغدىردىمۇ كىلىپ چىقىدىغان نەتىنجە ئوخشمايدۇ ؛شۇڭا ئاۋال باشقىلارنىڭ بىزگە ياردەم قىلىشىنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمەسلىكىنى توغرا تۇنۇپ يىتىشمىز كىرەك. ئاتا ـ ئانا ئۇلۇغ ؛چۈنكى ئۇلار شەخسيەتسىز ھالدا  سىزگە ياردەم قىلدۇ ؛لىكىن دۇنيادا ھىچكىمنىڭ سىزدىن ئەنسرەيدىغان مەجبۇرىيتى يوق.

نۇرغۇن نامراتلار كىچىكىدىن باشلاپ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئىتبارسىز قارىشىغا ئۇچىرايدۇ. خىزمەتتىمۇ ئادىل بولمىغان مۇئامىلىگە ئۇچىرايدۇ. ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىللىرى ئۇلارنىڭ مۇھىتقا بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىل ئۆچمەنلىك ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ئۇلارغا بولغان كۈيىنىشىنى كۆرمەيدىغان قىلىپ قويغان. ئەگەر باشقىلار ئۇلارغا بىر پوتۇلكا بەرسە، ئۇلارنىڭ بىرىنچى ئىنكاسى نىمشقا ئىككىنى بەرمەيدۇ بۇلۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ باشقىلارنى خوشال قىلىشى ئىنتايىن قىيىن بۇلۇپ ،شۇ تۈپەيلى ئۇلار ھەقىقى دوست تاپالمايدۇ.

كىچىك ئۇغۇلنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئۆزگىچە بولۇپ ،كۆپ قىسىم كىشلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ باللىقىمۇ كەمسىتىشتە ئوتكەن. ئاچچىقى يامان ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئازاپلىق كەچمىشلەرنى قالدۇرغان. لىكىن ئۇ بۇلارنى كوڭلىگە ئالمىغان. چۈنكى ئۇ باشتىن ئاخىر < ئۇلار مىنى تۇغدى، تەربىيلىدى. شۇڭا مەن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرشۇم كېرەك > دەيدىغان مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ياشىغان .بونداق سەممي مىننەتدارلىق تەگرىنى تەسرلەندۇرگەن، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىمۇ ئۆزگەرتكەن.شۇڭا ھەرقانداق ئادەمدە  پەقەت مۇشۇنداق ئىدىيە بولسىلا ئاندىن ئۆزىگە تەۋە بولغان كىشلىك مۇناسىۋەت تورىنى شەكىللەندۇرگىلى بولىدۇ.

بەلكىم يامانلىققا ياخشىلىق قىلماق ناھايىتى تەس بۇلۇشى مۇمكىن. لىكىن باشقىلارنىڭ ئۆزىگە

قىلغان ياخشىلىقنى قەدىرلەش، تۆلگەن بەدىلىگە ئېتىبارسىز قارىماسلىقمۇ ـ ھەققىي بايغا ئايلىنىشنىڭ مۇھىم بىر قەدىمى.

بىر توپ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ۋېلسونغا كەلگەن ۋاقىتتا بىر ياخشى نىيەتلىك بازار باشلىقى ئۇلارنى مول ئۇزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلىگەن، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاچارچىلىق بۇ كىشىلەرنى < نەزىرىدە ئاشلىقتىن باشقا نەرسە يوق > قىلىپ قويغان، شۇڭا ئۇلار بازار باشلىقىنىڭ ئاشلىقنى ئالغان ۋاقىتتا ھېچكىممۇ رەھمەت ئېيتمىغان. پەقەت بىر ئادەم ئاشلىق ۋە مېزىلىك نازۇ ـ نېمەتلەرنىڭ ئازدۇرىشىغا چىداپ بازار باشلىقىنىڭ ھەدىيەسىنى رەت قىلغان.

ـ مەن سىز ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بەرمىدىم. نەرسىگىزنى ئالسام بولمايدۇ.

ـ لېكىن مەن سىزنىڭ ماڭا جاۋاپ قايتۇرىشىڭىزنى تەلەپ قىلمىدىم. قىينچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم .

ـ سىزگە بىرەر ئىش قىلىپ بەرمىسەم ھەرگىزمۇ سىزنىڭ نەرسىگىزنى يېمەيمەن.

بۇ ياش شۇنداق جاھىللىق قىلىپ تۇرۋالغاچقا، بازار باشلىقى ئامالسىز «ئۇنداقتا مېنىڭ دۈمبەمنى ئۇۋلاپ قويۇڭ» دەپتۇ.

ياش يىگىت بازار باشلىقىنىڭ دۈمبىسىنى مۇنداقلا ئۇۋلاپ قويسا ،ئۇ بەرگەن يېمەكلىككە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ،ئۇنىڭ دۈمبىسىنى كۈچ چىقىرىپ كۆڭۈل قويۇپ ئۇۋلاپتۇ.

بازار باشلىقى بۇ يىگىتتىكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان خارەكتېر ۋە پەزىلەتنى ھېس قىلىپ ئۇنى بېغىدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. ياش يىگىت تىرىشىپ ئىشلەپ، بازار باشلىقىنىڭ ياقتۇرىشىغا ئېرىشىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ كۈيئوغلىغا ئايلىنىپ ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىپتۇ. يەنە 20 يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق بۇ ياش يىگىت داڭلىق نېفىت ماگناتىغا ئايلىنىپتۇ. باشقىلاردىن مىننەتدار بولۇشنى بىلىدىغان بۇ يىگىت ئارماندېر خامىر ئىدى.

نۇرغۇنلىغان نامراتلارنىڭ ئىچىدە ئارماندېر خامىرلا باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئەستە تۇتۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغان. ۋە ئاپەتكە ئۇچۇرغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇلا ئالاھىدە غەلبىگە

ئېرىشكەن.

بىر ئادەمنىڭ مۇۋاپىقىيتى قارىماققا تاسادىپىيدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن مۇۋاپىقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ پوزىتسىيەسى ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ. ئويلاپ بېقىڭ ئەگەر يېزا باشلىقى ئارماندىر خامېرنى باغقا بېرىپ يارەملىشىشكە چاقىرمىغان بولسا، بەلكىم يەنە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بولاتتى. سەرگەردانلىق سەپىرىدە باشقا يەردە يەنە يىمەكلىك بەرگۈچىلەرگە ئۇچرايتى. باشقىلارمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن تەسىرلىنەتتى. ھامان بىر كۈنى ئۇنى تەكلىپ قىلىپ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇراتتى. شۇڭا مىننەتتار بولۇشمۇ غەلىبىنىڭ سەۋەبى.

سەممىي مىننەتدارلىقنىڭ بىزگە ئەكىلىدىغىنى چەكسىز. كىشىلەر ئۆزىگە رەخمەت ئېيتىدىغان كىشىنى تېخىمۇ ياقتۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا كىشى قەدىرلەنگەندەك ھىس قىلىدۇ. ئەگەر قىلغان ياردىمىنىڭ ھاسىلاتىنى ھاۋاغا ئوخشاش كۆرگىلى تۇتقىلى بولمىسا، بۇ خىل مەغلۇپ بولۇش ھىسياتىنى ھىچكىم ياقتۇرمايدۇ. ئەگەر كىشىلىك ئالاقىنىڭ مۇھىملىقىنى ھىس قىلىپ، ئۆزىڭىزگە ياردەم قىلغانلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتسىڭىز نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆردىغان قىلالايسىز ھەم ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيسىز.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

بىر ئادەمنىڭ كۈچى ھامان چەكلىك. كىشىلەر تەرەققى قىلىپ بۈگۈنگە قەدەر تەرەققىيات مۇساپىسىدە ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ كۈچىگە تايانغان ئەمەس. بىز باشقىلارغا تايانغان بولغاچقا ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشىمىز ،سەممىيىتىمىز بىلەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشىمىز كېرەك. باشقىلارنىڭ قىلغىنىغا چىن كوڭلىدىن مىننەتتار بولۇش، بىر تال يۇشۇرۇن ئىقتىدارى چەكسىز بولغان ئۇرۇق. بىر كۈنى ئۇ تۇتقان مېۋە تاتلىق بولۇپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

# نامراتلار ئىقتىدارنى كىشلىك ئالاقىدىن مۇھىم دەپ قارايدۇ، بايلار كىشلىك ئالاقە ئىقتىدارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ

ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەركىتىنى مېڭىدە شەكىللەنگەن ئاڭ بەلگىلەيدۇ. بىر ئىشنى ياخشى قىلىشنى ئويلىسا، ئاۋال قانداق قىلىشنى ئويلاش كېرەك. ئۇقۇمۇشلۇقلار ئارىسىدا «ئۇقۇش تارىخى ئىقتىدارغا يەتمەيدۇ. ئىقتىدار ئاڭغا يەتمەيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. نامراتلار پەقەت بىر كىشلىك خىزمەت تېپىپ ئائىلىسىنى قامداش ئۈچۈن ياشايدۇ. شۇڭا ئۇلار پەقەت خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرىدۇ. كەسپى ئىقتىدارىغا تايىنىپلا ياشاپ كېتەلەيمەن دەپ قارايدۇ. بۇ نىشان بەك تېيىز بولۇپ،گەرچە نۇرغۇن باش ئاغرىقىدىن ساقلاپ قالسىمۇ،لېكىن تۇرمۇشنى ئاددى قىلىپ قويىدۇ، باي بولغىلى بولمايدۇ. بېيىشنى ئويلىسىڭىز يۇقىرى كىرىم بىلەن تەڭ قىممەتتىكى رولىڭىزنى جارى قىلدۇرۇڭ. ئۇنداقتا قانداق رول يۇقىرى كىرىم بىلەن باراۋەر؟

1978 - يىلى كرەيلېر 600 مىڭ خىزمەتچىسى بار ماشىنا شىركىتى بۇلۇپ، ئامېركا ماشىنا كەسپىنى مونپول قىلۋالغان. لىكىن ئىشلەپچىقارغان مەسھۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئۇزۇن مەزگىل ياخشى بولمىغانلىقتىن، يېڭىلىق بولمىغانلىقتىن شىركەت ئاستا-ئاستا قەرىزگە بۇغۇلغان ھەمدە بارلىق بانكىلار ئۇنىڭغا يەنە قەرىز پۇل بىرىشنى خالىمىغان شۇنىڭ بىلەن بۇ ھال كرەيلېر شىركىتىنى قۇرۇق جازىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇ چاغدا شىركەت ئېل.ئايكوكنى باش دېرىكتۇرلۇققا تەكلىپ قىلدى.

ئۇنىڭ دىرېكتورلۇققا تەيىنلىنىپ شىركەتتە قىلغان تۇنجى ئىشى -ھۆكۈمەتنىڭ كاپالەتلىك قىلىشىغا ئېرىشىپ، بانكا قەرىز پۇلنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرغا قويۇش بولدى .شىركەتتىكىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ بىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان ساراڭلارچە قارار قارار بولۇپ ،ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ساراڭ بولۇپتۇ دەپ قارىغان. ئەينى چاغدا ھۆكۈمەتكە تايىنىش باشقا

ئوخشاش توْردىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن ئادالەتسىزلىك بولۇپ، ئەركىن رىقابەتلىشىش پىرىنسىپىغا ئوْيغۇن كەلمەيتى. ئوْنىڭ ئوْستىگە هوْكوْمەت بىر تەرەپتىن كارخانىلارغا قارىتا توْزەش ،رەتكە سېلىش ئوْسوْلىنى قوللانسا ،يەنە بىر تەرەپتىن هەر قانداق بىر كارخانىغا ئېل.ئايكوكنىڭ پىلانىدىكىدەك شەكىل بىلەن ياردەم قىلمايتى.ئەمما ئېل.ئايكوك بوْنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئوْ ئاكتىپ هالدا هوْكوْمەت تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلەشتى. ئاخبارات ۋاستىللىرى ئارقىلىق ئەگەر شىركەت ۋەيران بولسا، جەمئىيەتتە 600 مىڭ ئىشسىزنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئىشسىزلىق نىسبىتى يوْقىرى بولسا، يوْقىرى مالىيە چىقىمىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ،ئەلۋەتتە. شوْنىڭ بىلەن ئوْنىڭ ئاكتىپ ئالاقىلىشىشى نەتىنجىسىدە شىركەت ئاخىر ياردەمگە ئېرىشتى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن شىركەت پايدىغا قاراپ يوْزلەندى هەم تارىختىن بوْيانقى ئەڭ گوْللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويدى.

بوْ دوْنيادا مەڭگوْ ئوْزگەرمەيدىغان نەرسە يوق.بىز هەر كوْنى ئوْزگەرگەن يېڭى بىر كوْننى كوْتىۋالىمىز.موْنداق ئوْزگوْروْشچان دەۋردە پەقەت تېخنىكىغا تايىنىپلا يېتەرلىك تەرەققى قىلغىلى بولمايدۇ. باشقىلار بىلەن ئالاقىلاشقاندا ،كەڭ دائىرلىك كىشىلىك ئالاقە تورى ئورناتقاندا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ئەگىشىپ ماڭغىلى بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ئولتوْراقلىششتىن ئىبارەت بوْ ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغان توْرلەرنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققى قىلىپ، بوْگوْنگە كېلىشىگە ياردەم قىلدى. ئورتاق توْردىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئىنسانلارنىڭ ئىنتايىن موْهىم ئېھتىدارى بولۇپ،ئىنسانلار بوْ ئېھتىدارى بىلەن هەر خىل ھەر ياڭزا تىمىلارنى تەرەققى قىلدۇْردى. كىشىلىك ئالاقىدىن ئىبارەت بوْ توْر باشقا توْرلەر قىلالمايدىغان ، ئىنسانىيەت دوْنياسىنى باشقوْروْشتا موْھىم بولغان ئامىل.

دوست سىزگە ياردەم قىلىدۇ، لىكىن ئوْ يەنە سىزنىڭ ياردىمىڭىزگىمۇ موْهتاج. كوْپ قىسىم كىشىلەر باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ياقتوْرمايدۇ. « بوْ ئوْزوْمنىڭ ھەسسىلىكى،خەقنىڭمۇ ئوْزىنىڭ يەيدىغىنى توْرسا، خەققە يەنە تاماق بوْلوْپ بېرىشىم موْمكىنموْ!» مانا بوْ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالاقە قىلىشنى ياقتوْرماسلىقىنىڭ سەۋەبى،ئاۋارىچىلىقتىن خالى،تىنىچ ياشاشنى قوغلاشقىنى .لىكىن بايلار

ھەرگىز بۇنداق ئويلىمايدۇ.

بىر دېھقان ئىزچىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېرىلىشى، پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ھالقىلارغا ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئۈزلۈكسىز ھالدا ئېتىزدىن مول ـ ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن ئۆچۈر يىغىدىكەن. ئاخىر ئۇ بىر خىل يېڭى سورتتىكى قوناقنى سىناق تەرىقىسىدە تېرىشقا باشلاپتۇ. كەنتتىكىلەر ئۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرىدىغان يېڭى رېستىپ تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ، بەس ـ بەستە ئۇنىڭدىن ئۆگىنۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن دېھقان باشقىلارغا ۋاقىت ئاجرىتىشنى خالىماپتۇ ھەم باشقىلارغا ئۆزىنىڭ يېڭى بايقىشىنى دەپ بەرمەپتۇ. كۈز پەسلى كەلگەندە، دېھقان بۇ يېڭى سورتلۇق قوناقنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئاددەتتىكىچە ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. دېھقان ئاچچىلانغان ھالدا مۇتەخەسسىستىن سەۋەبىنى سوراپتۇ. مۇتەخەسسىس تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ناچار گۈل چېڭىنى شامالغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئەلا سورتلۇق قوناقلىرىغا قونغان، شۇڭا مەھسۇلات مىقدارى ئاشمىغان دەپتۇ.

نامراتلارنىڭ ئويچە ۋاقىتنى كىشىلىك ئالاقىگە ئىسراپ قىلىۋېتىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. كىشىلىك ئالاقە كەسپى بىلىم ئۆگىنىۋالغانغا، ئۆزىنىڭ تاماق قاچىسىنى ساقلىغانغا يەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى مانا مۇشۇنداق بولغاچقا گەرچە ئۇن ـ تۈنسىز تىرىشسىمۇ لېكىن غەلبە قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمەيدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ماھىر ساھەسى ،ئۆزىگە خاس ئىدىيىسى بولىدۇ. شۇڭا باشقىلار بىلەن ئۈزلۈكسىز پىكىر ئالماشتۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى بىلەن ئۆچۈرشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ياكى باشقا بىر خىل ئىدىيەنى چۈشىنىش ۋە پايدىلىق بولسا قوبۇل قىلىش ـ كىتاپ يۈزىدىكى قېلىپلىشىپ قالغان كەسپى بىلىملەرنى بىلگەندىن كۆپ ياخشى.

نۆۋرغۇن ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ كورگەن ـ بىلگىنىگە تايىنىپ، ۋەزىپىنى تاماملىغىلى بولمايدۇ. رىقابەت كەسكىن بولغان بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغىلا تايىنىشقا بولمايدۇ. بىر ئادەم بىر تال بۇرما مىخقا ئوخشايدۇ ،ئۇنىڭ سۈپىتى ھەر قانچە ياخشى بولسىمۇ بىكار. پەقەت ئۇنى

كېرەكلىك ئۆرۈنغا ئىشلەتكەندىلا ، ئاندىن رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ھەر بىر ئادەم گويا ماشىنىنىڭ بىر قىسىمىغا ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى بولسىمۇ ، لىكىن پەقەت بىرلەشكەندىلا ماشىنىغا ئوخشاش ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

بىر ئادەم ھەر قانچە تىرىشسىمۇ توپلىغان ئۇچۇرلىرى ئاز بولىدۇ. بۇ باشقىلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشىگە مۇھتاج. شۇنداق بولغاچقا كىشىلىك ئالاقىنىڭ كۈچى ناھايىتى زور بولىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

بىر تامچە سۇ كىشىنىڭ دىققەتىنى تارتالمايدۇ. چەكسىز تامچىلار يىغىلىپ ئاندىن دېڭىزغا ئايلىنىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۆزىدىن ئىبارەت بۇ زاپچاسنى كوللىتىپتىن ئىبارەت ماشىنىغا ئورناتقانلىق بولۇپ، بازاردا ئىشلىتىشچانلىقى يۇقىرى زاپچاس تېخىمۇ پۇلغا ئەرزىيدۇ.

# نامراتلار رەھىمسىز،باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشقا ئامراق، بايلار مۇلايىم، دوستانە

نامراتلارنىڭ تۇرمۇشىدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر بار. مەسلەن: باشلىقنىڭ ئەيىپلىشى، خىزمەتدىشىنىڭ رىقابىتى، ئېشىنچە پۇلى يوق بولۇش، بوش ۋاقتى بولماسلىق قاتارلىقلار. نۇرغۇنلىغان كوڭۈلسىزلىك بۇ دۇنياغا بولغان رازى بولماسلىقنى پەسەيتىش ۋە توختىتىش ئۇسۇلىغا مۇھتاج.

لى يۇنتىيەن شۇنچە تىرىشىپمۇ نېمىشقا باشلىقنىڭ بايىقىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ؟ بۇ نوقتىنى ئۇ ئىزچىل چۈشەنمىدى. خىزمەت ئورنىنىڭ ئۇستىدى ئۇچۇن ئۇ دائىم ئارتۇق ئىشلىدى. دەل ۋاقتىدا ئىشتىن چۈشىدىغانلارغا قاراپمۇ قويمىدى. ھەمدە ئۇلارنى «شىركەتنىڭ مەنپەئەتنى قەتئى مۇھىم بىلمەيسىلەر. پەقەت ئارام ئېلىشنى بىلىسىلەر. ئەگەر ھەممە ئادەم سىلەردەك بولسا، شىركەت تاقىلىپ قالىمامدۇ»،دەپ ئەيىپلىدى. باشقىلارنىڭ كىچىككىنە ئۇگۇشسىزلىقنى ھىس قىلغاندا ؛كەيپىياتى ناچار، خىزمەت ئۇنۇمى تۆۋەن بولغانلىقنى كۆرگەندە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، «كېرەكسىز ئادەم قانداقلا تىرىشسۇن پايدىسى يوق، خىزمەتنىمۇ قىلالمىسا مەغلۇپ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس»دەپ،ئۇلارغا تەنبىھ بەردى. ۋاقىتنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆتىشىگە ئەگىشىپ لى يۇنتيەن شىركەتتىكى ئەڭ تارىخى ئۇزۇن پىشقەدەم خىزمەتچىگە ئايلاندى. لىكىن ئۇنىڭ خىزمتى يەنىلا ئۆسمىدى. نىمىشقا مۇنداق بولىدۇ؟ ئۇ شىركەتتىن رەنجىدى ،شۇنىڭ بىلەن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلدى. خىزمەتداشلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتى. بىر كۈنى باشلىقى ئۇنىڭغا « ئىلگىرى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيتىڭىز. ھازىر كەسپى نەتىنجىللىرىڭىزمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. شىركەت سىزنى ئىزچىل ئۆستۈرمىدى. سەۋەبى باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ سىزگە بولغان ئىنكاسى ياخشى ئەمەس. بىز تېخىمۇ كۆپ كىشلەرنى رازى قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار ئاندىن خاتىرجەم خىزمەت قىلىدۇ. سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمۈد قىلىمەن» دىدى ۋە ئۇنى ئىش ئورنىدىن قالدۇردى.

ھەر كۈنى بىر نىشان ئۈچۈن جان تىكىپ قىلغان خىزمەت دىققەت قىلمايدىغان كىچىك ھالقىلار سەۋەبلىك ۋەيران بولىدۇ. ھېچكىممۇ بۇنداق بولۇشنى خالىمايدۇ. لېكىن پاكىت سىزنى رازى قىلالمايدۇ. خالىغانچە مەسخىرە قىلىش، يېنىدىكى ئادەمنى قىيناش ئۇلارنىڭ چىرىكلەشكەن كەيپىياتىنى يۇقۇملاندۇرىدۇ. خوشال تۇرمۇش كەچۈرگۈزمەيدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر بىر پارچە ئەينەككە ئوخشايدۇ. باشقىلارنىڭ پوزىتسىيەسىنى ئەينەك قايتۇرۇپ بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاغرىنىش ياكى مەمنۇن بولۇش ھېسسىياتى، ئىدىيەسى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. پسىخولوگلار < بارلىق شەيئىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بار نەرسىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ ،سىز ياقتۇرغان ئادەمدە چوقۇم سىز بار بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان پەزىلەت بولىدۇ؛ سىز بىزار بولغان كىشىلەردىمۇ پەقەتلا سىز ئۆچ كۆرىدىغان ئاللاھىدىلىك بولىدۇ > دەپ قارايدۇ. باشقىلارنى دۈشمەن قىلىۋالماسلىق بارلىق كىشىلەرگە ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىماسلىق ھاياتلىقتا كىشىنىڭ دىلىنى يورۇق قىلىدۇ. دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى ئادەمنىڭ زور مىقداردىكى زېھنىنى خورىتىدۇ، ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ئىقتىدارىنى ئاغرىنىش پاتقاقلىقىدا ئوخلىتىدۇ.

نامراتلار ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ گېپىنىڭ قانچىلىك تەسىرى بارلىقىنى ئويلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلىمايلا دېگەن سۆزى كىشىلەرگە قانچىلىك تەسىر ئەكىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بايلار ھەر بىر ئېغىز سۆزنى ئالتۇندەك قەدىرلەيدۇ. ھەر بىر جۈملىنى ئويلىنىپ قىلىدۇ. ئەمما نامراتلار ھەممە گەپنى دەۋېرىدۇ،ئۇلارنىڭ باشقىلارغا بولغان زىيانكەشلىكى مۇشۇنداق پەيدا بولغان ،ئۆزىنىڭ ئەكس تەسىرىنىمۇ شۇنداق تىكلىگەن. رەھىمسىزلىك پەقەت سۆزدە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، ھەركەتتە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ رەھىمسىزلىكى ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. نامراتلارغا خاس ئەڭ تىپىك نەزىرىيە <خەلق خاراپلاشسا دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. خەلق قۇدرەت تاپسا، دۆلەت زاۋال تاپىدۇ> دېگەن ئىبارەت. بۇ خىل ھاماقەتلەرچە ئىدىيە بۇ خىل باشقىلارغا ئېتىبار بەرمەسلىك ئىدىيەسى ئېچىنىشلىق ئاخىرلىششنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

رەھىمسىز ئادەم باشقىلارنى نەزىرىگە ئالمايدۇ. ئۆزىنى مەركەز قىلىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن ھېس قىلمىغان كىشىلىك ئالاقە كىشىلىك ھايات يولىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشقا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتمىگەن. رەھىمسىزلىك كۆرۈنمەس تامغا ئوخشاش سىزنى يالغۇز ئوتتۇرىغا ئېلىۋالىدۇ. رەھىمسىز ئادەتلەر كىشىنى باشقىلار بىلەن ئورتاق تەرەققى قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

بىر ئايال باشقۇرغۇچى بولۇپ 38 ياش، ئىش بېجىرىشتە پىشقان. لېكىن باشقىلارغا شەپقەتسىز. قول ئاستىدىكىلىرىنى دائىم تىللاپ، مەسخىرە قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىللىرى بەس ـ بەستە خىزمەتتىن ئىستىپا بەرگەن. بىر خىزمەتچى مېڭىشىنىڭ ئالدىدا بىر پارچە پسىخولوگىيە كىتابىنى باشقۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا قويغان،بىراق باشقۇرغۇچى كىتاپنى كۆرۈپ باقمايلا ئۇدۇل ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەن.

بەلكىم ئايال باشقۇرغۇچى مەن ئالىلقاچان باشقۇرغۇچى بولۇپ بولدىم، قول ئاستىمدىكىلەرگە تۈزىت قىلمىساممۇ بولىدۇ، دەپ ئويلىغان. شۇڭا ئۇسۇپ يېتىلىش دەۋرىدىكى ئازاپلىق كەچۈرمىشى ،ئائىلە بېسىمى، تۇرمۇشقا بولغان نارازىلىقى سەۋەبىدىن كىلىپ چىققان ناچار پسىخكا،يامان ئادىتى ئۇدۇللا قول ئاستىدىكىللىرىگە تەسىر كۆرسەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە گەرچە ئۇنىڭ ئورنى بەك چوڭ تەسىرگە ئۇچىراپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ۋاقىت ئۇزارغانسىرى ئېختىساسلىقلارنى تۇتۇپ قالالماسلىقى، كىشىلىك ئالاقىنى تەڭشىمەي كەسپى خىزمەتلەرنى تەرەققى قىلدۇرۇشى ئىنتايىن قىيىن بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر سىز شەپقەتسىز ئادەم بولسىڭىز ،خەۋپتىن ئاۋال ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىۋېتىڭ ،شانلىق نەتىنجىللىرىڭىزگە يۇشۇرۇن خەۋپ بولۇپ قالمىسۇن. نەچچە مىڭ چاقىرىملىق توسما چۈمۈلە ئۇۋۇسى سەۋەبلىك كەلكۈندە ۋەيران بولۇشتىن ئاۋال چۈمۈلە ئۇۋۇسىنى يوقىتىش كېرەك. بىر نەرسە دېيىشتىن ئاۋال ئاڭلىغۇچىنىڭ كوڭلىنى ئويلاپ قويۇشىڭىز كېرەك. ئىش قىلىشتىن ئاۋال باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئويلىشىڭىز كېرەك. شەپقەتسىز كىشىلەرگە نىسبەتەن خارەكتېرىدىكى

رەھىمسىزلىكنى تونۇتۇشنىڭ ئۇسۇل ـ سەۋەبى ئوخشاش ئەمەس، دەرىجىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. ھازىردىن باشلاپ، پەقەت كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، رەھىمسىزلىكتەك يامان ئادىتىمىزنى يوقاتساق، ئۆزىمىزنىڭ غەلبە بىلەن بولغان ئارىلىقى تېخىمۇ يېقىن بولغان بولاتتى.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

ياغاچ تۇڭنىڭ قانچىلىك سۇ سىغدۇرالايدىغىنى ئەڭ كىچىك بولغان ئاشۇ ياغاچ پارچىسىغا باغلىق. رەھىمسىزلىكنى غەلبە قىلىشىڭىزنىڭ كىچىك ياغاچ پارچىسىغا ئايلاندۇرىۋالماڭ. ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئېگىز بىنالارنى سېلىشنى ئويلىسا، مۇستەھكەم ئۇل تاش بولۇشى كېرەك. ئەگەر كىشىلەر پەقەت سان ئارقىلىق ياخشى يامانلىقنى باھا بەرسە، ئۇ ھالدا ناچار ئادەت ۋە زىددىيەتنى ئۆزگەرتىش، ياخشى ۋەزىيەتنى يارىتىش ئاسان. چۈنكى ھەر بىر كەمچىلىكنىڭ ئازلىقىنى بىر قېتىملىق ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارنىڭ ئۆسكىنى. ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ئادەم بولۇشنى سىناپ كۆرۈڭ.

# نامراتلار كىشىلىك ئالاقىنى ياقتۇرمايدۇ ،بايلار ھەر خىل ئىجتىمائى سورۇنلاردا پايپېتەك بولۇپ يۈرىدۇ

دۇنيا ھەقىقەتەن ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ بۇ سوئالغا شەك ـ شۈبھىسىز نۇرغۇن ئادەم «شۇنداق» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن تولۇق. بەزىلەر بېلىق قانىتىنى يىسە ،بەزىلەر قارلىغاچ چاڭگىسىنى يەيدۇ. بەزىلەر تۇزلۇق سەي يەيدۇ. بەزىلەرنىڭ 10يۈرۈش داچىسى بار. بەزىلەرنىڭ پەقەت بىر ئېغىز كېسەك ئۆيى بار. بۇنى قانداقسىگە ئادىل دېگىلى بولسۇن؟ ئەمما بۇ پەقەت ئادەملەرنىڭ ۋاقتنى ئىشلىتىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئوخشاش بولمىغان نەتىنجە خالاس. بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ نەزىرىدە ۋاقىت ئوخشمايدۇ. نامراتلار كىشىلىك ئالاقە چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدۇ. ئەمما بايلار ۋاقىت چىقىرىپ، ئالاقە باغلايدۇ. ھەر خىل ئىجتىمائى سورۇنلاردا ئاكتىپ قاترايدۇ.

بىر ياش يىگىت كىتابخانا ئېچىپتۇ. ئۇ كىتابخانىدا ئادەم ئاز بولغاچقا، كىرىمىمۇ كۆپ ئەمەسكەن. لىكىن بۇ ياش ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشى ۋە تەپەككۇر قىلىشىغا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن كىتابخانىغا قارايدىغان خىزمەتچى ياللاپتۇ. بىر كۈنى بىر خېرىدا كىتابخانىغا كىرىپ كىتاپلارنى بىرھازا كۆرگەندىن كىيىن، بىر پارچە كىتابنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ.

ـ بۇ كىتاپ قانچە پۇل؟

ـ بىر دوللار.

ـ بەك قىممەت ئىكەن، ئەرزانراق بېرىڭ

ـ بولمايدۇ، بېكىتىلگەن باھاسى بىر دوللار،شۇڭا پەقەت بىر دوللارغىلا ساتىمەن

ـخوجايىنىڭىزنى چاقىرتىپ كىلىڭ،كىتاپنىڭ باھاسنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن دىيىشىمەن.

خېرىدارنىڭ تەلپىگە ئاساسەن خىزمەتچى بالا خوجايىننى چاقىرىپ كەپتۇ.خىزمەتچى بىلەن كەلگەن كىشىنى كۆرگەن خېرىدار ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ـ سىز خوجايىنمۇ؟

ـ شۇنداق.

ـ بۇ كىتابنىڭ قانچە پۇل؟

ـ بىر دوللار يىگىرمە بەش سېنت.

ـ نېمە ،ھازىرلا تېخى خىزمەتچىڭىز بىر دوللار دېگەنتىغۇ؟

ـ شۇنداق. بىراق سىز مېنىڭ ۋاقتىمنى ئېلىپ كەتتىڭىز،شۇڭا ئەڭ ئەزان بولسىمۇ بىر دوللار يىگىرمە بەش سېنتتىقا ساتىمەن.

ـ ئۇنداقتا ھازىرچۇ؟ ،خوجايىننى چاقچاق قىلىۋاتقان چېغى دەپ ئويلىغان خېرىدار ۋاقىتنى قەستەن كەينىگە سۈرۈپ يەنە سوراپتۇ.

ـ بىر دوللار ئەللىك سېنت، بۇ ھازىر سىز سېتىۋالالايدىغان باھا.

خوجايىننىڭ قەتئىي ھەم تەمكىن پوزىتسىيەسىنى كۆرگەن خېرىدار ئۆزىنى نەس باستى دەپ قاراپ، ئامالسىز بىر دوللار ئەللىك سېنت پۇل تاپشۇرۇپ كىتاپنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ـ توختاڭ، مەن سىزگە بىر ئەسكەرتىش بېرەي، ـ دەپتۇ خوجايىن ئۇنى چاقىرتىپ.

شۇنىڭ بىلەن خېرىدارنىڭ كىتابى ئۈستىدە « ۋاقىت ھايات، ۋاقىت پۇل» دېگەن بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆز كۆپىيىپ قاپتۇ. ئۇ خوجايىن دەل فرانكلىن ئىدى.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بىر كۈن ئوتسە بىر كۈن ھېساب. ئۇلار ۋاقىتنى <بىر كىتابنى بىر دوللارغا سېتىۋالغان ياخشىمۇ ياكى 0.99 دوللارغا سېتىۋالغان ياخشىمۇ >دېگەنى تالىشىشقا ئىشلىتىدۇ. ئۇلار كىتابنىڭ باھاسىنىڭ قانچە تالاشسا شۇنچە چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن فرانكلىن باھا تالاشقاندىكى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كىتابنىڭ باھاسىنى تېخىمۇ قىممەت قىلىۋېتىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا فرانكلىن ئامېرىكىدىكى مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ رەھبىرلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان.

ۋاقىتنى مۇھىم ئىشلارغا ئىشلىتىش كېرەك. شۇندىلا ئادەم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ياخشى

جارى قىلدۇرالايدۇ. ۋاقىتنى، زېھنىنى تۆتامى يوق كىچىك ئىشلارغا سەرىپ قىلىش گەرچە سىز غەلبە قىلغان تەغدىردىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. نام چىقىرىپ توھپە يارىتىدىغان پۇرسەتمۇ بولمىسا قانداق قىلىپ، باي بولغىلى بولىدۇ؟

ئەمىلىيەتتە كىشىلەر ۋاقىتنى بايلىققا ئايلاندۇرۇشى ،ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، بايلىق يارىتىشنى بىلىشى كېرەك. بۇ دۇنيانىڭ يەنە بىر ئادىللىقى ھەر بىر كىشىنىڭ ھەر كۈندىكى ۋاقتى ئوخشاش. ئوخشىمايدىغىنى بايلارنىڭ نەزىرىدە ۋاقىتنى ئالتۇنغا تېگىشىش ئىنتايىن مۇشكۈل. ئۇلار ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ. ۋاقىتقا نىسبەتەن تېجىيەلىسىلا تېجەش كېرەك دەپ قارايدۇ.ئەمما نامراتلارنىڭ نەزىرىدە ۋاقىت مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار ئازىراق پۇلنى تېجەش ئۈچۈن ۋاقىتقا سەل قارايدۇ. نەتىجىدە بايلارنىڭ ۋاقتى غايەت زور بايلىققا ئالماشتۇرىلىدۇ. نامراتلارنىڭ تېجەش ئارقىلىق ئېرىشكەن كىچىككىنە بايلىقلا بولىدۇ. گەرچە نامراتلار بايلاردىن ئاز پۇل خەجلىسىمۇ، لېكىن بايلار نامراتلارغا قارىغاندا كۆپ پۇلغا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ۋاقىتنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتسىڭىز بايلارغا ،بايلىققا تېخىمۇ يېقىن بولىسىز.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ كۆپ كېرەكلىك ئاۋازلارنى ئاڭلىتىشىڭىز، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت بىلەن ئۇچراشتۇرىشىڭىز ،ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلغۇزالىشىڭىز كېرەك. ئىشتىن چۈشكەن چاغدىكى مېھماندارچىلىق ،ساۋاغداش ـ دوستلار ئارىسىدىكى بەزىبىر يىغىلىشلار مەنىسىز ئىش ئەمەس. بەلكى باشقىلارنىڭ سىزنى ئىسىدە تۇتىدىغان، تونۇيدىغان، چۈشىنىدىغان ،مۇھىم ۋەزىپىگە قويىدىغان ئەڭ ئېسىل پۇرسەت.

# نامراتلار كىشلىك ئالاقىدە بىپەرۋا، بايلار ئالاقە ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ

ھەر قانداق ئىش قىلىشتا مۇئەييەن بىر ئۇسۇل بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇل ئىلمىي خۇلاسىلىنىپ ،پىششىقلانسا بىلىم بولىدۇ. يەككە شەخسنىڭ خۇلاسىسى بولسا تەجرىبە بولىدۇ. بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپلا ھەر خىل ئۇسۇللارنى ئۆگىنىمىز. بۇ ئۇسۇللار كىشلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق خۇلاسىسىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ،ئۇ بىزنى تېز سۈرئەتتە زامانىۋى تەرەققىياتقا ئەگەشتۈرۈپ ماڭىدۇ.

كىشلىك ئالاقە جەريانىدىمۇ تۈرلۈك ئۇسۇللار مەۋجۇت.ئەگەر بۇ ئۇسۇللارنى ياخشى ئىگىلىمىسىڭىز ، ھەرقانچە تۈز،ئاقكۆڭۈل بولسىڭىزمۇ باشقىلار تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىپ قېلىنىشىڭىز مۇمكىن.

بىر چارلاش ساقچىسى ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدە چوشقا ئۆچۈيىنىڭ رىشاتكىغا ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈنلۈك ۋاقىراپتۇ «بۇ كىمنىڭ ئۆچۈيى؟زادى كىمنىڭ ئۆچۈيى؟» بىر قىزچاق خىجىل بولغان ھالدا پەس ئاۋازدا جاۋاپ بىرىپتۇ:«ۋاقىرماڭ، ئۇ مېنىڭ نەرسەم» .بۇنى ئاڭلىغان ساقچى ئاۋازىنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ قىزچاقنى ئەيىپلەپلا كېتىپتۇ: «سىز نىمىشقا ئۆچۈيىڭىزنى بۇ يەرگە ئېسىپ قويىسىز؟ شەھەر گۈزەللىكىگە تەسىر يەتكۈزگەنلىكىڭىز ئۈچۈن جازالىنىشىڭىز كېرەك...» .ساقچىنىڭ قىزچاقنى ئەيىپلەپ كېتىشى كىشلەرنىڭ كۆلگىسىنى كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. قىزچاق ئاخىرى چىداپ تۇرالماي دەپتۇ: «بۇ قانداق دىگەن گەپ ئەمدى ، سىزنىڭ قورسىقىڭىزدا چوشقا ئۆچۈيى ئۆسۈپ قالمىغاندۇ؟ بۇ مەدىنىيەتسىز گەپلىرىڭىز ئۈچۈن مېنى ئەمەس ،سىزنى جازالىسا بولىدۇ » .

ساقچىنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، شەھەر قىياپىتىنى قوغدىغىنى ياخشى ئىش. لىكىن كونكىرىت خىزمەتلەردە ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ

باشقىلارنى ئوسال قىلىپلا قالماي ئۆزىمۇ ئوسال بولىدۇ. مۇنداق كىشىلىك ئالاقىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. ئوخشاش بىر ئىشنى قىلغاندا ئەدەپلىك ،مۇلايىم بولۇپ،ياخشى گەپ ـ سۆزلەرنى ئىشلىتىش سىزنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئوبرازىڭىزنى ياخشىلايدۇ.

تىل سىستېمىسىدا سۆز مەنىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى سۆز ئۇرامى ،ئاھاڭى بىلەن ناھايىتى چوڭ باغلىنىشچانلىققا ئىگە. «سىز بۈگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز» دېگەن جۈملىنى ئوخشاش بولمىغان ئاھاڭ بىلەن ئوخشاش بولمىغان تىل شارائىتىدا دېگەندە، ماختاش، مەسخىرە قىلىش، ئاغرىنىش قاتارلىق كۆپ خىل مەنانى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا پاراڭلاشقاندا سەممىي تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەش، باشقىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ. كۆپ ھاللاردا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر سەۋەبىدىن ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولىدۇ. گەرچە ئاخىرى توغرا چۈشەندۈرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇقۇشماسلىقنىڭ ئېلىپ كەلگەن يامان تەسىرى قارشى تەرەپنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ،سىز بىلەن بولغان كىشىلىك ئالاقىگە تەسىر يېتىدۇ.

پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقات ئىستاتىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئالاقىدە كونكرېت سۆز ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن مەنا 7% بولۇپ، ئاھاڭ 38%، بەدەن تىلى 55% بولىدىكەن .شۇڭا يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ پاراڭلاشقاندىمۇ ھەركەت ئىپادىسى ئىنتايىن مۇھىم .مەسلەن: ئىزچىل قارشى تەرەپكە دىققەت قىلىش، قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ كوڭۈل بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش، قارشى تەرەپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئازغىنە توختاپ ئاندىن پىكرىنى بايان قىلىش، قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە قارىتا ئەستايىدىل تەھلىل ئېلىپ بارغانلىقنى بىلدۈرۈش، قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش، قارشى تەرەپنىڭ ھەر بىر ئويىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك.

ھەر قانداق كىچىك ئىشنى چوڭايتىۋەتكىلى بولىدۇ. تۇرمۇشتىكى كىچىك ھالقىلار باشقىلارنىڭ سىزگە بولغان قارشىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. مەسىلەن: باشقىلار بىلەن قول ئېلىشقاندا، بىر نەچچە سىكۇنت ئۇزاق تۇتسىڭىز باشقىلارغا سەممىي تەسىر بېرىدۇ. گەپ قىلغاندا «بىز» نى ئىشلەتسىڭىز باشقىلار بىلەن ئارىلىقنى يېقىنلاتقىلى بولىدۇ.

ياڭرۇي قىزغىن، تۈز بولغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرىنىڭ ياقتۇرشىغا ئېرىشكەن. توت يىللىق ئادەم بايلىقنى باشقۇرۇش كەسپىنى ئوگىنىش ئۇنى ئادەم باشقۇرۇشقا نىسبەتەن چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كىيىن، ئۇ بىر يىمەكلىك خۇرۇچلىرى تەتقىقات كارخانىسىغا كىرگەن. شىركەت بىر جەمەت كارخانىسى بولۇپ، ئادەم باشقۇرۇش قالايمىقان ھەمدە مۇھىم ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە شۇ جەمەتتىكىلەردىن باشقۇرغۇچى تەيىنلەنگەن ئىدى. ياڭ رۇي بۇ كارخانىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئورۇن ئىكەن دەپ ھىس قىلغان.

كارخانا خوجايىنى پەقەت تەتقىق قىلىشنىلا بىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئادەم بايلىقنى باشقۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيىن بىر ساھە ئىدى. ئۇ پەقەت يېڭى مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ چىقسا كارخانىغا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ دەپ قارايتى. ياڭ رۇي ئىشقا چۈشۈپ بەشنچى كۈنى باشلىقنىڭ ئىشخانىسىگە كىرىپ «مەن شىركەتكە كەلگىلى بەش كۈن بولدى،شىركەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئويلىغانلىرىمنى دىسەم بولامدۇ؟» دەپتۇ.

«ئەلۋەتتە بولىدۇ. مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گىپىم بار ئىدى» ،دەپتۇ دىرىكتور قىزغىنلىق بىلەن.

«دېرىكتۇر بولغان كىشى بىر كارخانىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئويلايدىكەن چوقۇم باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مېنىڭ شىركەتكە بولغان چۈشەنچەمگە ئاساسلانغاندا، شىركەتتىكى ئاساسلىق مەسلە ـ ۋەزىپە چېگىرسى ئېنىق ئەمەس، خىزمەتچىلەرنىڭ مۇستەققىلىق ھوقۇقى بەك ئاز،بۇ ھال خىزمەتچىلەرنى شىركەتنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىسى كەمچىلدەك تۇيغۇغا ئىگە قىلىپ قويىدۇ. خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى خالىغانچە يۇقۇرى ـ تۆۋەن قىلىنسا بولمايدۇ.بولمىسا شۇ سەۋەبلىكلا ئىش ھەققىنىڭ ئادىللىقى ۋە قوزغۇتۇشچانلىقىنىڭ رۇلى بولمايدۇ ». ياڭ رۇي ئۆزىنىڭ پىكىرىنى ئىشتىن ئاۋال تۈزگەن تىزىسى بويىچە تەرتىپلىك ھالدا دېرىكتۇرغا بايان قىلىپتۇ.

ـ لېكىن شىركەت يەنىلا پايدا تېپىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىمىزنىڭ يەنىلا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ـ ھەر قانداق بىر كارخانا كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئويلايدىكەن، ئىلمىي بولغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى قوللىنىشى زۆرۈردۇر. ئاز بولمىغان جەمەت كارخانىلىرى مۇشۇ سەۋەبلىك ئەڭ ئاخىرىدا ۋەيران بولغان.

ـ ئۇنداقتا سىزنىڭ قانداق پىلانىڭىز بار؟

ـ ھازىر تېخى يوق. لېكىن مەن پەقەت سىزنىڭ قوللىشىڭىز بولسىلا، تېزدىن لاھىيە تۈزۈپ چىقالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. قىزغىن ھەم كىشىلىك ئالاقىگە ماھىر ياڭ رۇي ئاخىر دىرېكتورنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشتى.

ئالاقىلىشىشنىڭ مەقسىتى باشقىلارغا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرۈش. شۇڭا ئالاقىدىن بۇرۇن، ئالاقىلىشىشنىڭ مەقسىدىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. ياڭ رۇينىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىقىنى ئىسپاتلاش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىپ شىركەتكە تەكلىپ بېرىش. دىرېكتورنىڭ مەقسىتى ياڭ رۇيگە شىركەتنىڭ ھازىرقى تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش. ئەگەر ياڭ رۇي ئالاقىلىشىشتىن ئاۋۋال لاھىيە تۈزگەن بولسا، دىرېكتورنىڭ تېخىمۇ ئەتىۋارلىشىشغا ئېرىشكەن بولاتتى.

بايلار ئالاقىلىشىشتىن ئاۋۋال ياخشى ئويلىنىدۇ. ئۇلار « ئۇچۇرنى قانداق قىلغاندا قارشى تەرەپكە ئۇنۇملۇك يەتكۈزگىلى بولىدۇ، بۇ بىر قېتىملىق ئالاقە قايسى كىشىلەرگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ، قايسى مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ،ئالاقە جەريانىدا قانداق مەسىلە پەيدا بولىدۇ؟ ئۇچۇر مىقدارى بەك كۆپ بولغانلىقتىن قارشى تەرەپ ئاڭلاپ قوبۇل قىلىپ بولالمايدىغان ياكى كەيپىياتى تەۋرىنىپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بېرەمدۇ يوق؟ » دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئويلاشقاندىن كېيىن ئۇلار ئامال بار ئالاقىدىكى توسقۇنلۇقتىن ساقلىنىپ، ئالاقىنى بىر قېتىملىق ئىجابى ئالماشۇرۇشقا ئايلاندۇرىدۇ.

ئالاقە ئالدىدىكى تەييارلىقنىڭ يېتەرلىك بولۇشى كىشىلىك ئالاقىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن

مۇھىم. قارشى تەرەپنى يېتەرلىك چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغىلى، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدىكى سۆھبەتتە قارشى تەرەپكە تېخىمۇ ئاسان تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ئەجابى سوھبەت ياخشى لاھىيەگە مۇھتاج. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن مەسىلىرىگە قارىتا توغرا، ئۇنۇملۇك پىكىر ئالماشتۇرۇشقىلى بولىدۇ. كىچىكىنە تالاش-تارتىش سەۋەبلىك ئاساسى مەسىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

كىشىلىك ئالاقىدە مەقسەتكە تېخىمۇ ئاسان يېتىش ئۈچۈن ياخشى لاھىيە تۈزۈش لازىم. مۇنداق ئۇسۇل زۆرۈر بولمىغان ئاۋارىچىلىقلارنى ئازايتىپ، ھەمكارلىقنى تېخىمۇ قۇيۇقلاشتۇرىدۇ. كىشىلىك ئالاقىنى تەرەققى قىلدۇرۇش مەقسىدىگە تېخىمۇ ياخشى يېتىش ئۈچۈن ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بايلار كىشىلىك ئالاقىدە تۈرلۈك ئۇسۇللارنى ئىشلىتىشكە ماھىر ئادەملەردۇر.



پۇرسەتتىكى پەرق:

**نامرات ئادەم قوي مىجەزلىك پۇرسەت كۈتىدۇ, بايلار بۆرە خاراكتېرلىك پۇرسەت يارىتىدۇ**

بايلارنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك پۇرسەتلەر بار. چۈنكى ئۇلاردا پۇرسەتنى بايقىيالايدىغان كۆز بار ھەمدە بايقىغاندىن كېيىن ئۇنى تۇتالايدىغان جۈرئەت بار. شۇڭا ئادەم پۇرسەتنى تۇتۇشنى ئويلايدىكەن چوقۇم بايقىيالايدىغان كۆزى بولۇشى كېرەك. نامراتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار پۇرسەتنىڭ يوقلىقىدىن ئاغرىنغاندىن كۆرە، پۇرسەتنى بايقىيالايدىغان كۆزنى يېتىلدۈرۈپ چىققان ياخشى.

ھەر بىر قېتىملىق پۇرسەت بەلكىم غايەت زۆر بايلىق يارىتىشى مۇمكىن.شۇڭا نامراتلار ئەگەر باي بولۇشنى ئويلىسا، چوقۇم ھەر بىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكى ،پۇرسەتنى بايقاش ۋە چىڭ تۇتۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك. نامراتلار تەلەيگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتمەسلىكى ،ھەر قانداق غەلبىنىڭ جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك.

پۇرسەت بىلەن بايلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن تالىشىشقا مۇھتاج. پەقەت ئاكتىپ ھەركەتلەنگەندىلا ئاندىن، ئۆزىنى چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۇرسەت ۋە بايلىق توپلايدىغان كۆچكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بايلار تەسەببۇسكارلىق بىلەن پۇرستنى چىڭ تۇتىدۇ. لېكىن نامراتلار پاسسىپلىق بىلەن ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

# نامراتلاردا پۇرسەتنى بايقىيالايدىغان كۆز كەمچىل

كىشىلىك ھايات دېڭىز سۈيىگە ئوخشايدۇ،ئۇ بەزىدە تۆۋەنلەپ بەزىدە ئۆرلەپ تۇرىدۇ. ئادەملەرمۇ ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشسە بىر قەدەر ئۆرلەيدۇ. بەزى ئادەملەر ئەزەلدىن پۇرسەتكە يولۇقۇپ باقمىغاندەك بىر ئۆمۈر پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە پۇرسەت ھەممىلا يەردە بار. ئاشۇ پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇردىغان ئادەملەرگە پۇرسەت كەم ئەمەس بەلكى پۇرسەتنى كۆرىدىغان كۆز كەمچىل.

نامراتلار بايلارنىڭ باي بولۇشىدىكى سەۋەبنى « ئۇلار تەلەيلىك بولغاچقا ياخشى پۇرسەت ئۇچرىغان،ئەمما بىزگە ئۇنداق پۇرسەت ئۇچرىمىدى » دەپ قارايدۇ. لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. بايلارنىڭ پۇرسەتكە كۆپ يولۇقىشى ئۇلارنىڭ پۇرسەتنى بايقاشقا ،كۈزىتىشكە ،ئايرىپ چىقىشقا ماھىر بولغانلىقىدىن. نامراتلار پۇرسەتنى بايقاشقا ماھىر ئەمەس،شۇڭا ئۇلار ئۇچۇن پۇرسەتنى كۆرەلەيدىغان كۆز ئىنتايىن مۇھىم.

نۇرغۇن بايلارنىڭ باي بولۇشىدىكى سەۋەب ـ كۆپىنچە بايلىقنى ئۇلار بايقاپ تۇتالىغان پۇرسەت ياراتقان. توخۇم توخۇغا ئايلانغانغا ئوخشاش پۇرسەت باي ئادەمنى پەيدا قىلىدۇ. توخۇم بولمىسا توخۇ بولمايدۇ، توخۇ بولغاندىلا تېخىمۇ كۆپ توخۇم تۇغالايدۇ. بارلىق غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىكى ئەمەلىي كۈچ ئاساسىدا پۇرسەتنى توغرا كۆرەلەيدۇ ھەم تۇتالايدۇ. ئۇنىڭ ياردىمىدە نىشانغا قاراپ ماڭىدۇ.

بىر نامرات رەسسام ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ تەبىئەت مەنزىرىسى رەسمى سىزىپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ رەسىم جازىسىنىڭ يېنىدا كىر يۇيۇۋاتقان ئىكەن. رەسسام بىر ئاز سىزىپ، قولى تالغاندەك ھېس قىلىپ، ئادەتتىكىدەك قولىدىكى قەلەمنى تاشلاپتۇ. نەتىجىدە بۇ تاشلىشى قەلەمدىكى كۆك رەڭنى ئايالى يۇيۇپ بولغان ئاق رەڭلىك كىيىمگە چاچرىتىۋېتىپتۇ.

ئايالى بىر تەرەپتىن نارازى بولۇپ بىر تەرەپتىن ئاق رەڭلىك كىيىمنى يۇيۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن

هەر قانچە قىلىپمۇ كىيىمدىكى رەڭنى چىقىرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامالسىز بۇ پاكىز يۇيۇلمىغان كىيىملەرنىمۇ يېيىپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە رەسسامنىڭ ئايالى قۇرىغان كىيىملەرنى يىغقىلى چىقىپ، بۇ كىيىمدىكى كۆك رەڭ چىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، قۇياش نۇرىدا قۇرغاندىن كېيىن ئاۋالقىدەك پاكىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

رەسسام بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككىنچى كۈنى ئايالى كىر يۇيىۋاتقاندا قەستەن يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىپتۇ. ئىككىنچى كۈنىمۇ ئوخشاشلا بوياق بار كىيىم قۇرغاندىن كېيىن كىيىم ئۈستىدىكى كۆك رەڭنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيلا قالماي، كىيىم تېخىمۇ ئاق پاكىز كۆرۈنۈپتۇ.رەسسام ئۈچۈنچى كۈنى يەنە سىناپتۇ. نەتىنجە يەنە ئوخشاش چىقىپتۇ.

كۆزنتىشكە ماھىر رەسسام كەسپى ئادەتكە تايىنىپ، بۇ بەلكىم خاتا تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما تەكرار ئويلىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق < ئاق رەڭگە كۆپ مىقداردىكى كۆك رەڭ سىڭىپ كەتسە ئادەمنىڭ كۆزىدە بىر خىل خاتا سىزىم پەيدا بولۇپ ،ئەسلىدىكى رەڭ تېخىمۇ ئاپئاق كۆرۈنىدىكەن > دىگەن خۇلاسىگە كەپتۇ. بۇ قىزىقارلىق بايقاشنىڭ سىرىنى بىلگەن رەسسام تەڭشەش ئارقىلىق بىر خىل سۇيۇقلۇقنى ياساپ چىقىپتۇ ھەم ئۇنىڭغا «كىيىمنى ئاقارتالايدىغان دورا سۇيۇقلىقى» دەپ نام قويۇپ، بازارلارغا ئەپچىقىپ سېتىپتۇ. ئۇنىڭ تەشۋىقاتى يېتەرلىك بولغاچقا، «دورا سۇيۇلىقى» ئىنتايىن بازار تېپىپتۇ. كىشلەر ئۇنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، بەس ـ بەستە رەسسامنىڭ بۇ كەشپىياتىنى ماختاپ كىتىپتۇ. بىرى ئۇنىغا، ئونى يۈزگە تارقىتىپ، بۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشى تېخىمۇ تىز بوپتۇ. نامرات رەسسام باي بولۇپ كىتىپتۇ.

بايلارنىڭ باي بولۇش تەجرىبىسى كۆپىنچە كىچىك ئىشلاردىن ئىلھاملىنىپ بارلىققا كەلگەن. ئەملىيەتتە پۇرسەت ھەممە يەردە ،ھەممە ئادەمدە بار. مۇھىمى سىزدە پۇرسەتنى بايقىيالايدىغان بىر جۈپ كۆز بارمۇ ـ يوق؟

«پۇرسەت تەييارلىقى بارلارغا بەكرەك ئامراق» دىگەن بۇ جۈملە پۇرسەت بىلەن ئادەمنىڭ

مۇناسىۋىتىنى روشەن هالدا چۈشەندۈرىدۇ. ئالما يەرگە چۈشكەندە ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئويلانمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنداق ئىش ھەر كۈنى يۈز بېرىدۇ. نىمە قىزىقى بولسۇن دەپ قارايدۇ. لېكىن نيۇتۇن بۇ پۈرسەتنى چىڭ تۇتقان، شۇڭا ئالەمنىڭ تارتىش كۈچىنى بايقىغان. ئەگەر ئەينى چاغدا رەسسام كىيىمنىڭ پاكىز بۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى بۇ پۈرسەتنى تۇتمىغان بولسا بۇ خىل ئاجايىپ دورىنى تەتقىق قىلىپ ساتالمىغان، باي بولالمىغان بولاتتى.

نامراتلار بېيىشنى ئويلايدىكەن چۇقۇم سىناپ بېقىش كېرەك. ئەگەر ئىدىيە تەييارلىقى بولمىسا، ھەر قانچە ياخشى پۈرسەت بولسىمۇ، قولدىن كېتىدۇ. پۈرسەتنى قولدىن بېرىپلا قويسا، قايتا تېپىش تەس. نۇرغۇن نامراتلار ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقىنىڭ سەۋەبىنى ـ پۈرسەت ۋە ياردەم قىلىدىغان ئادەمنىڭ يوقلىقىدىن، بايلارنىڭ ياخشى پۈرسەتنى ئوغۇرلاپ كەتكەنلىكىدىن كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ پۈرسەت بىلەن ئۇچرىشالماسلىقى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ھەقىقى بايلار پۈرسەت بولمىغانلىقتىن غەلبىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇلار تىرىشىپ خىزمەت قىلىدۇ، كىملەردىندۇ ئاغرىنمايدۇ، باشقىلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزىگە تايىنىدۇ.

ياخشى شارائىت پۈرسەتكە ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ. بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز ياكى قىلالماسلىقىمىزغا تاساددىپى تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن بەزىدە ئۇ يەنە بەلگىلەش خاراكتېرلىك رول ئوينايدۇ. نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ غەلبە قىلالماسلىقىنى غەلبە قىلالىغانلارنىڭكىگە ئوخشاش ياخشى شارائىت كەم بولغانلىقتىن دەپ قارايدۇ. شارائىت بىر ئادەم تىزگىنلەيدىغان نەرسە بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ بىزنىڭ تىرىشساقمۇ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

پۈرسەت ئىلاھى دائىم بىزگە قولنى سۇزىدۇ. لېكىن بىز دائىم كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرەلمەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ ئويلىغىنىمىزغىلا كۆڭۈل بولىمىز. يېنىمىزدىكى ياخشى نىيەت بىلەن سۇزۇلغان قولنى مەھكەم تۇتمايمىز. پۈرسەت ھەممە ئادەمگە باراۋەر. بۇ يەردە پۈرسەتنى كىمنىڭ

بايقىغانلىقى ،كىمنىڭ ئۇنى تۇتۇۋالالىغانلىقىغا قاراش كېرەك. بۇنىڭدا بەلگىلىك ئەقىل بولۇش ئىنتايىن زۆرۈر. نۇرغۇن نامرات ئادەملەر بىر ئۆمۈر نامرات ئۆتۈپ كىتىدۇ. ھەمدە ھەمىشە تەگىرىدىن ئاغرىنىدۇ. لىكىن ئۇلار ئازىراق بولسىمۇ بەدەل تۆلەشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

### ★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

پۇرسەت كىشلەر ئارىسىدا مېڭىپ يۈرىدۇ. لىكىن نۇرغۇن كىشلەر ئۇنى بايقىمايدۇ ھەمدە چىڭ تۇتمايدۇ. بىر نامرات ئادەمگە نىسپەتەن ئېيتقاندا ، پۇرسەتنىڭ يوقلىقىدىن ئاغرىنغاندىن كۆرە پۇرسەتنى بايقىيالايدىغان بىر جۈپ كۆزنى تاۋلاپ چىققان ئەۋزەل.

## بايلار كىرزىس ئىچىدىمۇ پۇرسەت تاپالايدۇ

كىشلەر بىر مەيدان جەڭ ياكى كىرزىسقا يولۇقاندا، دائىم بىر خىل ئۈمىدسىز روھى ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيە بىر خىل زەھەرلىك پىچاققا ئوخشاش ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قادىلىپ، ئۇلارنى يار-يۆلەكسىزلىك ۋە ئازاپ دېڭىزىغا غەرىق قىلىدۇ. پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ياكى ئەزەلدىن پۇرسەتنى تاپالمايدىغان ئادەم ئىلگىرى بۇ خىل ئازاپنى ھىس قىلىپ باققان. پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتسە ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ، قايغۇرىدۇ. ئەزەلدىن پۇرسەتكە ئېرىشىپ باقمىغان ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك ۋاقتنى ئىزدەش بىلەن ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ.

ئەمىلىيەتتە رىقابەت ،كىرزىس ئىچىدىمۇ پۇرسەت تولا. بايلار ئوڭۇشسىزلىققا ۋە كىرزىسقا ئۇچۇرسىمۇ ھەرگىز چۈشكۈنلەشمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ خىل كىرزىستا كۆرەش ئىدىيەسىنى تاۋلايدۇ. كىرزىس پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ، كىرزىسنى پۇرسەت ئىزدەيدىغان مەيدانغا ئايلاندۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئامالسىز بولسا ئۆزىنىڭ ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىدۇ. چۈنكى ئۇلار پۇرسەتنى ۋاقچىراق تېپىشتىن قورقمايدۇ. پۇرسەت ھەر ۋاقت ھەر يەردە بار. ئەمما باشقىلار بايقاپ ئېلىپ كەتسىلا ھېچنىمە قالمايدۇ. ئۇ مۇقىم بىر يەردىكى گوھەر ئەمەس.

كىرزىس ـ ئۆزگىرىش، ئۇسۇپ يېتىلىش، ئۆگۈنۈش، ئويلىشىشتىكى بىر خىل پۇرسەت .بەلكىم ئۇ ئىشنى ياخشى تەرەپكە بۇرۇشى مۇمكىن. كىرزىس ئىچىدە بىز ئاندىن ھەقىقى ئۆزىمىزنى تاپىمىز. ئىلگىرى ئويلاپمۇ باقمىغان يېڭى يولنى تاپىمىز. كىرزىس بىزگە چىداملىق بولۇشنى، يېڭى پۇرسەت ۋە ئۈمۈدنى بايقاشنى ئۆگىتىدۇ.

1984-يىلى ئامېرىكا ئىچىملىك شىركىتى ئىچىدىكى ئىككى چوڭ ماگنات كوكاكولا شىركىتى بىلەن بەيشى كولا شىركىتى ئارىسىدىكى يۈت تېپىشىش بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. بەيشى كولا شىركىتى بىلەن بولغان رىقابەتتىكى پايدىسىز ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كوكاكولا شىركىتى مۇھىم ۋەزىپىنى سەيجنوغا تاپشۇردى. بەيشى كولا شىركىتى بىلەن ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ ئىچىملىك

بازىسىنى تالىشىش ئۈچۈن ئۇ يۇرەكلىك ھالدا شىركىتىدىكى ئىچىملىكلەرگە قارىتا يېڭىلاش ئېلىپ باردى يەنى .

ئۇ ئەسلىدىكى رىستىپ ئاساسىدا تەمى سەل تاتلىقراق بولغان يېڭى كوكاكولانى بازارغا سالدى ھەمدە كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى كوكاكولا ئامېرىكا ئىچىملىك بازىسىنى ئېگىلەپ، رەقىبى بەيشى كولا شىركىتىنى ئامالسىز قالدۇردى.

نامراتلار كىرزىسقا ئۇچرىسا تەمتىرەپ قالىدۇ. كىرزىس ئەكەلگەن قىينچىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىققا ئۇچرىسلا ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. ئۇلار كىرزىسنى ئاپەت ھېس قىلىدۇ. كىرزىس ئۇلارنى خاتىرجەم تۇرمۇش ئىچىدىن قورقۇنۇشلۇق كۈننىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويىدۇ. ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ئۆلۈمنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. باشقىچە نوقتىدىن ئويلاپ باقمايدۇ .كىرزىسنىڭ ياخشى تەرىپىنى كورەلمەيدۇ. ئۇلار بايلارغا ئوخشاش كىرزىس ئىچىدىن پۇرسەت تاپالمايدۇ. پۇرسەت ۋە كىرزىس تەڭلا مەۋجۇت. پۇرسەتنى تۇتۇش ياكى تۇتۇلماسلىقىمىزدا ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىمىزغا قاراش كېرەك.

دېھقان ئېشىكىگە بىرئاز يۇك ئارتىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. يولدا كىتىپ بارغاندا، تۇيۇقسىز ئېشىكى يول بويىدىكى تاشقا پۇتلىشىپ، شال ئېتىزىنىڭ يېنىدىكى چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كىتىپتۇ. ئۆرەك بەك چوڭقۇر بولۇپ، دېھقاننىڭ قولىدا ئىشەكنى تارتىپ چىقارغۇدەك قورال ـ سايمان ،ئەتراپىدا ياردەم قىلغۇدەك ئادەم يوق ئىكەن. دېھقان ھەر قانچە قىلىپمۇ ئېشەكنى چىقىرالماپتۇ. لىكىن دېھقان كۆپ يىل جاپا تارتىپ باققان ئېشىكىنىڭ مۇشۇ ئازگالدا ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كىتىشىگە ھەقىقەتەنمۇ چىدىيالماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دېھقان ئېشىكىنى مۇشۇ ئازگالغا كۆمىۋېتىشنى ئويلاپتۇ ۋە كۈرجەك بىلەن ئازگالغا توختىماي توپا تاشلاپتۇ. دېھقان تۇيۇقسىز ھەر قېتىم ئۆزى ئازگالغا توپا تاشلىسا، ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى توپىنى قېقىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنداق قىلىپ دېھقان تاشلىغان توپا ئاستىغا چۈشۈپتۇ ھەمدە توپىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئازگال ئاستى بارغانسېرى ئېگىزلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان پۇرسەتنى توغرا تاللاپ ئېشەكنى ئازگالدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ.

بۇ مىسال گەرچە قىسقا بولسىمۇ، كىرزىسقا چوڭقۇر پېتىپ قالغان ئادەم ئۈچۈن چوڭقۇر ئىلھام بېرىدۇ. ھەر بىر قېتىملىق كىرزىسنىڭ ھەممىسى تەقدىر ـ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بىر مەيدان بالايى ئاپەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. پەقەت تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى مۇۋاپىق ئەسقاتسا بەلكىم كىرزىسنى تەرەققى قىلىشنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلاندۇرالىشى، بارلىق يامان ئىشلار ياخشى ئىشلارغا ئايلىنالىشى مۇمكىن. بۇ دەل بىزدىكى «يۈتكەن ئات ئىككى بولۇپ كەپتۇ. يامان ئىش ياخشىغا ئايلىنىپتۇ» دىگەن بىر جۈملە سۆزگە ماس كېلىدۇ. ھەر بىر كىرزىستە بەلگىلىك پۇرسەت بار. پەقەت پۇرسەتنى بايقىسىڭىز، چىڭ تۇتالىسىڭىزلا كىرزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرالايسىز.

بايلار ھەر قېتىملىق كىرزىسنىڭ مەغلۇبىيەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن بىرگە ،مۇۋاپىقيەتنىڭ ئۇرۇقى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ. پەقەت بۇ ئۇرۇقنى بايقىسا ،ياخشى پەرۋىش قىلالىسا يۇشۇرۇنغان مۇۋاپىقيەت پۇرستىگە ئېرىشەلەيدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

كىشلەر كىرزىسقا ئاكتىپ يۈزلىنىش كېرەك. كىرزىستىن پۇرسەت تېپىش خەۋپ ـ خەتەرنى ئامان ـ ئىسەنلىككە ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە كىرزىسنى بىر خىل پۇرسەتكە ئۆزگەرتىشنى بىلىش ھەم چىڭ تۇتۇش كېرەك. شۇندىلا ئۇ سىزنى بېيىش يولىغا ماڭدۇرۇپ، ھەققى بىر بايغا ئايلاندۇرىدۇ.

# بايلار دائىم ھەر بىر مۇمكىن بولغان پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويمايدۇ

پۇرسەت بايلىققا قاتنايدىغان كۆۋرۈك. لېكىن پۇرسەت ئۆزگۈرشچان بولۇپ،ئاسان تۇتقىلى بولمايدۇ. ئاچقۇچلۇق پەيتتە پۇرسەت دائىم پايدىلىق شارائىت ۋە مۇھىت دەپ چۈشىنىلىدۇ. ئۇنى يەنە تۇيۇقسىز ئۇچۇرغان ئامەت ۋە تەلەي دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئادەتتە پۇرسەت بەلگىلىك بىر ۋاقىت چېكى بىلەن كۆچىگە ئىگە .چەكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر بىر ھەقىقى باي پۇرسەتنى تونۇشنى ،تاللاشنى بىلىدۇ. ئادەتتىكىچە ئۆتتۈۋاتقان بۈگۈننى گۈزەل كەلگۈسىگە ئۆزگەرتەلەيدىغان پۇرسەتنى قەتئىي قولدىن بەرمەيدۇ. پۇرسەت ئىلاھى پەقەت تەييالىقى بارلارغىلا نەزەر سالىدۇ. ھەرگىزمۇ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇ ئاجىز، ھورۇن كىشىلەر بىلەن بىر يولدا ئەمەس.

بۈگۈنكى كىشىلەر پۇرسەتكە تولغان دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. پۇرسەت ھەر ۋاقىت كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئەگىپ يۈرۈيدۇ. پەقەت سىز ئۇنى بايقىسىڭىزلا، تۇتسىڭىزلا بايلىق خۇددى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشاش يانچۇقىڭىزغا كىرىدۇ. بايلار ھەر بىر بېيىش پۇرستىنى ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيدۇ. چۈنكى بايلار بىر قېتىملىق پۇرسەت بولسىمۇ كەتكۈزۈپ قويسا، بەلكىم ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلىدۇ. پۇرسەتنى بايقىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى پەقەت پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلانسا، ئاندىن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا قىلىدۇ. پەقەت ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولسىلا ئاندىن بايلىق ياراتقىلى بولىدۇ.

1921-يىلى پولشانىڭ چوڭ كوچىلىرىدا قارىماققا ئىشى يوقتەك كۆرۈنىدىغان بىر ئەر لاغايلاپ يۈرەتتى. ئۇزاق ئوتمەي بۇ ئەر بىر چىرايلىق مەدىنيەت بۇيۇملىرى دۇكىنىنى كۆردى ۋە تۇيۇقسىز قەلەم سېتىۋېلىپ كۆندىلىك خاتىرە يېزىشنى ئويلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇكانغا كىرىپ ئۆزى ياقتۇرغان قەلەمنىڭ باھاسىنى سورىدى،ئەمما باھا ئۇنى ھەيران قالدۇرۇدى. چۈنكى ئەنگلىيەدە

ئۈچ سىنتلىق قەلەم بۇ يەردە 26 سىنتقا سېتىلاتتى.

بۇ ئەر ھەيران قېلىپ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ نىمە ئۈچۈن قىممەت سېتىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئەسلىدە بۇ قەلەم گېرمانىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان بولۇپ، سانى ئاز، كەم ئۇچرايدىغان بولغاچقا باھاسىمۇ تەبىئىيلا قىممەت بولغان.

قەلەمنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇ ناھايىتى تېزلا پولشا بازىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجە ئۇنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇغان. قەلەم باھاسىنىڭ قىممەت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب ـ ئەينى چاغدا پولشادا بىرلا قەلەم زاۋۇتى بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش ياخشى ئەمەس ئىكەن.

ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال پولشاغا قەلەم زاۋۇتى قۇرۇشنى قارار قىلغان ھەم كەسپى تېخنىكا خادىملىرىنى يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن.

بۇ ئىقتىسادى كاللىسى بار ئەر ئۇلۇغ بولۇپ، ئۇ تىجارەتكە ماھىرلىقىدىن پۈتۈن دۇنياغا نامى چىققان تىجارەتچى. ئۇنىڭ قەلەم زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلدىكى پايدىسى بىر مىليون ئامېركا دوللىرىغا يەتكەن. 1926 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلىپ، خەلقئارالىق داڭلىق ماركىغا ئايلانغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن بايلار ھەر قانداق باي بولۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ھېكايىدىكى ئۇلۇغ دەل مۇشۇ خىل روھنى ھازىرلىغان. شۇڭا كىچىككىنە قەلەمدىنمۇ چوڭ سودا پۇرسىتىنى قېزىپ چىققان. ئەينى چاغدا قەلەم ئالىدىغان ئادەم پەقەت ئۇلۇغ بىر ئادەملا بولۇشى، قەلەمنىڭ قىممەت ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئادەممۇ پەقەت ئۇلۇغلا بولۇشى ناتايىن. لېكىن قەلەمنى بايقاپ، بېيىش يولىنى تاپقان ئادەم پەقەتلا ئۇلۇغ. بۇ نىمە ئۈچۈن؟

جاۋابى: پۇرسەتنى بايقاش، پۇرسەتنى تونۇش، ھەر قانداق باي بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان پۇرسەتنى بوش قويۇۋەتمەسلىك.

گەرچە ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇ ئىشتىن سودا پۇرسىتىنى كۆرەلىسىمۇ سىز بايقىيالىسىڭىزلا

ئۆزىڭىزنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرىشىڭىز، ئىككىلەنمەسلىكىڭىز كېرەك. چۈنكى دەل سىز ئىككىلىنىۋاتقان شۇ پەيتتە پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىشىڭىز مۇمكىن.

پۇرسەت غەلىبە قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. پۇرسەت كەلگەندە بىز ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، ئۇنى تۇتالامدۇق ـ يوق؟ ھەقىقى بايلار ھەر قانداق بىر پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. ناھايىتى كىچىك پۇرسەت بولسىمۇ، «ھەر قانداق پۇرسەتنى قەتئى ئوتكۈزۈۋەتمەسلىك» روھى ھالىتىدە تۇرۇپ، بارلىق مۇمكىنچىلىكنى چىڭ تۇتىدۇ. بايلاردا بۇ خىل ئىرادە بولغاچقا، زۆر مىقداردىكى بايلىققا ئېرىشىدۇ، غەلىبە قىلالايدۇ.

نامراتلار ھەمىشە بايلارنىڭ مۇۋاپىقىيىتىگە ھەۋەس قىلىدۇ. قارىماققا خەجلىسە تۈگىمەيدىغان پۇلغا ھەۋەس قىلىدۇ. قانچە ھەۋە قىلسىمۇ يەنىلا نامرات پېتى تۇرىۋېرىدۇ. لىكىن بايلار تېخىمۇ باي بولىدۇ. پۇرسەت ھەر ۋاقىت مەۋجۇت. لىكىن نىمىشقا پۇرسەتنى تۇتالايدىغانلار دائىم بايلار؟ ئەمىلىيەتتە ھېكايىدىكىگە ئوخشاش بايلارنىڭ كاللىسى ئۆتكۈر، قارىماققا پۇرسەت يوقتەك قىلغان ئىشلاردىنمۇ پۇرسەت تاپالايدۇ. ھەر بىر پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

ھەر بىر قېتىملىق پۇرسەت بەلكىم غايەت زور بايلىق يارىتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر نامراتلار باي بولۇشنى ئويلىسا، مۇۋاپىقيەت قازىنىدىغان ھەر بىر پۇرسەتنى ئوتكۈزۈۋەتمەسلىكى كېرەك. ھەر قانداق پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۇرسەتنى بايقاشنى، تۇتۇشنى ئۆگىنىش كېرەك. پەقەت شۇندىلا پۇرسەت ياراتقان غايەت زور بايلىق سىزگە تەۋە بولىدۇ.

# نامراتلار پۇرسەتكە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدۇ، بايلار پەقەت پۇرسەتنى تۇتۇشنىلا ئويلايدۇ

نامراتلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇرسەتكە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىشىنىش مەغلۇپ بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋاقىتتا دائىم بۇ مەغلۇبىيەتنى تەلەيگە ئارتىپ قويىدۇ. پەقەت بىر ئاز تەلىيى بولسىلا بۇنداق يامان نەتىجە كېلىپ چىقمايتتى ،دەپ قارايدۇ. نامراتلار تەلەيگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدۇ. ئىشتىن چاتاق چىقسىلا « تەلىيىم كاجكەن، مېنى نەس باستى » دەپ ئويلايدۇ. بارلىق خاتالىقنى تەلەيگە ئىتتىرىپ قويىدۇ. لېكىن ئەزەلدىن ئۆزىدىن سەۋەب ئىزدىمەيدۇ. نامراتلار مۇشۇنداق قارغۇلارچە تەلەيگە قانچە ئىشەنگەنسېرى شۇنچە ئاسان مەغلۇپ بولىدۇ.

لېكىن ھەقىقى بايلار ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلمايدۇ. بايلار گەرچە پۇرسەتكە ئىشەنسىمۇ، قارغۇلارچە ئىشەنمەيدۇ.بايلار ئىشتا غەلبە قىلالمىسا، ئاكتىپ تەشەببۇسكار ھالدا، سەۋەبىنى ئىزدەيدۇ. نامراتلارغا ئوخشاش غەلبە قىلالماسلىقنىڭ سەۋەبىنى تەلىيىنىڭ كاجلىقىدىن كۆرۈپ ئاغرىنمايدۇ. بايلار پۇرسەتكە يولۇقسا، ئۇنىڭ ياردىمىدە تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. كېيىنكى غەلبە ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ.

دېھقان مېللۇ ئۇدا نەچچە كۈن ئېتىز قىرىدا يىراققا ھاڭۋاققىنىچە ئولتۇردى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ قويۇپتتى. قارىماققا خۇددى بىر نەرسىنى ساقلاۋاتقاندەك قىلاتتى .ئېتىزدىكى تۇرۇپلارنى يىغىۋالىدىغان ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەرۋا قىلمىدى. خوشنىسى كاڭمى مېللونىڭ بۇ ھالىتىدىن ھەيران بولۇپ،تۇرۇپلارنى نىمىشقا يىغمايۋاتقانلىقىنى سورىدى.

ـ مەن ئىنتايىن تەلەيلىك تۇرسام، نىمىشقا بۇنداق جاپا تارتىمەن؟ ئىسىڭدە بارمىكىن ،مەن نەچچە تۇپ يوغان دەرەخلەرنى كەسمەكچى بولغاندا، تۇيۇقسىز شامال چىقىپ دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتتى. يەنە بىر قېتىم ئېتىزدىكى ئوتلارنى كۆيدۈرمەكچى بولغاندا، چاقماق چېقىپ، بۇلارنى

كۆيدۈرۈۋەتتى. سەن دەپ باقە مەن تەلەيلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

ـ توغرا، سەنمۇ ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسەن! لېكىن سەن نېمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرىۋېرىسەن؟ ـ كالا مېنى چۈشەنمەي سوراپتۇ.

ـ مەن يەر تەۋرەشنى ساقلاۋاتىمەن. يەر تەۋرىسە مېنىڭ تۇرۇپلىرىم يەر ئاستىدىن ئۆزىلا قومۇرلۇپ چىقىدۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭ كۈچ سەرىپ قىلىشىمنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

خوشنىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. يەر تەۋرەشنى ساقلاۋېرىپ كۆزى تالغان مىللومۇ نەچچە كۈن ئولتۇرۇپ بېقىپ، بېشىنى چايقاپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ مەسەل «دەرەخ تۈۋىدە توشقان كۈتۈش»دىگەن ھېكايە بىلەن ئوخشاپ قالىدۇ. دېھقان مىللو تۇرۇپ سېپىپ كەتكىچە ساقلىسىمۇ، يەر تەۋرىشى ناتايىن. چۈنكى بىر ئىككى قېتىملىق دەل كېلىپ قېلىش ‹ تەلەيگە قارىغۇلارچە ئىشەنسە بولىدىغانلىقى، ئەمگەك قىلمىسىمۇ ياخشى نەتىنجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى › نى بىلدۈرمەيدۇ. مىللونىڭ ھاماقەتلىكى ئۇنىڭ تەلىيگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان.

ھېكايىدىكىگە ئوخشاش تەلەيگە ئىشىنىپ ساخلاپ ئولتۇرۇش نامراتلارنىڭ تىرىشىپ ئارزۇسىنى قوغلاشماسلىق پىسخىكىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلار تىرىشمايدۇ، تىرىشسىمۇ پايدىسى يوقتەك ،غەلبە قىلالمايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمىلىيەتتە دۇنيادا مەڭگۈ بىكارلىق، ئاسان ئىش يوق. ئاسماندىن سىزگە بىكاردىن ـ بىكارغا قاتلىما چۈشمەيدۇ. تەلەيگە ئارتۇقچە ئىشەنسە مەڭگۈ ھەقىقى بايلىققا ۋە غەلبىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن بايلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەپ باي بولۇشى ۋە غەلبە قىلىشىنىڭ ئەلۋەتتە تەلەي بىلەن بىرئاز مۇناسىۋىتى بار. لېكىن تەلەي بايلىق يارىتىشنىڭ تۈپ شەرتى ئەمەس. تەلىيى ئوڭ بولغان تەغدىردىمۇ، بىر ئادەمنىڭ بايلىقى ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە مېھنىتىدىن كەلگەن.

بايلار تەقدىرگە ئىشەنمەيدۇ. تەلەيگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاغزىنى ئېچىپ ئولتۇرسا ئاسماندىن قاتلىما چۈشۈدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ھەم باشقىلارنىڭ بىكارلىق تاماق ئەكىلىپ

بېرىشنىمۇ ئۈمىد قىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت ھەممە نەرسىنىڭ تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بايلار ئەزەلدىن ئاغرىنمايدۇ. پۇرسەت بولمىغان تەغدىردىمۇ ھېچكىمدىن ،ھېچنىمىدىن ئاغرىنغان ئەمەس. ئۇلار پەقەت تىرىشىپ كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ. پۇرسەت يېقىنلاشسا تۇتۇشنى ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ غەلبىگە قاراپ مېڭىشنى بىلىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلار بايلارغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى تەقدىرنىڭ قولۇپى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى مەھكەم قاماپ قويغان .ئۇلار بۇ خىل تەپەككۇر ئامىلىدىن چىقىپ كېتىشكە ئامالسىز. ئىدىيەسى قاماپ قويۇلغان نامراتلار مەڭگۈ يۇرۇقلۇقنى كۆرەلمەيدۇ. نامراتلار تەلىيىگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەتمەسلىكى ،ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە جان تىكىپ ئىشلىشى ئارقىلىق غەلبە قىلىشى كېرەك.

# قوي مىجەزلىك نامراتلار پۇرسەت كۈتۈش داۋامىدا ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ

ئەگەر كۆرەش قىلىش بىلىق بولسا، پۇرسەت سۇ. سۇ بولمىسا بىلىق ھەر قانچە تىركەشسىمۇ بىكار. ئەگەر گۈللەر ئېچىلغان باھار پەسلى بولسا، پۇرسەت ـ گۈل ئۈچۈن جاپالىق چاڭ تارقىتىدىغان ھەسەل ھەرىسى. چۈنكى ھەسەل ھەرىسى بولمىسا، ھەر قانچە چىرايلىق گۈل بولسىمۇ، قىممىتى بولمايدۇ. ئەگەر قىينچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىق سۇنۇۋۇكۇڭنى تىزگىنلەپ تۇردىغان ئەپسۇن بولسا، ئۇنداقتا پۇرسەت تاڭ سىڭنىڭ يىتىپ كىلىشى، تاڭ سىڭ كەلسە سۇن ۋۇكۇڭ ئاندىن باش ئاغرىقىدىن ئۈگۈشلۈق قۇتۇلىدۇ.

شۇڭا كەسپتە مۇۋاپىقيەت قازىنىشتا، پۇرسەتنىڭ كىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. لىكىن بەزى ئادەملەر پۇرسەتنى ھەددىدىن زىيادە مۇھىم بىلىدۇ. ھەتتا پۇرسەتنى ئىشتا غەلبە قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئاملى قىلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۇرسەتنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ، ۋاقتىنى بىكار ئوتكۈزۈۋېتىدۇ. لىكىن ئەمليەتتە ئىشنى تاماملاشنىڭ ئاملى نۇرغۇن. مەسلەن: تىرىشچانلىق، ئېجتىھات، ئېتىقاد، ھەقتىيلىك قاتارلىقلار. پۇرسەت پەقەت ياردەمچى رولىنى ئوينايدۇ.

نامراتلار ھەمىشە بايلارنىڭ مۇۋاپىقيتى ئۇلارنىڭ پۇرستىنىڭ بىزدىن كۆپ بولغانلىقىدا دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئۆزىدىمۇ مۇشۇنداق پۇرسەت بولسا، ئۇ ھالدا كەسپتە مۇۋاپىقيەت قازىنىش تەس ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ئويلىغانسىرى تۇرمۇشتىكى قىينچىلىقنى ۋە مەغلۇبىيەتنى دائىم پۇرسەت، تەلەيگە ئارتىپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئەمليەتتە پۇرسەت ھەممە ئادەمگە ئوخشاش. لىكىن نامراتلار پۇرسەت سەۋەبلىك كىچىككىنە غەلبە ياكى بايلىقتىن بەھرلىنىپ قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قارىغۇلارچە پۇرسەت ساقلايدۇ. لىكىن ئىش ئويلىغاندەك بولمايدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بىر بالا ئامېرىكىدىكى نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى.

نامرات ۋە بىقشقا ئامالسىز ئاتا ـ ئانىسى بالىسى 10 ياشقا كىرگەندە، ئۇنى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇ كىچىككىنە بالا بۇ يەردە 11 يىل شاگىرت بولىدۇ. بۇ 11 يىل ئىچىدە ئۇ ھەر يىلى مەكتەپكە پەقەت بىر ئايلا بارىدۇ. لېكىن شۇنداق جاپالىق كۈنلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنە 21 ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش روھىغا تايىنىپ، تەخمىنەن 1000 پارچە كىتاب ئوقۇيدۇ. كىتاپتىكى بىلىم ئۇنىڭغا نۇرغۇن پايدا ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ماسساچوستىس شتاتىغا بېرىپ موزدوزلۇقنى ئۆگىنىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بوستونغا بېرىپ، نۇرغۇن جايلارنى ساياھەت قىلىدۇ. پۈتۈن ساياھەتتە پەقەت 2 دوللارغا يەتمىگەن پۇلنى خەجلەيدۇ.

ياشاش مۇھىتى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈردىغان، چېنىقتۇردىغان پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى. ھەر بىر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر بىر كۈننى قەدىرلىدى. ئاخىرى ئۆزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق، يۈرەكلىكلىكى ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ئورنىدىن دەس تۇردى ھەمدە پارلامېنتقا كىرىپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك ھاياتىنى باشلىدى. ۋاقىتنى قەدىرلەش ،غايىسىدىن ئەزەلدىن ۋاز كەچمەسلىكتىن ئىبارەت ئادەت ۋە روھ ئۇنى غەلىبىگە باشلىدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ھېنرى ۋىلسون ئىدى.

ھېنرى ۋىلسوننىڭ بالىلىق دەۋرى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ. 10 ياش ـ ئەگەر ھازىرقى ئائىلىلەرگە قويۇپ بەرسە، بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ كۈيۈنشى، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ گوھەردەك ئەتىۋارلايدىغان ۋاقتى. لېكىن ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئاپىرىپ قويۇلغان. ئۆزىنى ئۆزى باققان. ئۇنىڭدىكى ئازابنى ئادەتتىكى كىشىلەر ھىس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا 1000 پارچىغا يېقىن كىتاب ئوقۇپ بولغان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئەگەر ھېنرى ۋىلسون نامراتلارغا ئوخشاش ئولتۇرۇپ، پۇرسەت كۈتكەن بولسا، ئۆزىنىڭ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغىنىنى دىمەيلا قويايلى، بۈگۈنكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

ۋاقىت ئادەمنى ساقلىمايدۇ. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ھەممىشە كىشى ئويلاپ باقمىغان ئۇسۇلدا

ۋاقىت ئىسراپ قىلغان ئادەمگە ئەكسىچە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ھەر بىر سېكۇنت ۋاقىتنى قەدىرلەش، پۇرسەت كەلمىگەن ۋاقىتتا تىرىشىپ بىلىم چۈغلاپ ئۆزىنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى تاۋلاش كېرەك. نامراتلار قەد كۆتۈرمەن دەيدىكەن. ئاۋۋال بايلارنىڭ ھەر خىل ئارتۇقچىلىقنى ھازىرلاش كېرەك. ۋاقىتنى قەدىرلەش ،ئىسراپ قىلماسلىق، قارىغۇلارچە پۇرسەت كۈتمەسلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نامراتلارنىڭ باي بولۇشدا ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك شەرتى.

«پولات قانداق تاۋلاندى» ناملىق كىتابتىكى باش ئەر پىرسوناژ پائول كارچاگىنغا ئوخشاش ئادەمگە ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى ھايات. ھايات بولغاندىلا ئاندىن كېيىنكى بارلىق گۈزەللىكلەرمۇ بولىدۇ. ھايات بارلىق گۈزەللىكنىڭ تۇشۇغۇچىسى. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ھاياتنى ئىسراپ قىلغانلىق. ھاياتنى قەدىرلەش ،پۇرسەت كۈتۈش داۋامىدا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك. بولمىسا، ھېچنەرسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ئاستا ـ ئاستا كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقنى يوقىتىدۇ. بۇ ئاستا خاراكتېرلىك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا باراۋەر. شۇڭا پۇرسەتنى ساقلاش، قارىغۇلارچە كۈتۈش ئىچىدە ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ،پۇل تاپىدىغان پۇرستنى ئىسراپ قىلىش ئىنتايىن ھاماقەتلىك.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلار پۇرسەتنى ساقلاش داۋامىدا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. بايلار ۋاقىتنى قەدىرلەش كېرەكلىكىنى، پۇرسەتنىڭ ساقلىغانغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. كىشلەر ۋاقىتنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى، پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇرماسلىقى، ياشلىق باھارىغا ئۇۋال قىلماسلىقى كېرەك.

# بۆرە خاراكتېرلىك بايلار خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، پۇرسەت يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدۇ

پۇرسەت دېگەن نېمە؟ پۇرسەت كىشلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سايىسىگە ئوخشايدۇ. ھەر ۋاقىت ئەگىشىپ يۈرىيدۇ. كىشلەر ئۆزىنى ھەقىقى تونۇغاندا، ئاندىن پۇرسەتنىڭ ئەملىيەتتە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇڭلاشقا پۇرسەتنى تەگرى ياراتقان ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياراتقان. پۇرسەت ھەممە ئادەمگە بارۋەر.

پۇرسەت ھەم جەريان ھەم نەتىنجە. پۇرسەت بىلەن ئۇتۇشۇپ كىتىش بولسا مەڭگۈ يىتىشكىلى بولمايدىغان جەريان. چۈنكى پۇرسەت بايلىق، نامراتلىق، ياخشى مۇھىت، ناچار مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتسىز. پۇرسەت تاساددىپىيلىق ئەمەس، ئۇ كونكىرىت مەۋجۇت. پۇرسەت بىر ئادەمنىڭ پۇرسەتنى بايقىشى، تونىشى، تىزگىنلىشىنىڭ يىغىندىسى. لىكىن كىشلەردە پۇرسەتنى يارىتىش بىلەن بىرگە يەنە بىر خىل خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش روھى بولۇش كېرەك.

20 ـ ئەسىردە غەربېتە كېلەيلىن ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇ مەخسۇس شاكىلات ساتىدىغان بىر دۇكان ئاچقان ئىدى. لىكىن ياز كەلسىلا ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، شاكىلاتلار ئېرىپ سۇپىتى ئۆزگىرىپ كېتەتتى. شۇڭا ياز كەلسىلا ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ شاكىلات سېتىش مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتەتتى.

بۇ مەسلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ باشقا كەمپۈتلەرنى سېتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ھەركەتلەندى. ئۆزى قول سېلىپ ، يازدا سېتىشقا ماس كېلىدىغان يۇملاق شەكىللىك يالپۇز كەمپۈتنى لاھىيلەپ چىقتى. لىكىن زاۋۇتنىڭ ئۇسكۈنىسى بۇزۇلۇپ قېلىپ كەمپۈتنى ئوتتۇرىسىدا تۆشۈك بار كىچىكىنە سۇ ئۈزۈش چەمبىرىكىگە ئوخشۇتۇپ قويغان ئىدى.

ئۇ خوشاللىق بىلەن بۇ خىل سۇ ئۈزۈش چەمبىرىكىگە ئوخشاش كەمپۈتنى قوبۇل قىلدى. ھەمدە ئۇنىڭغا «ھاياتنى قۇتقۇزۇش چەمبىرىكى يالپۇز كەمپۈتى»دەپ ئىسىم قويدى. 1912 ـ يىلى ئۇنىڭ

بۇ مەھسۇلاتنى بازاردا سېتىلىشقا باشلىدى. يەپ باققان كىشىلەر ئۇنىڭ تەمىنى ياقتۇرغانلىقتىن، ھەمدە شەكلى ئالاھىدە قىزىقارلىق بولغاچقا ئۇزاق ئۆتمەيلا بازىرى ئىتتىك كەمپۈتكە ئايلاندى. ئۇ مۇشۇ ياراتقان يېڭىلىقى بىلەن بىيىپ كەتتى.

كېلەيلىنىنىڭ مۇۋاپىقىيىتى مۇنداق بىر قائىدىنى چۈشەندۈردۇ. كىشىلەر نامرات ۋاقتىدىمۇ پۇرسەت تاپالايدۇ. مانا بۇ نامراتلارنىڭ بايغا ئايلىنىشىدىكى سەۋەب. بايلار خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ پۇرسەت يارىتىدۇ. بايلاردا بايلىق ۋە غەلبە قىلىش ئۈچۈن بۆرىگە ئوخشاش ئىنتىلىش ۋە ئىرادە بار. ئۇلار جاپاغا چىدايدۇ. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار غەلبە يولىنىڭ تەكشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. پەقەت خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلسا ھەم خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا ياخشى تەييارلىق قىلسىلا، پۇرسەت يارىتالايدۇ. شاكىلات يازدا ئېرىپ سۇيۇقلۇق ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا كېلەيلىن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ پۇرسەت يارىتىپ، يالپۇز كەمپۈتنى ياسىدى. مانا بۇ بايلارنىڭ تەپەككۇرى. بۇلارنىڭ ئۆتەلمەيدىغان قىيىنچىلىقى يوق. ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىسى تېخىمۇ يوق. كىرزىسقا يولۇققان تەغدىردىمۇ ئەقىلگە ۋە كەسكىنلىككە تايىنىپ، كىرزىسنى سودا پۇرسىتىگە ئۆزگەرتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ـ قازا بەخت ـ ئامەتكە ئايلىنىدۇ.

بۇ بايلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشى، بۆرىگە ئوخشاش روھى. ئەگەر بۆرىنىڭ ئولجىسىنى دۈشمەن ئېلىۋالسا بۆرە قانداق قىلىدۇ؟ بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى ،مەخسۇس نىشانغا ماسلىشىش قابىلىيىتى، ئىنچىكە ھالقىلارغا دىققەت قىلىدىغان سەزگۈرلۈك قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلار بۆرىنى ھەمىشە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم دەل بۆرىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ. توختىماي تىرىشىدۇ. ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كۆزىتىش ئىقتىدارى ،قىزىقىشى ،جاسارىتى ئارقىلىق ناچار

ئەھۋالدىمۇ پۇرسەت يارتىدۇ.

### ★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

پۇرسەت ساقلىغانغا كەلمەيدۇ. ئەگەر پۇرسەتنى كۆرەلمىسەك، تۇتۇلمساق ئۇ چۇقۇم پۇرسەتنىڭ مەسلىسى ئەمەس بەلكى بىزدىكى مەسلە. پۇرسەتنى كۆرەلمەسلىكىڭىز پۇرسەتنى بايقىيالايدىغان كۆزىڭىزنىڭ يوقلىقى؛ پۇرسەتنى بايقاپ، تۇتالمىسىڭىز بۇ سىزنىڭ پۇرسەتنى تۇتالايدىغان ئىقتىدارىڭىزنىڭ يوقلىقىدىندۇر. خاتالىق ھامان ئۆزىڭىزدە. پەقەت ئۆزىڭىزدىكى ساقلانغان مەسلىلەرنى كۆرەلىسىڭىز ھەمدە ھەل قىلالىسىڭىز ئاندىن غەلبە قىلىسىز.



## بايلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇرسەتنى تۇتىدۇ. نامراتلار پاسسىپ بولغاچقا پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ

پۇرسەت تەشەببۇسكار ئادەملەرگە نىسبەتەن غەلبە قىلىپ باي بولىدىغان ئەڭگۈشتەر. پاسسىپ ئادەملەر ئۈچۈن بەلكى ئاپەت بۇلۇشى مۇمكىن. ئاسماندىن چۈشكەن قاتلىما بولغان تەغدىردىمۇ، يېيىشنى بىلمىسە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئادەمنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرۋېتىشى مۇمكىن. بايلار پۇرسەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىڭ تۇتقاشقا غەلبىگە ئېرىشكەن. لىكىن نامراتلارنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ئاخىرسى يوق. پاسسىپ روھى ھالىتى ئۇلارنىڭ پۇرسەتتىن مەھرۇم بۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاكتىپ ،تەشەببۇسكار ئادەملەر ياخشى پۇرسەتنى ئاسانلىقچە قولدىن بېرىپ قويمايدۇ. لىكىن تۇرمۇشتا قانچىلىك ئادەم ئاكتىپ تەشەببۇسكار بولالىدى؟ ئاكتىپ تەشەببۇسكار ئادەم قىزغىن ھالدا ئۆزى بېرىپ ئىش تېپىپ ئىشلەيدۇ. بىرى مۇنداق دىگەن «پۇرسەت ساقلىغانغا كەلمەيدۇ ، بەلكى ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تالىشىپ ئېرىشىش كېرەك». ئەگەر ئىش قىلغاندا ئاكتىپ ،تەشەببۇسكار بولمىسڭىز بىر ئۆمۈر غەلبە بىلەن ئۇچرۇشالمايسىز.

ئامېركا زۇڭتۇڭى بوش ئىلگىرى پەقەت بىر قېتىملا ئەمەس، بىر نەچچە قېتىم خانىمى باربارا بىلەن يىمەك ـ ئىچمەك مەسلىسىدە، يەنى رەڭلىك يېسۋىلەك سەۋەبلىك كەسكىن مۇنازىرلىشىپ كەتكەن. زۇڭتۇڭ بوش زۇڭتۇڭ ئايروپىلانى ۋە ئاق سارايىنىڭ تاماقخانىسىغا رەڭلىك يېسۋىلەك ئىشلەتمەسلىكنى بۇيرۇق قىلغان. لىكىن بوشنىڭ ئامالسىز بولغىنى باربارا قېرىشقاندەك رەڭلىك يېسۋىلەك يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى.يەنى بۇ كۆكتاتقا زۇڭتۇڭ ئۈچ، خانىمى ئامراق ئىدى، بۇ ئىشنى ئامېركىلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتى.

بىر ئەقىللىق رەڭلىك يېسۋىلەك سودىگىرى بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن دەرھاللا ئىنتايىن ياخشى بولغان سېتىش پۇرستىنى بايقىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ رەڭلىك يېسۋىلەك بېسىلغان بىر ئەترەت يۈك ماشىنىسىنى ئاقسارايىنىڭ جەنۇبى چىملىقىغا باشلاپ باردى. بۇ ۋاقىتتا باربارا رەڭلىك

يېسۋىلەك ئەكەلگەن ماشىنا ئەترىتى ۋە ئاۋال كەلگەن مېھمانلارغا رەھمىتىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن رەڭلىك يېسۋىلەكنىڭ بازىرى ئاۋاتلىشىپ سېتىش مىقدارى ئاشتى. چۈنكى رەڭلىك يېسۋىلەك سودىگىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى مۇۋاپىقىيەتلىك تەشۋىق قىلدى. ئەگەر ئۇ ئەينى چاغدا ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلمىغان بولسا، بەلكىم سودىسى ئۇنچە ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

1898 ـ يىلى كۇبا خەلقى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىدىن ئەركىنلىكىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قانلىق جەڭ قىلدى. بۇنىڭدىن ئاۋال ئامېرىكىمۇ ئىزچىل ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىۋاتاتتى. كۇبا گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋەزىيىتى ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ نۇرغۇن مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىسپانىيەلىكلەر ئامېرىكا كېمە ئەترىتىدىكىلەرنى چوكتۇرۇۋەتتى. ئامېرىكا ئارمىيىسى غەزەپلىنىپ ئىسپانىيەگە جەڭ ئېلان قىلدى.

كۇبانىڭ ھەمكارلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كۇبا قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانىغا بىر پارچە خەت يازدى. بىراق خەتنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى كىم تاماملايدۇ؟ بۇنى ئاگلاپ لوۋىن ئىسىملىك بىر لېيتنانت تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن زۇڭتۇڭ لوۋىن بىلەن كۆرۈشۈپ «سىز چوقۇم بۇ خەتنى ئىسپانىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماي كۇبا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭ. ئۇ كۇبانىڭ نامەلۇم جايىدا .سىز ئۆزىڭىز پىلان تۈزۈپ ھەرىكەتلىنىڭ ،ۋەزىپىنى مۇستەقىل تاماملاڭ» دېدى. لوۋىن ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن خەتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يانچۇقىغا سېلىپلا چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ۋەزىپىنى نەتىجىلىك تاماملاپ مۇھىم ئاخبارات ئېلىپ كەلدى.

لوۋىن بىر ئىشلارغا يولۇققاندا سالماق، كەسكىن بولۇپ ،ھالقىلىق ۋاقىتلاردا ئۆزىنى ئۆزى كۆرسىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ ئۇنىڭ غەلبە قازىنىشىنىڭ سەۋەبى. پۇرسەت ساقلىغانغا كەلمەيدۇ،ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تالىشىش ئارقىلىق

قولغا كېلىدۇ. ئۇ ھەممىشە قىينچىلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان. ئۇ ھەر بىر ئىگىلمەس ـ سۇنماس روھنى قوغدايدۇ.

ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىر خىل ساغلام ئالغا ئىنتىلىدىغان روھى ھالەت. ئۇ سىزدىكى بىر خىل ئىجاد قىلىش كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ كىشىنى ئاكتىپ ھالدا تەپەككۇر ۋە ھەركەت قىلغۇزۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرلەتكۈزىدۇ. بۇ خىل پسىخىكىدىكى كىشلەر باشتىن ـ ئاخىرى شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى، مەيلى قانداق شارائىتتا بولسۇن، ھامان ئۆزىنىڭ تاللىيالايدىغان پۇرسەت ۋە ھوقۇقى بولىدۇ.

پەقەت تەشەببۇسكار ئاكتىپ بولسىلا ئاندىن ھاياتنىڭ ھەقىقى قىممىتىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ھەر قانداق پۇرسەتپەرەزلىك ۋە ئەمگەك قىلماي ئېرىشىش كىشلىك ھاياتنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدۇ. تەشەببۇسكارلىق بىر خىل پوزىتسىيە بۇ كىشىنىڭ تەپەككۇرى ۋە ھەركىتى ھەمدە پۈتكۈل تەقى تۇرقىدا ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ كىشلىك ھاياتتىكى قىزغىنلىقنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. تېخىمۇ زور دەرىجىدە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

كىشلەر ئاكتىپ، تەشەببۇسكا بولۇشنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئەسلىدىكى زېرىكىشلىك خىزمىتىنى رەھدارلىققا ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ دەل ئۆزىنىڭ ئىلگىرلىشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىدىغان، ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ۋە تەرەققى قىلىدىغان جەريان. پەقەت ئاكتىپ ،تەشەببۇسكار ئادەملا ئاندىن باشقىلارنىڭ ھورمىتىگە ئېرىشىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەر ،تېخىمۇ رىقابەتكە تولغان خىزمەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ھەمدە پۇرسەت ۋە بايلىققا ئىگە بولىدۇ.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

بۈگۈنكىدەك رىقابەت ئىنتايىن شىددەتلىك دەۋردە پاسسىپ ئادەم شاللىنىش خەۋپىگە ئۇچرايدۇ. تەشەببۇسكار ئادەملا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. ئادەم چوقۇم تەقدىرگە ئەمەس ئۆزىگە ئىشىنىش كېرەك. پۇرسەت ۋە بايلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن تالىششقا ئېھتىياجلىق. بايلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇرسەتنى تۇتىدۇ. نامراتلار پاسسىپ بولغانلىقتىن پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ.

# نامراتلار پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالالمىسا ۋاز كېچىدۇ. بايلار پۇرسەتنى كۆرمەيلا تەييارلىق قىلىدۇ

ناپالىئون ئېلگىرى مۇنداق دېگەن «ئالاھىدە ئىقتىدار، ئەگەر پۇرسەت بولمىسا قىممىتىنى يوقىتىدۇ» ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. ھازىرقى رېئال تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەر پۇرسەت كەمچىللىكىدىن ھېچ ئىش قىلالمايۋاتىدۇ. پۇرسەت ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە كەسپىتىكى مۇۋاپىقيەتنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ سايىسى بار. بايلىق قوغلىشىش يولىدا پۇرسەتكە ئۇچراش تەبىئىيلا خوشاللىنارلىق ئىش. پۇرسەت دائىم تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى تېزدىن تۇتۇۋېلىشىمىزكېرەك. بولمىسا غەلبە ،بايلىق بىزدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىدۇ.

پۇرسەتنى دائىم ئاسان سەزگىلى بولمايدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ تونۇشى ۋە ئىزدىشىگە مۇھتاج. كۆپىنچە ھاللاردا پۇرسەتنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ ،ئەمما ئېرىشكىلى بولمايدۇ .پۇرسەت يەنە كىشىلەرنىڭ يارىتىشىغا مۇھتاج. پۇرسەت تېزلا غايىپ بولىدۇ ،شۇڭا ئۇ ۋاقىتتىدا تۇتۇۋېلىشقا مۇھتاج. بەزى كىشىلەرنىڭ پۇرسەتنى كۆرەلمىگەنلىكى ۋە تۇتالمىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆگۈنۈشسىزلىق ۋە چۈشكۈنلۈك تۈپەيلى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن بولغان. نامراتلار دەل شۇنداق. ئەمما بايلار پۇرسەتنى كۆرمەيلا تەييارلىق قىلىشقا باشلايدۇ. نېمىگە تەييارلىق قىلىدۇ؟ بايلار ھەرگىزمۇ پۇرسەتنى كۆرمىگەنلىكى سەۋەبلىك ۋاز كەچمەيدۇ. ئەكسىچە كېيىنكى قېتىملىق غەلبە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلار قەتئىي ۋاز كەچمەيدۇ. چۈنكى بايلار ئۆزىدە ھەقىقىي ئەمەلىي كۈچ بار بولسىلا ،كۈچ توپلاپ تەييارلىق قىلسا، ۋاقتى كەلگەندە پۇرسەتنىڭ تەبىئىيلا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. پۇرسەت كەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ زېرەك كاللىسىغا تايىنىپ پۇرسەت يارىتالايدۇ.

پۇلشالىق داڭلىق پىيانىنو ئۇستىسى كوپىن ياش ۋاقتىدا پارىژدىكى چاغلىرىدا نام چىقارمىغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇمۇدسىزلەنمەي ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ، ھەر خىل ئاممىۋى سورۇنلاردا نومۇر

ئۆرۈنلاپ، ئۆزىنىڭ پىئانىنو تېخنىكىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ رەسمى سەھنىگە چىققان ۋاقىتتا سەھنە قاراڭغۇ بولۇپ،زال ئىچى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغان ئىدى، تاماشىبىنلار نۇمۇر ئورۇنلىغۇچىنىڭ ئالماشقىنىنى بىلمەيتى. بىر مۇزىكا ئاخىرلىشىپ، چىراق نۇرى كوپىنىنىڭ يۈزىگە چۈشكەندە، تاماشىبىنلار ئاندىن نۇمۇر ئورۇنلىغۇچىنىڭ بىر تونۇلمىغان پىئانونىست ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. لىكىن كۆپچىلىك يەنىلا ئۇنىڭ يۇقۇرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلىغان يېقىملىق مۇزىكىسىدىن ھوزۇرلانغان بولۇپ، ئۇزاققىچە چاۋاك ئاۋازى ئۈزۈلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ھەمدە مۇۋاپىق پۇرسەتنىڭ ياردىمىدە ئاخىرى مۇۋاپىقيەت قازاندى.

پۇرسەت كەلگەندە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپلا قالماي، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز ،پۇرسەتنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى تېخىمۇ پۇختا ئىشلىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن غەلبىگە يېقىنلايمىز. شۇڭا پۇرسەت كىلىشتىن ئاۋال ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىشىمىز ،ۋاز كەچمەسلىكىمىز، ئۆزىمىزگە ئىشىنىشىمىز كېرەك. شۇندىلا پۇرسەت كەلسە، ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ غەلبە قىلالايمىز.

ئەگەر كوپىن ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ نام چىقىرىشقا پۇرستى يوق بولغانلىقتىن ۋاز كېچىشنى تاللىغان بولسا، كىيىنكى مۇۋاپىقيتى بولمىغان بولاتتى. نامراتلار دائىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتمايدۇ، ئۇنى قاراپلا تۇرۇپ كەتكۈزۈپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا پۇرسەتنى تۇتقىدەك ئىقتىدار يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويسىلا ۋاز كېچىدۇ. شۇڭا كىشىلەر باي بولۇشنى ئويلايدىكەن چوقۇم پۇرسەتنى تۇتۇشنى ئۆگۈنۈش بىلەن بىرگە تېخىمۇ مۇھىمى پۇرسەت كىلىشتىن ئاۋال ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تولۇق تەييارلىق قىلىش كېرەك. چۈنكى پۇرسەت تەييارلىقى بارلارنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

تۇرمۇشتا پۇرسەتنىڭ ئادىل ئەمەسلىكى ياكى يوقلىقىدىن ئاغرىنىدىغىنى كۆپىنچە نامراتلار، چۈنكى ئۇلار ھەمىشە ئاغرىنىشنىلا بىلىدۇ. پۇرسەت بايلارغىلا ئەمەس بەلكى ھەممىلا ئادەمگە ئادىل بولىدۇ. ئەمما نامراتلار پۇرسەتنىڭ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش كۆزدە قارايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

مەيلى كىشلەر قانداقلا ئويلىغان بولسۇن، پۇرسەت شەخسىيەتسىز هالدا ئۇلارنى تەڭ دەرىجىدىكى بەهرلىنىش ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تۇرمۇشتا پۇرسەتكە يولۇقۇش بىر خىل تەلەي. لىكىن ئۇنى تۇتۇش بولسا بىر خىل ئىقتىدار. پەقەت تەييارلىقى تولۇق بولغان، كۈرەش ئىقتىدارى ئالاهىدە ئادەملەرلا تىز سۈرئەتتە پۇرسەتنى تۇتالايدۇ ۋە غەلىبە قىلالايدۇ. ئاخىرىدا هەقىقى بىر بايغا ئايلىنالايدۇ.

هازىرقى جەمئىيەتتىكى رىقابەتنىڭ كۆنسىرى كەسكىنلىششى نامراتلارنىڭ غەلبە قىلىش پۇرستىنى بارغانسېرى ئازايتىۋەتتى. چۈنكى نامراتلا دەۋىرنىڭ تەرەققىياتىغا يىتىشەلمىدى هەم ئۆزىدە خىزمەتكە ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىدارلارنى هازىرلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەت هەمىشە قولدىن كەتتى. شۇڭا نامراتلار غەلبە قىلىشنى ئويلايدىكەن چوقۇم تەييارلىقنى تولۇق ،ياخشى قىلىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا پۇرسەتنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان تۇتالايدۇ.

پۇرسەت بىلەن ئۇنى بايقايدىغان كۆز هەر ۋاقىت  هەممىلا يەردە مەۋجۇت. بەزى كىشلەرنىڭ نەزىرىدە پۇرسەت كورگىلى بولمايدىغان ،تۇتقىلى بولمايدىغان ئىنتايىن يىراقتىكى نەرسە. لىكىن پۇرسەت هەقىقەتەن كەلگەندە ئۇلار يەنە تۇتالمايدۇ. ئامالسىز پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويۇپ پۇشايمان قىلىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە پۇرسەت هەممىلا يەردە بار. بايلارغا نىسبەتەن پۇرسەت يانچۇقتىكى نەرسگە ئوخشاش، قاچان ئېھتىياجلىق بولسا شۇ ۋاقىتتا ئالغىلى بولىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

بىر نامرات ئادەم ئۇچۇن پۇرسەت كىلىشتىن ئاۋال ئۆزىنىڭ پۇرسەتنى تۇتالايدىغان ئىقتىدارىنى يۇقرى كۆتۈرىشى تولىمۇ زۆرۈر. پەقەت غەلبە قىلىشنىڭ ئاساسى شەرتلىرىنى هازىرلىغاندا، ئاندىن پۇرسەت كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنى تۇتقىلى؛ ئۆزىدىكى ئىقتىدارسىزلىق سەۋەبلىك پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ، غەلبە ۋە بايلىق بىلەن ئۆتۈشۈپ كىتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## تەقدىر ئۇقۇمىدىكى پەرق:

**نامراتلار قوي مىجەزلىك بولغاچقا دائىم تەقدىرگە تەن بېرىدۇ، بايلار بۆرە مىجەزلىك بولغاچقا تىرىشىشنى ياقتۇرىدۇ**

رىئال تۇرمۇشتا نامراتلار كىشىنى ھەۋەس قىلدۇرغىدەك بايلىققا ئېرىشىپ باقمىغاچقا، بايلىققا ئېرىشىشنىڭ ناھايىتى زۆر دەرىجىدە تەقدىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. يەنى نامراتلار  ھامان «تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش، بايلىق ـ نامراتلىق تەڭرىنىڭ ھۆكمى بىلەن بولىدۇ» دېگەنگە ئىشىنىدۇ. ھەمىشە تۇغۇلۇشىمىدىنلا باي بولۇش پېشانەمگە پۈتۈلمىگەن ،باي بولالىشىم قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ناچار ئۇقۇمنىڭ يېتەكلىشىدە نامراتلار كۈرەش قىلىش كۆچىنى يوقىتىدۇ ـ دە، بايلىقنى قوغلىشىپ بولالمايدۇ. ئاخىرىدا ئاۋالقىدەكلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن بايلار دەل ئەكسىچە .ئۇلارنىڭ لۇغىتىدە ئەزەلدىن «تەقدىرگە تەن بېرىش» دېگەن سۆز يوق. ئۆزىنىڭ تەغدىرى تەڭرى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن دەپمۇ قارىمايدۇ. ئەكسىچە ئامال قىلىپ ئۆزىنىڭ تەغدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تەغدىرىنى ئىگىلەپلا قالماي، يەنە كىشى ھەۋەس قىلغۇدەك بايلىققا ئېرىشىدۇ.

بۇ يەردە دېمىسەكمۇ بولمايدىغىنى ـ نامراتلار  بىلەن بايلاردىكى پەرقنى بۇ ئىككى تەرەپتە ساقلانغان تەغدىر ئۇقۇمىدىكى پەرق بەلگىلەيدۇ. بۇ خىل پەرق كەلتۈرۈپ چىقارغان تەسىر ناھايىتى روشەن بولۇپ، نامراتلارنىڭ ئەسلىدە ئېرىشەلەيدىغان بايلىق ئارزۇسىنى يوق قىلىش بىلەن بىرگە بايلارنى تېخىمۇ باي قىلىدۇ. ئىككىسى ئارىسىدىكى بۇ پەرق كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

# نامراتلار ئۇڭۇشسىزلىقتا يۇلۇقسا، تەقدىر دەپ قارايدۇ، بايلار قىيىن مەسىلىگە يۇلۇقسا بۇ بىر پۇرسەت دەپ قارايدۇ

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نامراتلار ئىش قىلسا ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتنى ئارلاشتۇرۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. كېيىنكى ھەركەتلىرىدە بۇ پىرىنسىپنى چىقىش نوقتىسى قىلىدۇ. بۇ پىرىنسىپتىن ئايرىلالمايدۇ. بايلارنىڭ باشلىنىشتىنلا ئويلايدىغىنى ئاۋال ئۆز مەنپەئەتنى ئالدىنقى مەركىزى نوقتىدىن چىقىرۋېتىش، باشقىلارنىڭ نىمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئويلىشىش. نامراتلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇلار ئۆزىنىڭ خارەكتىرىنى تىزگىنلەشكە ماھىر. پەزىلەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئۇلارنى غەلبىگە باشلايدۇ. بىزدە «باشقىلارغا گۈل تەغدىم قىلساڭ، قولۇڭدا خۇشپۇراق قالىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. پەقەت سىز باشقىلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئويلىسىڭىز ھالقىلىق ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ ھورمەتلىشى ۋە جاۋاب قايتۇرىشىغا ئېرىشەلەيسىز.

پەقەت ھەممە يەردە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتنى باشلىنىش نوقتىسى قىلسىڭىز ، تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر ھالقىسىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىكىڭىزنى جارى قىلدۇرسىڭىز؛ سەممى ،ئەخلاقلىق ،پۇختا ئىش قىلىدىغان ئادەم بولسىڭىز ئاندىن، ياخشى بولغان كىشلىك ئالاقە تورىنى قۇرالايسىز. باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ۋە ماختىشىغا ئېرىشەلەيسىز. مۇشۇنداق داۋاملىشۇەرسە، ئەتراپىڭىزدىكىلەر سىزگە تېخىمۇ ئىشىنىدۇ. بۇنداق بىر كوللىكتىپ بولسا ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىش كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ،ئىشلاردا تېخىمۇ ئاسان غەلبە قازانغىلى بولىدۇ.

ۋاڭ يۇڭچىڭ گۇرۇچ دۇكىنىدىكى خىزمىتىنى ئىنتايىن قەدىرلىدى. بۇ بىر ياخشى خىزمەت بولمىسىمۇ، پۇتۇن كۈچى بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى. ھەر كۈنى خوجايىنىنى ئوغۇرلۇقچە كۆزىتىپ، ئۇنىڭ گۇرۇچنى قانداق ساتىدىغىنىنى بىلدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تەبىئىيلا نۇرغۇن تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى ئۆگىنىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆزىنىڭ گۇرۇچ دۇكىنى ئېچىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

«باشقىلارغا خوجايىن بولۇشنى خالىمايدىغان خىزمەتچىلەر مەڭگۈ باشقىلارنىڭ پۇل تېپىش قورالى بولىدۇ. ھەمدە مەڭگۈ ھەققىي باي بولالمايدۇ.» دېگەن جۈملە نامراتلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قانائەتلەنسە بولمايدىغانلىقى، تېخىمۇ يۇقىرى نىشان بېكىتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋاڭ يۇڭچىڭ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ باي بولۇشقا مۇناسىپ، ئىلگىرى ئۇمۇ نامرات ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلماي، داۋاملىق ئەسقاتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ تېخىمۇ چوڭ بولغان تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلدى. بۇ بارلىق بايلاردا بولىدىغان ئورتاق ئالاھىدىلىك.

ۋاڭ يۇڭچىڭ دەسلەپتە پەقەت دۇكاندىكى كىچىككىنە ئىشلەمچى بولۇپ، ھېچقانداق سودا تەجرىبىسى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ بىر ئۆمۈر بۇنداق ئۆتۈشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوجايىنىنىڭ تىجارەت ئۇسۇلىنى ئەستايىدىل كۆزىتىشكە باشلىدى. ئارقىدىن ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلدى. ئاخىرىدا مۇستەقىل تىجارەت قىلىش ئويىنى شەكىللەندى. 16 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ 200 يۈەن مەبلەغى بىلەن گۈرۈچ دۇكىنى ئاچتى. دەسلەپتە تىجارىتى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قىيىنچىلىققا باش ئەگمەسلىك روھى ۋە ئەقلىگە تايىنىپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش ئۇسۇلى بىلەن خېرىدار جەلپ قىلدى. ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى گۈرۈچنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، مۇلازىمەتتىكى يېقىملىقلىقى خېرىدارلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بىرى ئونغا ئونى يۈزگە تارقىتىپ، تىجارىتى روناق تاپتى. ئاخىرى ئۇ ھەققىي بايغا ئايلاندى.

ۋاڭ يۇڭچىڭنىڭ غەلبىسى ـ قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا باش ئەگمەي ئويلىنىشقا ماھىر بولۇپ، ئەقلى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، سۈپەت ۋە مۇلازىمەتتە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.نىگىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى خوجايىن دەپ قارىماي تىجارەت قىلىش داۋامىدا باشقىلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلغانلىقىنىڭ پايدىسى.

ھازىرقى تاۋار ئىگىلىكى دەۋرىدە بىر قىسىم نامراتلارنىڭ پۇلى بولدى، ياخشى كۈن كەچۈردى. لېكىن ھەققىي بايغا ئايلىنالمىدى. ئىلگىرى ھېچنېمىسى يوق نامرات بولغان تەغدىردىمۇ سودا قىلىش كىشىنى ھەقىقەتەن پۇلى بار قىلىدۇ. لېكىن ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتمىسە، ئۇنىڭ ھەر قانچە پۇلى كۆپ

بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا نامرات.

بىز بۇ دۇنيادا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش زۆرۈر بولغان نەرسىلەر ھەقىقەتەن بەك كۆپ. بۇلۇپمۇ ھازىرقى ياشلارنىڭ تەجرىبىسى كەمچىل، بىشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق-سوغۇق ئاز، ۋەزىيەتنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇنى ئىگەللىيەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. گەرچە ئۇلاردا باي بۇلۇش ئارزۇسى بولسىمۇ، پەقەتلا ئالدىراقسان، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىش سەۋەبلىك تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. ئەمما ھەقىقى بايلاردا چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارى بار. ئۇلار بىرەر ئىشقا يۇلۇققاندا، ئۆزىنى بېسۋالالايدۇ. خەۋپنى ئامان-ئىسەنلىككە ئايلاندۇرالايدۇ. ئاخىرىدا ئۆزى غەلبىگە قاراپ مېڭىپ باي بولىدۇ. بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۇلاردا ئوخشاشمىغان نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

كىشىلەرنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىش-قىلالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. نامراتلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسلا بۇنى تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ قارايدۇ، نەتىجىدە نامراتلىق ۋە مەغلۇپ بۇلۇش تەغدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بايلار قىيىنچىلىققا يۇلۇقسا، تەپەككۇرنى ئۆزگەرتىپ، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىن پۇرسەتنى بايقايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ غەلبىگە قاراپ ماڭىدۇ.

## تەقدىرىڭىز تەدبىرىڭىزگە باغلىق

رېئال تۇرمۇشتا ھەر بىر ئادەمدە باي بولۇش ئىستىكى بولىدۇ. لېكىن باي ـ نامراتلىق پەرقىنىڭ بولۇشى يەنە نامراتلاردىكى «ئويلاش» بىلەنلا توختاپ قېلىش، كېچىسى ـ كۈندۈزى ئويلاش، ئويلاۋېرىپ قاتتىق چارچاپ كەتسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالىماسلىققا باغلىق. ئۇلار ئەڭ چوڭ دۈشمىنىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. باشقىلار ئەسكەرتكەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا جاھىللىق قىلىپ ئۆزگىرىشنى خالىمايدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق ئالدىدا سىز تەپەككۇرىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز، مەسىلىنى ئۆزىڭىزدىن ئىزدىشىڭىز كېرەك. باشلىنىشتا بىر ئاز جاپالىق بولسىمۇ، چىشىڭىزنى چىشلەپ، بەرداشلىق بەرسىڭىز ئاخىرى غەلىبە خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولالايسىز.

تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئادەم ئازراق قىيىنچىلىققا يولۇقسا، يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ ياكى كەينىگە يانىدۇ. ھەرخىل باھانە سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقىنى پەردازلايدۇ. لېكىن باشقىلارغا ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلالماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى پۇرسەت ۋە تەلىيى بولمىغانلىقتىن دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۆزى بىكىتكەن ۋەزىپە نىشانىنى تاماملاپ بولالمىغاندا، ھەر خىل پىلانلىرىنى تۈيۈقسىز ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. سىز ھۇرۇن بولۇشقا باشلىغاندا، ھەم تەڭرىدىن ،باشقىلاردىن ئاغرىنغاندا بۇ سەۋەبلەرنى ئىشلەتسىڭىز ئەتراپىڭىزدىن كەتمەيدىغان بەزىبىر كىشىلەر چۈشەنگەن ۋە ھېسداشلىق قىلغاندىن سىرت، تېخىمۇ يامان بولغىنى سىزنىڭ قىيىنچىلىقتا قايتا باش كۆتۈرەلمەسلىكىڭىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېيىن ئازراقلا ئىشقا يولۇقسىڭىز ئىلگىرى كۈنۈپ قالغىنىڭىزغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇپ ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قاچىسىز.

ئىلگىرى بىر پادىشاھ بىر نەچچە سانغۇننى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ. يامان بولغىنى ئۇلار ئادەم يەيدىغان قەبىلىگە ئۇچراپ قاپتۇ. قەبىلە باشلىقى ئۇلاردىن بىر سوئال سوراپتۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرى جاۋاپ بېرەلىسىلا ئۇلارنىڭ پادىشاھىنى قويۇۋېتىدىكەن. سانغۇنلار ئامالسىز

ماقۇل بولۇپتۇ.

قەبىلە باشلىقىنىڭ سوئالىمۇ ئاددى بولۇپ، « ئايالىلار ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە نىمە؟ » دېگەن سوئال ئىكەن. سانغونلار بەس ـ بەستە جاۋاب بېرىپتۇ. بەزىللىرى ئايالىلار پۇلغا ئېھتىياجلىق دىسە، بەزىللىرى گۈزەل چىرايغا ئېھتىياجلىق دەپتۇ، يەنە بەزىللىرى قېرىماي ياش تۇرۇشقا ئېھتىياجلىق دەپتۇ.

بۇ جاۋاپلار قارىماققا مۇۋاپىقتەك كۆرۈنسىمۇ، لىكىن قەبىلە باشلىقى ئەكسىچە بېشىنى چايقاپتۇ. سانغونلار يەنە ئويلاپتۇ، يەنىلا قەبىلە باشلىقىنى رازى قىلغۇدەك جاۋاپ تاپالماپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كىيىن قەبىلە باشلىقى سانغونلارنىڭ سىرىتقا چىقىپ جاۋاب ئىزدىشىگە يول قويۇپتۇ، ئەمما پادىشاھنى تۇتۇپ قاپتۇ. سانغونلار نۇرغۇن يەرگە بېرىپ، نۇرغۇن كىشىلەردىن سوراپتۇ لىكىن جاۋاب تاپالماپتۇ. ئاخىرى بىرەيلەندىن ئورمانلىقتىكى ئايال پىرىخوننىڭ بۇ سوئالنىڭ ھەقىقى جاۋابىنى بىلدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئورمانلىققا بېرىپ پىرىخوننى ئىزدەپتۇ. پىرىخون جاۋاپنى دەپ بەرسە بولىدىغانلىقىنى، لىكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سانغوننىڭ ئۆزىنى ئەمرىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئايال پىرىخون بەكمۇ كۆرۈمسىز بولغاچقا،سانغونلارنىڭ ئۇنى ئالغۇسى كەلمەپتۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتتا بىر سانغون سوئالنىڭ جاۋابىنى دەپ بەرسىلا ئۇنى ئېلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئايال پىرىخون ئۇلارغا جاۋابىنى دەپ بېرىپتۇ. جاۋابى«ئەمەلىيەتتە ئايالىلار ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە پۇل ئەمەس، چىرايمۇ ئەمەس، ياشلىق باھارىنى ساقلاپ قېلىشمۇ ئەمەس، ئايالىلار ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە ئۆزىنىڭ تەغدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش» ،ئىكەن.

سانغونلار قەبىلىگە قايتىپ بېرىپ، سوئالنىڭ جاۋابىنى دەپ بېرىپ پادىشاھنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپتۇ. پادىشاھ جاۋابقا ئېرىشكەن سانغوننى مۇكاپاتلاپتۇ ھەمدە ئۇ سانغونمۇ گېپىدە تۇرۇپ سەت پىرىخوننى ئەمرىگە ئاپتۇ.

توي بولغان كۈنى كەچتە سانغون ئەمەلدارلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن كۈننى كەچ قىلىپ

ھوجرىسىغا قايتىپتۇ. ھوجرىسىغا كىرسە ئىنتايىن گۈزەل بىر قىز ئولتۇرغىدەك.

ئۇ قىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغان ئىكەن، قىز ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سانغۇن ئەمرىگە ئالغان پىرىخون ئىكەنلىكىنى ،گاھىدا سەتلىشىپ، گاھىدا گۈزەللىشىپ قالىدىغان غەلىتە كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.ھەم سانغۇندىن « مېنىڭ كېچىسى چىرايلىق بولۇشۇمنى خالامسىز ياكى كۈندۈزى چىرايلىق بولۇشۇمنى خالامسىز؟» دەپ سوراپتۇ.« ئۆزىڭىزنىڭ خالىغىنىچە بولسۇن» ،دەپتۇ سانغۇن جاۋابەن.

ـ ئۇنداقتا مەن ھەر ۋاقىت چىرايلىق تۇراي، ـ دەپتۇ پىرىخۇن ئايال.

ـ كېسىلىڭىز قوزغۇلۇپ قالسىچۇ؟ ـ سوراپتۇ سانغۇن.

ـ ئەمدى كېسىلىم قوزغۇلۇپ قالمايدۇ،چۈنكى مەن ھازىر ئۆز تەقدىرىمنى ئۆز قولىمدا تۇتالىدىم. قاچان چىرايلىق بۇلۇشنى خالىسام شۇ چاغدا گۈزەل بولسام بولۇۋېرىدۇ، ـ دەپتۇ پىرىخون ئايال جاۋابەن.

قارىماققا بۇ ئاياللارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانى سوزلەنگەن بىر ھىكايە ،ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن قارىسا، بۇ ھىكايە بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ مەيدانىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. نامراتلارنىڭ ئېرىشىشنى ئويلايدىغىنى بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش. لېكىن بايلار ئاساسى يولنىش ۋە قاتلاملىرىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ بەك ئىگە بۇلۇشنى ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ تەقدىرى. ئەگەر بىر ئائىلە سۇ، توك، ئۆي ئىجارىسىنىمۇ تاپشۇرالمىسا، يەنە ئۆزگىرىش كېرەكمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەقىقى تۇنۇپ يەتمەي، بىر ئۆمۈر بىكار ئۆتۈپ كىيىن پۇشايمان قىلسا، بۇ پۇشايماننىڭ نىمە پايدىسى؟ ئاغرىنىپ ئولتۇرۇش ـ ئۆزلۈكسىز ئۆزىدىن ھالقىش، توختىماي ئالغا ئىلگىرلەشكە يەتمەيدۇ. چۈنكى باشقىلاردىن ئاغرىنىپ ئولتۇرماي توختاۋسىز ئىلگىرلىگەندىلا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، باي بولغىلى بولىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ باياني ★ ★ ★

بىر ئادەمنىڭ باي بولۇش ياكى بولالماسلىقى، ئۆزىنىڭ تەغرىدىگە ئىگە بۇلۇش بولالماسلىقىغا باغلىق. كىشلەر ئۆزىنىڭ تەغرىدىنى ئۆزى باشقۇرۇشى، ئۆزىنىڭ تەغرىدىگە خوجايىن بۇلۇشى كېرەك. شۇندىلا غەلبە قازىنالايدۇ.

# نامراتلار پەقەت تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش خىيالىنىلا سۈرىدۇ، بايلار ھەمىشە تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ

ھەقىقى بايلار قانداق بولىدۇ؟ ھەقىقى بايلار تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر، ھەركەتلىنىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان ،خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان ،ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا پۈتۈن كۈچىنى بېغىشلايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئىش قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ئۆزگىرىشنى خوشاللىق بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بايلىقى بىر جۈپ قولى ۋە كاللىسىدىن كەلگەن.

ئۇنداقتا ھەقىقى نامراتلار قانداق بولىدۇ؟ نامراتلار پەقەت ساقلاشنىلا بىلىدۇ، مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلانمايدۇ. ئۇلار داۋاملىق باھانە ئىزدەشكە ئادەتلەنگەن. نۇرغۇن پۇل تاپقان تەقدىردىمۇ شۇ پۇل بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسى ئارزۇسىنى قاندۇردۇ. ئەڭ ئاخىردا دەۋر تەرپىدىن شاللىۋېتىلىپ، ھېچنىمگە ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ تۇغۇلغان مۇھىت ۋە شارائىتى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار بىر نوقتىدا ئوخشاش ،يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ھوقوقى بار.

دەسلەپتە نامراتلار بىلەن بايلاردا پەرىق چوڭ ئەمەس بولۇپ، بەزى نامراتلار بەلكىم بايلاردىن ياخشى ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بايلار مەيلى قانداق شارائىتتا تۇرسۇن ئۇلاردا ئاكتىپ ئىلگىرلەيدىغان، ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەغدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان روھى ھالەت بار.

بايلار قانداق ئائىلىدە چوڭ بولىشىدىن ،جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن، قانداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن قەتئىينەزەر ھامان ئۈمۈدۋار ۋە تىرىشچان. ئۇلار ھەر قانچە مۇشكۇل بولسىمۇ ئۆزىگە بۆلۈنگەن ئىشنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تاماملايدۇ. شۇڭا بايلار كىشىلىك ھاياتىدىكى ھەر بىر قەدەمنى پۇختا باسالايدۇ ھەمدە ھەر بىر قەدەمدە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرالايدۇ دەيمىز.

نامراتلار كۆپىنچە تەغدىرگە ئىشىنىدۇ. ئۇلار <بۇ دۇنيا ئادىل ئەمەس، بىزگە ياخشى تەرەققىيات پۇرستى ۋە ئاساسنى بەرمىدى، تالانتىمىزنى نامايەن قىلىدىغان سەھنە ھازىرلاپ

بەرمىدى >دەپ قارايدۇ. شۇڭا نامراتلار ھەمىشە تۇرىۋاتقان مۇھىتىدىن قاقشايدۇ، ئاغرىنىدۇ. ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ نەس باسقان ئادەم دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ كەلگۈسى يولىغا چۈشكىن، پاسسىپ تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن قارايدۇ. ئالغا ئىلگىرلەشنى خالىمايدۇ. دەۋر، ئادەم ھەتتا ئۆزىگىمۇ گۇمان بىلەن قارايدۇ. نامراتلارنىڭ بىر ئۆمۈر ئاغرىنىشقا باھانىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ساقلاۋاتقىنى مەغلۇبىيەت ،ئازاپ. چۈنكى ئاغرىنىش ئۇلارنىڭ بەك كۆپ ۋاقتىنى ئىگىلەپ ئۇلارنىڭ خىيالىنى پەقەت «ئويلاش» باسقۇچىدىلا توختۇتۇپ قويغان. لېكىن ھەركەت قىلمىغان.

نامراتلار دەۋرنىڭ ئۆزگە ئالدىقاچان يېڭى تەلەپلەرنى قويغانلىقىنى ؛مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ياخشىراق ياشاشنى ئويلايدىكەن دەۋرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش كېرەكلىكىنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ. ئۇلار مەڭگۈ ئەسلىدىكى يولدا مېڭىشنى ئويلىسا، ئاۋالقىدەكلا دەسلەپكى تەپەككۇرغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلسا، ئۇلۇك ئىش قىلسا زىيان تارتىدىغىنى پەقەتلا ئۆزى بولىدۇ.

ھەر بىر ھەقىقى باي بولۇشنى ئويلايدىغان ئادەم پەقەت بايلارنىڭ يانچۇقىغىلا دىققەت قىلماي، ئۇلارنىڭ كاللىسى ۋە ھەركىتىگە دىققەت قىلىشى؛ بولۇپمۇ بايلارنىڭ يانچۇقى تېخى تومپايماستىلا، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا نىمە قاچىلانغانلىقىغا كۆپرەك دىققەت قىلىشى كېرەك.

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، بىردەمدىلا باي بولۇپ كەتكەن ئادەمگە ناھايىتى ئوڭاي ،لېكىن ھەقىقى بىر بايغا ئىنتايىن تەس. پۇلى بار ئادەمنىڭ پەقەت باي يانچۇقىلا بار، باي كاللىسى يوق. باي يانچۇقتا باي كاللا سەپلەنمىسە، ھامان بىر كۈنى نامرات يانچۇقتا ئايلىنىپ قالىدۇ. نامراتلارنىڭ نامراتلىقىدا سەۋەب بار، بايلارنىڭ باي بولۇشىدىمۇ سەۋەب بار.

بىر نامرات تەڭرىگە يۈلۈقىپتۇ. تەڭرى نامراتتىن سوراپتۇ «سەن نىمىشقا نامرات؟». نامرات دەپتۇ «مەندە پۇل يوق». تەڭرى يەنە سوراپتۇ «سېنىڭ پۇلۇڭ بولسا باي بولالامسەن؟». نامرات دەپتۇ «پۇلۇم بولسا مەن باي بولالايمەن»، تەڭرى ئۇنىڭغا بىر مىليون پونستېرلىڭ بېرىپ، نامراتنى باي قىلىپتۇ. ھەم ئەگەر بەش يىلدىن كېيىن، ئۇ راستىنلا باي بولسا، يەنە بىر مىليون پونستېرلىڭ

بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نامرات پۇلنى ئېلىپ ئاۋال بىر داچا سېتىۋاپتۇ. ئاندىن بىر ئېسىل ماشىنا سېتىۋاپتۇ. ئاندىن شوپۇر ياللاپتۇ. ئارقىدىن سودا سارايغا بېرىپ داڭلىق ماركىلىق كىيىم سېتىۋاپتۇ. ئەمگەك بازىرىغا بېرىپ، مالاي، ئاشپەز ياللاپتۇ. شۇنداق قىلىپ باياشات ياشاپ خاتىرجەم ھالدا ئىككىنچى قېتىم بىر مىليون پۇلنىڭ كېلىشىنى ساقلاپتۇ.

بەش يىل ۋاقىت ئۆتۈپ پۇللىرىنى تۈگىتىپتۇ. نامرات تەڭرىنىڭ ئالدىدا يەنە بەش يىل ئاۋالقىدەك پەيدا بولۇپتۇ. نامرات پۇشايمان قىلغان ھالەتتە تەڭرىگە «ئۇلۇغ تەڭرىم! ماڭا يەنە بىر مىليون پونىستىرلىڭ بەرسىڭىز مەن چوقۇم قەدىرلەيمەن، تېجەپ ئىشلىتىمەن» دەپتۇ. تەڭرى كۈلۈپ كېتىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: «بەش يىلدىن كېيىن سەن باي بولساڭ، ساڭا يەنە بىر مىليون بېرىشنى ئويلىغان. لېكىن سەن يەنە ئاۋالقىدەكلا نامرات تۇرۇپسەن.شۇڭا ساڭا پۇل بەرمەسلىكنى قارار قىلدىم. سەن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسەن؟»

ـ ياق، بىلەلمىدىم، ـ دەپتۇ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان نامرات.

ـ ئەگەر سەن ھەقىقى باي ئادەم بولغان بولساڭ، دەسلەپتە ساڭا بەرگەن بىر مىليوننى بەش يىلدىن كېيىن ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن بولاتتىڭ. ئەگەر سەن راستىنلا نامرات ئادەم بولغان بولساڭ ساڭا يەنە بىر مىليون بېرەتتىم. نامراتلار ھەممىشە بايلارنى ئىسراپخور ئاچكۆز دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە نامراتلار بايلاردىن ئىسراپخور ئاچكۆز! سېنىڭ ئىسراپخور،ئاچكۆزلىكىڭ مېنىڭ ساڭا ئەمدى پۇل بەرمەسلىكىمنىڭ سەۋەبىدۇر» .تەڭرى شۇنداق دەپتۇ ـ دە،تەييارلاپ قويغان بىر مىليوننى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بايلىققا تەلپۈنىدۇ ھەمدە ھەقىقەتەن بايلىققا ئېھتىياجلىق. پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا بايلىقنى بايقىيالىغىنى ھامان بايلار. بۇ تۇغۇلۇشىمىزدىنلا بېكىتىلىپ كەتكەن قانۇنىيەت ئەمەس. ئەمما نامراتلار ئازىراق بايلىققا ئېرىشكەن ھامانلا ئۇلارنىڭ كۆڭلۈك بولىدىغىنى ھۇزۇرلىنىش. ئۇلار كۆز ئالدىدىكى تۇرمۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ. شۇڭا پەقەتلا بىردەملىك باي بولىدۇ، مەڭگۈلۈك باي بولالمايدۇ.

لېكىن بايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بايلىققا نىسپەتەن ھەممىدىن ئېشىپ كېتىش ئۇمۇدى بولغاچقا پۇتۇنلەي ئۆزگەرتىشنى ئويلايدىغىنى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە كىشىلىك ئورىبتاسى. بايلار بايلىق يارىتىش جەريانىدا، باشتىن كەچۈرگەن ھەر بىر ئىشنى ئۆزى خالاپ قىلغان. باشقىلار تەرپىدىن مەجبۇرلىنىپ قىلغان ئەمەس. شۇڭا نامراتلار تېخىچە تەغدىرنى ئۆزگەرتىشنى ئويلاۋاتقاندا، بايلار ئاللىقاچان تەغدىرنى ئۆزگەرتىش يولىغا چىقىپ بولغان.

## ★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

بايلىققا ھەقىقى ئىگە بولغۇچى ئەزەلدىن بىر قەدەمدىلا غەلبە قازانغان ئەمەس. باشقىلارنىڭ كۆچىگە تايانغانمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇلار بايلىقنى قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا كىرگۈزۈشنى بىلگەن. لېكىن تىلەمچىلەرگە ئوخشاش باشقىلار تاشلىۋەتكەن، ھېچقانداق قىممىتى نەرسىلەرنى بىچارىلەرچە تەرگەن ئەمەس.



## بايلىق ئۇقۇمىدىكى پەرقى:

## قوي مىجەزلىك نامراتلار پۇل يىغىدۇ، بايلار پۇل بىلەن پۇل تاپىدۇ

بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ پەرقى تۈپ نىگىزدىن ئېيتقاندا بايلىق ئۇقۇمىدىكى ئوخشىماسلىقتۇر. ئوخشىمىغان بايلىق قارىشى، باي ۋە نامراتلارنىڭ بايلىقنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ،بايلىق قۇرۇلمىسىنى، بايلىقنىڭ ئىشلىتىلىشتىكى پەرقىنى بەلگىلەيدۇ. توغرا بولغان بايلىق ئۇقۇمى تۇرمۇشنى كۆزىتىشتىن كەلگەن. مەغلۇپ بولۇش تەجرىبىسىنىڭ تۇپلىنىشىمۇ بايلىقنىڭ تۇپلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. پۇل بولمىسا بولمايدۇ، لېكىن پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس .پۇلنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەركىزى قىلىشقا بولمايدۇ، ئىسراپ قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. قارغۇلارچە يىغىپ ساقلاپ پۇلنىڭ قۇلى بولۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئەمىلىيەتتە نۇرغۇن ۋاقىتتا نامراتلارنىڭ كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك بايلىققا ئىگە بولالماسلىقى ناھايىتى زۆر دەرىجىدە ئۆزىدىكى «قوي خاراكتېرى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنە كېلىپ نامراتلار پەقەت پۇل يىغىشنىلا بىلىدۇ. لېكىن پۇلنى ئىشلىتىپ پۇل تۇغدۇرۇش ئۇسۇلىنى بىلمەيدۇ. بايلار قولىدىكى پۇلنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنىڭ بايلىقنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرالايدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىدۇ. شۇڭا توغرا بولغان بايلىق قارىشى تۇرغۇزۇش ئىنتايىن مۇھىم.

# نامراتلار كۆچىگە تايىنىپ «كىچىك» پۇل تاپىدۇ، بايلار پۇلغا تايىنىپ «چوڭ» پۇل تاپىدۇ

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ بايلىققا ئېرىشىش ئۇسۇلىدا ، روشەن پەرىق مەۋجۇت. ئىككىسىنىڭ بايلىقنىڭ تەركىبىدىمۇ ئوخشىماسلىق بار. لېكىن كۆپىنچە پۇلغا كىشلەر دەسلەپتە ئەمگەك ئارقىلىق ئېرىشكەن.

ھەر بىر ئادەم ئوخشاش بولمىغان ئائىلىدە يەنى نامرات ياكى باي ئائىلىدە تۇغۇلىدۇ لېكىن دۇنيادا مەڭگۈ ئۆزگۈشلۈق بولىدىغان ئىش بولمىغانغا ئوخشاش ،تۇغۇلىشىدىنلا غەلبە قىلغۇچىمۇ يوق. بايلىق ۋە مۇۋاپىقيەتكە ئېرىششنى ئويلايدىغان ھەر بىر ئادەم بۇ يولدا تەۋرەنمەي مېڭىشى ،مەيلى باشلىنىشى قانچە ئەگرى توقاي ياكى تەكشى بولسۇن ئۆزگەرمەس ئىشەنچ ۋە كۆپ خىل ئۇسۇل بىلەن ئالغا ئىلگىرلەپ، بۇ يولدا ئىزچىل تەۋرەنمەسلىكى كېرەك.

دەسلەپتىكى پۇل ۋە ئىجتمائى ئالاقە جۇغلانمىسى بولمىسا ،ھەر بىر ئادەم ئەڭ بېشىدا ئاساسى ئىشنى ئۆزىدىن  باشلاش ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ ھاياتىدىكى تۇنجى مەبلەغنى جۇغلاش كېرەك. بۇ ئىقتىدار بەلكىم مەكتەپتە ئۆگەنگەن كەسپى بىلىم بۇلۇشى، ئۆزى يېتىشتۇرگەن بىرەر ئارتۇقچىلىق بۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن ئەڭ ئۇمۇمىيۇزلۇك بولغىنى يەنىلا ئۆزىدىكى كۈچ. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەھۋالى ئوخشاش. ھەتتا ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى پۇل تېپىش ئۇسۇلىدا بەك چوڭ ئوخشىماسلىق بولماسلىقى مۇمكىن.

لېكىن بەلگىلىك مىقتاردا دەسلەپكى مەبلەغنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، كىشلەرنىڭ  پۇل تېپىش ئۇسۇلىدا ئوخشىماسلىق پەيدا بۇلۇشقا باشلايدۇ. بەزىلەر بۇ مەبلەغنى تۇرمۇشتا بەھىرلىنىشكە ئىشلىتىدۇ، ھەتتا بۇزۇپ چاچىدۇ. بۇ كىشلەر پەقەت باشتىن ـ ئاياغ ئەڭ دەسلەپكى پۇل تېپىش ئۇسۇلىنى تەكرارلايدۇ يەنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ پۇل تاپىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشلەر جاپا تارتىپ تاپقان پۇلنى مۇناسىۋەت دائىرىسنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىدۇ، ئۇسۇش پۇرستى ئىزدەيدۇ ياكى باشقا

ئىشلارغا مەبلەغ سالىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن پۇلنى تېپىش يولىغا ماڭىدۇ. بۇ نوقتىنى ھەقىقى جارى قىلدۇرالىغان ئادەم چوقۇم بايغا ئايلىنىدۇ.

بىر يولۇچى ساياھەت قىلىۋېتىپ يول بويىدا ئارام ئېلىۋاتقان بىر يىگىتنى كۆرۈپتۇ. كىيىملىرى ئەسكى، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن يىگىتنىڭ يېنىدا بىر تال بامبۇك سېۋەت بولۇپ، ئىچىگە توشقىچە تاش پارچىسى قاچىلانغان ئىكەن. ھېرىپ كەتكەن ساياھەتچى يىگىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپتۇ ھەم پاراڭلىشىش جەريانىدا يىگىتنىڭ تاش پارچىسىنى تاغ ئاستىدىن 1600دىن كۆپ پەلەمپەي ئارقىلىق تاغ چوققىسىدىكى ئىش ئورنىغا ئەپچىقىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ھەر بىر سېۋەت تاش توشىسا 4 يۈەن تاپىدىغان بولۇپ، بىر كۈندە 4 سېۋەت يۈدىگىلى بولىدىكەن. ساياھەتچى يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش جەريانىدا، ئىختىيارسىز تۇجا مىللىتىدىن بولغان ئامېينى ئويلاپ قاپتۇ. ئۇلار مىللىي كىيىمنى كىيىپ ساياھەتچىلەرگە ھەمراھ بولۇپ سۈرەتكە چۈشىدىغان بولۇپ، ھەر بىر پارچە سۈرەتكە چۈشۈش ھەققى10 يۈەن، ئەڭ ياخشى پۇل تاپقان كۈنلىرى 1000 يۈەن كىرىم قىلالايدىكەن. ساياھەتچى بۇنى يىگىتكە ئېيتقان ئىكەن ، يىگىت « ئامېي قىلغاننى مەنمۇ قىلالايمەن. ئەمما مەن يەنىلا تاش يۈدىسەم پۇل تاپالايمەن» ،دەپتۇ.

يىگىت بىر كۈن ھېرىپ-چارچاپ ئىشلىسىمۇ ھېچقانچە پۇل تاپالمايدۇ. لېكىن تۇجا مىللىتىدىن بولغان ئامېي ھەر كۈنى مىڭلاپ پۇل تاپىدۇ. ئۇلار ئوخشاشلا كۈچىگە تايىنىپ پۇل تاپىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ شارائىتى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوخشاش ئەمەس. ئەگەر ھەمىشە باشقىلاردىن ئاغرىنىپ، ھازىرقىغا شۈكرى قىلىپ ئوتسە، يىگىت ھەرگىزمۇ ئەۋلادمۇ- ئەۋلاد تاش يۈدۈشتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئامېيمۇ رەسىمگە چۈشىدىغانلار بولمىسا، ئىشسىز قېلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بايىقى ھېكايىنىڭ داۋامى تۈگىمىدى، ساياھەتچىنىڭ يېتەكلىشى نەتىجىسىدە يىگىت بىرىيىل تاش يۈدىگەن پۇلنى يىغىپ، بىر دانە ۋېلسىپت ئېلىپ يولۇچىلارنى توشىدى. كېيىن ۋېلسىپت سېتىۋېلىپ ئادەم ياللاپ يولۇچىلارنى توشۇتقۇزدى. تەدرىجى ھالدا تىجارىتىنىڭ كۆلىمىنى چوڭايتىپ، تىرانسپورت شىركىتى قۇردى. ئامېي ساياھەت رايونىدا مىللىيچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كىچىك دۇكان

ئاچتى. كېيىن تورغىمۇ دۇكان ئاچتى. سودىسى بارغانسېرى گۈللەندى.

جۇڭگودا تاش يۇدۇشكە ئوخشاش جىسمانى ئەمگەك قىلىپ پۇل تاپىدىغانلار نۇرغۇن. نەزەر دائىرىسىنىڭ تار ۋە تەربىيەلىنىشىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ئۇلارنى دەسلەپتە جىسمانى ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر قىلغان.

چەكلىك پۇلنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بۇ كىشلەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە جىسمانى ئەمگەك بىلەنلا چەكلىنىدۇ. قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن پۇل، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر بايلىقى. ئەگەر كىشلەر ھازىرقى ھالىتىدىن قانائەتلىنىپ جاپالىق پۇل تاپسا، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق نامراتلارغا ئايلىنىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، كۈچكە تايىنىپ پۇل تېپىش ، پەقەتلا جىسمانى ئەمگەكنىلا كۆرسەتمەيدۇ. ھەر خىل شەكىلدىكى ئەمگەكنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

ھەر بىر ئادەمنىڭ بارلىق قىممىتى ھەرۋاقىت ئۆزىنىڭ قولىدا بولمايدۇ، ئالى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىللىرى گەرچە بىلىم ۋە تېخنىكا ئىگەللىسىمۇ، لىكىن ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە پىكرىگە تايىنىپ، بىر كىشلىك ئىش ھەققىگە ئېرىشىدۇ. ساتقۇچىلار ھاراق ئۇستىلىدە خېرىدارلار بىلەن پاراڭلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن بولماسلىقى مۇمكىن، لىكىن ئۇلارمۇ جىسمانى كۈچگە تايىنىپ، پۇل تېپىپ تۇرمۇشنى قامدايدىغان ھالەتتىن قۇتۇلالمىغان. ھەر خىل شەكىلدىكى جىسمانى ئەمگەك ئارقىلىق، بەلگىلىك پۇل تاپقاندىن كېيىن، ئۆزگىرىش كېرەكمۇ ـ يوق ،كېرەك بولسا قانداق ئۆزگىرىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە ئويلانغان ۋە جاۋابىنى تاپقان ھەر بىر ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باي بولالايدۇ. مانا بۇ مەسلىنىڭ ھالقىسى.

2012 ـ يىلى زوڭچىڭخوۋ شەرەپ بىلەن «فوربىس» ژورنىلىدا جۇڭگونىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بايلار تىزىملىكىگە چىقتى. ئۇ جۇڭگودىكى ئىچىملىككە تايىنىپ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بېيى بولغان سودىگەر. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئىگىلىك تىكلەش تارىخىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ 42 يېشىغىچە تېپتىنىچ خىزمەت قىلغان. ئۇ جىسمانى ئەمگەككە تايىنىپ تاماق

يەيدىغان بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشقا باشلىغان. دېڭىز ساھىلىدا تۇز قازغان. تۇز قۇرۇتقان. تۇز ئىلغىغان. چايچىلىق مەيدانىدا چاي تېرىغان. شال ئورغان، يېزىدا 15 يىل تۇرغان. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالى ھازىرقى سىرتقا چىقىپ جاپالىق ئىشلەيدىغان دېھقان ئىشلەمچىلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى. لېكىن كىتابنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ۋاقىت تەرىپىدىن خورىتىۋەتمىدى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇ يۇرتىغا قايتىپ زاۋۇتتا كەسپىي خادىم بولغان. 1987-يىلى 42 ياشقا كىرگەندە، ئۇ ئەڭ ئاخىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مەكتەپ قۇرغان. كارخانىنىڭ سېتىش بۆلۈمىنى كۆتىرە ئالغان. بۇ ئاساستا ئىككى يىلدىن كېيىن، ۋاخاخا ئوزۇقلۇق يېمەكلىك زاۋۇتىنى قۇرغان. ھەمدە 1991-يىلغىچە ئىزچىل ۋاخاخا گورۇھىنىڭ باش لىدىرى، قوشۇمچە باش دېرىكتورلىقنى ئۈستىگە ئالغان.

ھەر بىر قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەپ، بىر تىرلىيونلۇق بايلىق ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن بايلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاپ كېتىدىغان جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇلار ئادەتتىكى خىزمەتلەردىن ئىش باشلاپ پۇرسەتنى تۇتۇپ بايلىق يارىتىش ئارقىلىق بايلىق توپلىغان ۋە غەلىبە قازانغان.

نامراتلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس، ھەتتا ئۇنى نامراتلارنىڭ مەبلىغى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. قايتقىدەك يولى يوق ئەھۋالدا، جاپاغا چىداش پەزىلىتى نامراتلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەبلەغنى تېپىشىغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ مەبلەغدىن قانداق پايدىلىنىش، نامراتلار ئۈچۈن ھەققى خىرىس. پۇلغا تايىنىپ پۇل تېپىش ئەڭ دەسلەپتە پۈتۈنلەي پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى مەبلەغ سېلىشنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ساپاسىنىڭ ياخلىنىشىغا بولغان مەبلەغ سېلىشنى كۆرستىدۇ.

مەبلەغ ئىشلىتىش مۇۋاپىق بولسىلا سىزنى تەدرىجى نامراتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. جانلىق ئۆگىنىپ ،جانلىق ئىشلىتىپ يەنى بىر تەرەپتىن ئىشلىتىش، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش تەدرىجى باي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئۆزىمىزنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرسەك غەلىبە كۆز ئالدىمىزدا.

ھەر ۋاقىت ئىلگىرلەۋاتقان جەمئىيەتكە يۈزلەنگەندە، بايلار ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىدۇ .ئۇلار بىلىمگە ۋە ئۇسۇلغا تايىنىپ ياشايدۇ. نامراتلار پەقەت كۆچىگە تايىنىپ كىچىككىنە پۇل تېپىپ تۇرمۇشىنى

قامدايدۇ. بۇنداق بولسا، هامان جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىدۇ. پەقەت ئەمگەك ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەپ ئېرىشكەن مەبلەغ تەدرىجى هالدا ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، ماهارەت ئېگىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئاندىن جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ كەتمەيدۇ. ئەڭ دەسلەپكى جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق ئېرىشكەن ئازغىنە بايلىق كېيىنكى غەلبە قازىنىشىنىڭ مەبلىغى بولىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ باشلىنىش نوقتىسىدىكى مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاساسەن ئوخشاش. بەزى بايلار باشلىنىشتا بەلكىم نامراتلاردىنمۇ بەك غۇربەتچىلىكتە تۇرۇپ ئىش باشلىغان بولۇشى مۇمكىن .لېكىن نامراتلار مۇقىم كىرىمنى ساقلاۋاتقان مەزگىلدە بايلار جاپادا تاپقان مەبلىغىنى ئىشلىتىپ ئىگىلىك تىكلىگەن ۋە تېخىمۇ چوڭ مۇۋاپىپىقىيەتكە ئېرىشكەن بولىشى مۇمكىن.

# نامراتلارنىڭ پۇل تېپىشى تاماق يېيىش ئۈچۈن ،بايلارنىڭ تاماق يېيىشى پۇل تېپىش ئۈچۈن

پۇقرالار ئاشلىقنى ئۇلۇغلايدۇ .بۇ يەردە بىز تاماق يېيىشتىن ئىبارەت ئاددى ۋە مۇھىم بولغان تېمىدىن گەپ باشلىماي تۇرالمايمىز. بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق زۆرۈر بولۇپ،كەم بولسا بولمايدۇ. ھەر بىر ئادەمگە نىسبەتەن تاماق يېيىش بىلىمى بولىدۇ.بۇ يەردە دېيىلگەن بىلىمنىڭ كۆرسەتكىنى يېمەك ـ ئىچمەك قۇرۇلمىسى ئەمەس بەلكى تاماق يېيىش مەقسىدى.

ھېچقانداق ئىقتىسادى مەبلىغى بولمىغان نامراتلارنىڭ پۇل تاپقاندىن كېيىن ئەڭ ئاۋال ئويلىشىدىغىنى ـ تۇرمۇشنى قامداش ،كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك،تۇرالغۇ،قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش.سىز ھەددىدىن زىيادە تېجىسىڭىزمۇ ئەكسىچە بولۇشىغا خەجلەپ ھۇزۇرلانسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ جەرياندا ھېچنىمىنى ئويلىمىسىڭىز بولمايدۇ .بەزى ئادەملەر ھەر كۈنى تاماق يەپ،ئىشقا بىرىپ ،ئۇخلاپ كۈن ئوتكۈزىدۇ. لېكىن يەنە بەزى ئادەملەر خىزمەتنى ياخشى قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ تاماق يەيدىغان ،ئارام ئالىدىغان ۋاقتىدا باشقىلار بىلەن ئاكتىپ ئالاقىلىشىدۇ،ئۆزىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلگۈدەك يول ئىزدەيدۇ،پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدۇ،ئاخىردا غەلبە قىلىدۇ ،بەزى ئادەملەرنىڭ ھەر كۈنى ئىشقا بېرىشى ھاجەتسىز ، ئۇلار تاماقخانىلاردا،قەھۋەخانىلاردا ھەمدە ھەر قانداق ئورۇندا دوست تۇتالايدۇ سودا قىلىدۇ ،بايلىق يارىتىدۇ. بىرىنچى خىلدىكى ئادەم كىشلەر ئېيتقان نامراتلار ،ياشاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىككىنچى خىل ئادەملەر دەل نامراتلىقتىن بېيىشقا ماڭغانلارنى، باي بولۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچۈنچى خىل ئادەملەر بايلىق ئارقىلىق بايلىق يارىتىدىغان مۇۋاپىقەيەت قازانغان كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار نامراتلىقتىن بايغا ئۆزگىرىش جەريانىنى تاماملىغاندىن كېيىن، راھەت ـ پاراغەتتىن بەھرلەنمەي، ھازىرقى ھالىتىنى ساقلىماي، ئۆزىنىڭ بايلىقى ئارقىلىق تېخىمۇ زۆر بايلىقنى كۈتىۋالىدۇ.

دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك چۈشلۈك تاماق قايسى؟ بۇ سۇئالنىڭ جاۋابىنى نۇرغۇن كىشلەرنىڭ

دىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇ بولسىمۇ داڭلىق «بافىت چۈشلۈك تامىقى». ئاتالمىش «بافىت چۈشلۈك تامىقى» ـ پايچېكى ئىلاھى بافىتنىڭ نيۇيورۇكتىكى داڭلىق كاللا گۆشى ئۆگرىخانىسى تەمىنلىگەن چۈشلۈك تامىقى بولۇپ، 〈 بايلارنىڭ تاماق يېيىشى پۇل تېپىش ئۈچۈن 〉 دىگەن ئىدىيە بۇ يەردە تېخىمۇ نامايەن بولىدۇ.

ئوخشىمىغان ئادەم بىلەن تاماق يېيىش ئوخشىمىغان ساھەگە مەبلەغ سالغانلىق بولىدۇ.

1) بىر ئادەم يالغۇز تاماق يېيىش، خىزمەتتىكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش، چۈنكى خىزمەتتە خىزمەتداشلار ئارا ئالاقىلىشىدىغان پۇرسەت ئەسلىدىنمۇ ئاز، خىزمەتتىن سىرتقى ئىملاردا پاراڭلىشىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشىش قىيىن، بىللە تاماق يېگەندە ئۆزىنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىنى تەڭشەش بىلەن بىرگە يەنە يېنىدىكى خىزمەتدېشىنى چۈشىنىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشىدۇ.

2) ئائىلىدىكىلەر، دوستلار ۋە ساۋاقداشلار بىلەن بىللە تاماق يېگەندە، دوسلۇق مېھرىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، كوڭلىنى ئازادە قىلغىلى، تۇرمۇشتىكى ئاۋارچىلىقلارنى بىرلىكتە ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

3) ياشانغانلار بىلەن تاماق يېيىش تەجرىبە قوبۇل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خېرىدارلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىش، سودىنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇش بولماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

تاماق يېيىشتىن تارتىپ تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىگىچە نامراتلارغا نىسبەتەن، تاماق يېيىش ھاياتلىقنىڭ زۆرۈرىيىتى، پۇل تېپىشنىڭ مەقسىتى. لىكىن بايلارغا نىسبەتەن تۇرمۇشنىڭ ئاساسى، پۇل تېپىش ئۇسۇلى. بايلار ھاياتلىق تەلپىنى قاندۇرۇش ئاساسىدا، بايلىق يىغىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن پۇرسەت ئىزدەيدۇ. مۇكەممەل كىشىلىك ئالاقە ئورنىتىدۇ ھەمدە غەلبىگە قاراپ ماڭىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ئالاقىلىشىش، زىياپەتلەردە قائىدە ـ يوسۇنلارغا دىققەت قىلىشمۇ بىر خىل مەبلەغ سېلىش. پۇل تېپىشنىڭ مەقسىدى پەقەتلا تۇرمۇشنى قامداشتا ئەمەس. تۇرمۇشتىكى مەبلەغ سېلىش «پۇل بىلەن پۇل تېپىش» دىگەن قائىدىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرىدۇ.

# نامراتلار بايلىقنىڭ «ئىسراپ قىلغۇچىسى»، بايلار بايلىقنىڭ «كونتىروللىغۇچىسى»

تۇرمۇشتا بايلىق كەم ئەمەس، لېكىن كەم بولغىنى ئۇنى بايقىيالايدىغان كۆز. بەزى كىشىلەر ھەمىشە يېنىدىكى بايلىقنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتىنى بايقىغاندا بولسا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا نۇرغۇن كىشىلەر بايلىققا يۈزلەنگەندە ئاسانلا ئازىدۇ. ئۇلار ئىشلىرىدا غەلبە قازانغاندا بايلىقنى كېرەكلىك ئورۇنغا ئىشلەتمەي جاھىللىق قىلىپ يىغىپ ساقلايدۇ. نەتىجىدە ماددىي بايلىقلا ئەمەس، ياشلىق باھارىمۇ،ئۆمرىمۇ ئىسراپ بولىدۇ.بۇ خىل ئىسراپچىلىق كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

يېڭىلا خىزمەتكە قاتناشقان ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تۇنجى مائاشىنى ئالغاندىكى خوشاللىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. كېيىنكى پۇل خەجلەش پىسخىكىسىنىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە سېتىۋالالمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ، ياخشىراق ئۆي ئىجارە ئالىدۇ،ئاندىن ئازادە كۈن كەچۈرىدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چوڭ يەپ چوڭ ئىچىدىغان ئىستىمال ئادىتىنى يېتىلدۈرىۋالىدۇ. ئۆزىنى تونۇپ يەتكەندە بولسا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ.شۇنداق يۈرۈپ مۇئەييەن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خىزمەتداشلار ۋە ساۋاغداشلار ئارىسىدا ئارلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ھەر ۋاقىت باشقىلار بىلەن قارىغۇلارچە سېلىشتۇرىدۇ. قارىغۇلارچە سېلىشتۇرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالسىلا بايلىقنى ئىسراپ قىلىش بىلەن بىرگە چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا دوستلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىپ، باشقىلارغىمۇ ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ.

مەيلى ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشقانلار بولسۇن، ياكى كەسپىدە ئازىراق بولسىمۇ نەتىجە قازانغانلار بولسۇن، تېخىمۇ كۆپ بايلىق يارىتىشنى ئويلايدىكەن بايلىق باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشى، ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك. مال ـ مۈلۈك باشقۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق ئۇسۇللارنى

قوللانسا بولىدۇ:

1) خامچوتنى ياخشى قىلىش، ھېسابات تالوننى باشقۇرۇش. ئېھتىياجغا قاراپ ھەر ئايلىق خامچوتنى ھسابلاش، ئاي ئاخىرىدا خولاسە قىلىش كېرەك.

2) ئېزىقتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ھەر خىل ھەشەمەتلىك ،چرايلىق ئۇرۇن ،سۇرۇنلارنىڭ قىزىقتۇرىشىغا بەرداشلىق بېرىش، مۇۋاپىق ئىستىمال ئادىتىنى يېتىلدۇرۇش كېرەك.

3) ئىناۋەتلىك كارتىنى ياخشى ساقلاش، ئىناۋەتلىك كارتىنى جىددى قۇتقۇزۇش قورالى قىلىش، كۈندۈلۈك ئىستىمالغا ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

4) پۇل تېجەشنى بىلىدىغان دوست تۇتۇش كېرەك، تېجەش بېخىللىققا ئوخشىمايدۇ. دوستلار يىغىلىشىنىڭ ئاددى بولغىنى ياخشى. ھەشەمەتچىلىك قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەڭ ياخشىسى يىغىلىشلاردا ئۆزىنىڭ خىراجىتىنى ئۆزى تۆلەش كېرەك.

يېزىلاردا، بۇلۇپمۇ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بەزى چەت جايلىرىدا ئۆلچەملەشتۈرۈلمىگەن تۇرخانىلار ياشلارنى ئازدۇرىدىغان ئورۇن بولۇپ قالغان. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئاجىزلىقى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تورخانىغا تېخىمۇ جەلىپ قىلىدۇ؛ بىرىلىپ كىتاب ئۇقۇۋاتقان بالا دەرستىن قېچىپ، ئۆزىنىڭ غايىسىنى نابۇت قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پۇلىنى ئالداپ تورخانىغا كىرگەن بالا ئائىلىسىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. يېڭىلا خىزمەت تاپقان ياشلار بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىدۇ.

ئىقتىسادى تەرەققىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس، مائارىپ سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىغان رايونلارغا نىسپەتەن تىلۋىزۇر كومپيوتېرغا قارىغاندا ئەزانىراق. كىشىلەر خىزمەتتىن باشقا ۋاقىتتا تاماقتىن كېيىن، سەنئەت پروگراممىلىرىدىن تارتىپ تىلۋىزىيە تىياتىرلىرىغىچە تاكى ئۇخلاپ قالغۇچە كۆرىدۇ. لىكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ مۇشۇ سەۋەپتىن قايتا كەلمەس قىممەتلىك ھاياتىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر ھەمىشە، تېلۋىزۇردىن بىر قىسىم خىيالى كىنولارنى

كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە قۇرۇق ،مەززىسىز كىنولارنى كۆرگەنىنىڭ ئورنىغا بۇ ۋاقىتلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ تىرىشىپ كەسپىي بىلىم ئىگىلەپ ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ياخشى بولغان تاللاشتۇر. بۇ جەرياندا ئەگەر تاساددىبى پۇل تېپىش پۇرسىتىنى بايقاپ قالسا  تېخىمۇ ياخشى بولغىنى.

شۇڭا كىشىلەر ۋاقىتتىن ھەم ئەتراپتىكى مەنبەلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىگە توغرا بولغا ئىستىمال قارىشىنى تىكلەش كېرەك.

چوڭ جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىنى  ياخشى پىلانلاش، بايلىقنى ياخشى باشقۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىنى توغرا يولغا باشلاش لازىم. تۇرمۇشتا پىرىنسىپ بولىدۇ،بەزى جايلاردا  بىپەرۋا ،كىچىك ئىشلارغا سەل قارايدىغان ئادەم ئىنتايىن قارشى ئېلىنىدۇ. لېكىن بەزى ۋاقىتتا بىر قىسىم ئۇرۇنلار ھەمىشە ئىنچىكە ھالقىلارغا دىققەت قىلىدىغان،  «ئەستايىدىل بولۇش»نى بىلىدىغان ئادەملەرگە ئېھتىياجلىق .مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئىش قىلغاندا ئىنچىكە ھىساب قىلىش كېرەك. ئىنچىكە ھىسابلاش ـ چوڭ جەھەتلەردە نىشان توغرا بولغان ئەھۋالدا ئۆزىگە بولغان مىكرو تەڭشىگۈچتۇر.  ئادەم ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ تۇرسا، ئىسراپچىلىقتىن ساقلانغىلى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا خوشاللىققا ئېرىشىدۇ.

### ★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

پۇل خەجلەشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. لېكىن پۇل خەجلەشتە ئۆزىدىن ئۇستۇنلەر بىلەن بەسلىششىنىڭ نىمە ھاجىتى ؟ئەگەر ئادەم ئىسراپخورلۇق ئادىتىنى  يېتىلدۈرۈۋالسا، ئىنتايىن باي بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ۋەيران بولۇشى مۇمكىن. ئىنچىكە ھېسابلاش، پىلانلىق ياشاش، ھەر بىر تىجەپ قالغان مەبلەغنى كىرىم دەپ قاراش، ياخشى ئۇرۇنلاشتۇرغان ۋاقىت ۋە مۇستەھكەم ئېتىقاد تېخىمۇ قىممەتلىكتۇر.

# نامراتلار بىلەن بايلاردىكى بايلىق پەرقى ئۇلارنىڭ پۇلغا تۇتقان پوزىتسىيىدە ئىپادىلىنىدۇ

نامراتلار مال-دۇنياسىنى يىغىپ ئىشلەتمەي ساقلايدۇ. ئۇلار ھەمىشە «بايلىقنىڭ ھەممىسى پۇل دېمەكتۇر، پۇل بولسا جەمىيەتتە ئورنى بولىدۇ؛ پۇل بولسا باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزىنى چوڭ كۆرۈش تۇيغۇسى ۋە ۋىجدانى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا پۇل ئۈچۈن دۇكان خىزمەتچىسى، كىچىك يايمىچىلار بىلەن يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە زىغىرلىشىدۇ، خىزمەتدېشى بىلەن پۇت تېشىدۇ، تۇغقانلىرى بىلەن ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. ئاخىرى ۋاقتى ۋە زېھنى بەدىلىگە كەلگەن شۇ پۇلى بانكىدا سېسىپ كېتىدۇ. نامراتلار بانكىدا قويغان شۇ پۇلى بىلەن ئۆزىنى باي بولدۇم دەيدۇ. لېكىن ئۇلاردا ھەقىقى بايلىق يوق.

بايلارمۇ پۇلنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن بايلار پۇلنى كېرەكلىك ئورۇنغا جانلىق ئىشلىتىدۇ. ئۆزىنىڭ بايلىق مەنبەسىنى كۆپ خىللاشتۇرىدۇ. مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىن بازار مەبلىغىچە، ئائىلە مۇناسىۋىتىدىن جەمئىيەت ئالاقىسىسىگىچە ھەر بىر تەرەپتە بايلارنىڭ سالغان مەبلىقى ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.

پۇلغا بولغان زىيادە ئامراقلىق خىزمەت تېپىشتا بەزى ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى توغرا دەڭسىيەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. گەرچە بىر قىسىم يۇقىرى مۇئاشلىق ئورۇن بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۆۋەندىن قول سېلىپ قەدەممۇ قەدەم يۇقۇرى ئۆرلەشنى خالىمايدۇ. شۇ يۇقۇرى مائاشلىق ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالاقە تورى ئورنىتىدۇ. ئەمما ئادەمگە جىددى ئېھتىياجلىق چوڭ كارخانىلارنىڭ تەربىيلەش ۋاقتى ھەمىشە قىسقا بولغاچقا، ئىقتىدارى ۋە تەجرىبىسى كەمچىل ئادەم بولسا، ناھايىتى تېزلا شاللىنىپ كېتىدۇ.

ياشاش ئۈچۈن نامراتلار ھەمىشە ھەممە ئىشتا پۇلغا قاراشقا ئادەتلەنگەن. بەزى «بايلار» پۇلدىن ئىبارەت سوبيېكتىپ مەنپەئەت تۇپەيلى باشقىلار بىلەن ھەددىدىن زىيادە زىغىرلىشىدۇ. بۇ

خىل ئادەت ناھايىتى ئاسانلا ئادەمنىڭ زېھنىنى خورىتىدۇ. ھەتتا ئەخلاقى جەھەتلەردە ئەگرى يولغا مېڭىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

ھەقىقى بايلار گەرچە ئەڭ دەسلەپتە مەبلەغ توپلاش ئازابىنى باشتىن كەچۈرسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار مەبلەغ سېلىشقا، زىيان تارتىشقا چىدايدۇ. چۈنكى بەزى بايلىقنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىشقا ئامال بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ بايلىقلارنى ئىشلىتىپ، بەلكىم تېخىمۇ كۆپ پۇلغا ئېرىشكىلى بولۇشى مۇمكىن.

بايلار پۇلنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشكەندە، ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ياخشىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر. مەبلەغ سېلىش جەريانىدىكى تەجرىبە جۇغلاش مەغلۇپ بولغان تەغدىردىمۇ ئۇنۇم ھاسىل قىلالايدۇ. بايلار ئۆزىنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن كارخانىلاردا خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئەڭ ئەمەلىي ھەركەت بىلەن كارخانىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى ساقلاش، خادىملارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش، بۇ ئارقىلىق داڭلىق ماركىلارنى يارىتىش كېرەك. شۇندىلا ئەڭ زور دەرىجىدە بايلىق توپلىغىلى بولىدۇ. بايلىق توپلىغاندىن كېيىن بۇبايلىق ئارقىلىق جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ،ئىجتىمائى ئورۇنغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە، ئەڭ زۆر دەرىجىدە، ئۆزىنى يۇكسەلدۈرۈش لازىم.

مىكروسوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بىل گايتىس تارىختىكى ئەڭ نام قازانغان باي. 1995-يىلىدىن باشلاپ 2007-يىلغىچە «فوربىس» ژورنىلىدىكى دۇنيا بايلار تىزىملىكىدە بىل گايتىس ئۇدا 13 يىل دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى بايلار قاتارىدا تۇرغان. 2012-يىلى 9-ئايدا ئۇ 19- قېتىم ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ باي بولدى. ئۇنىڭ غايەت زۆر بايلىقى بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى چوڭ بىر سالاھىيىتى بولۇپ ،ئۇ بولسىمۇ ـــــ ساخاۋەتچى. 2000-يىلى ئۇ ۋە ئايالى بىرلىشىپ «بېل ۋە مېلىندا گەيتىس فوندى» نى تەسىس قىلدى ھەم خەيرى ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. فوندى جىيەتنىڭ مەبلىغى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ساغلاملىق، خەلقنىڭ ئۆگىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش، شەھەر - بازارلاردىكى ئاساسى ئۇل مۇئەسسەسە قاتارلىقلارغا

ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ 2008 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئارام ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ %98 مال - مۈلۈكىنى فوندى جەمئىيەتكە تەغدىم قىلغانلىقىنى جاكارلىغان. ھەم بۇنى ئەيدىز كېسلى ۋە بەزگەك كېسلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

يۇقارقى بايلارغا ئوخشاش نۇرغۇن بايلار ئۆز ساھەسىدە نەتىنجە قازانغان، نام چىقارغاندىن سىرت، خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ شەكىلسىز بايلىققا ئېرىشتۈرىدىدۇ.

بايلارنىڭ بايلىقى شۇ ئادەمنىڭ شەخسى تەجرىبىسى ۋە مەلۇماتىغا تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك، يېتەرلىك مال - مۈلۈك شارائىتى ئارقىلىق تەجرىبىسىنى ئاشۇرغىلى، تېخىمۇ كۆپ كىتاب ئوقۇپ بىلىمىنى موللاشتۇرغىلى، كۆپ چېنىقىپ ساغلام ھالىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ھەر بىر غەلبە قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ بىر بايلىق،ئۇلار يەنە جەمىيەتنىڭمۇ بايلىقى.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

پۇل - بايلىقنى ئۆلچەيدىغان بىر ئۆلچەم، لىكىن بايلىقنىڭ ھەممىسى ئەمەس. نامراتلار ماددى تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائى ئورنىنىڭ كۆتۈرلىشى ئۈچۈن پۇل - مال قوغلىشىدۇ. لىكىن پۇلغا بولغان ھەددىدىن زىيادە قوغلىشىش دائىم كىشىگە ھەقىقى بايلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلغۇزۋېتىدۇ. نەتىنجىدە ئەكسىچە ئىش يۈز بىرىپ ،پۇلى بار نامراتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

# پۇل ئامانەت قويۇش بىلەن پۇل قەرز ئېلىش نامراتلار بىلەن بايلارنى قانداق پەرقلەندۈردۇ؟

جاپا ـ مۇشاقەتتە تاپىلغان مال ـ دۇنياغا نىسبەتەن نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ھەل قىلىش ئۇسۇلى بار؛ نامراتلار ھەمىشە يىغقان پۇلنى بانكىغا قويىدۇ ئاندىن داۋاملىق باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ. ھەم ھاياتىدا مۇشۇ جەرياننى تەكرارلايدۇ. بايلار بەلگىلىك بايلىق يىغقاندىن كېيىن، يېڭى بىر بېيىش ئۇسۇلىنى پىلانلايدۇ. بۇ پۇلنى ئىشلىتىپ يېڭى بىر ئىشنى باشلايدۇ ياكى سېتىش يولىنى كېڭەيتىدۇ.

نامراتلارنىڭ پۇلى بانكىدا ساقلانغاندىن كېيىن، ھەمىشە مۇقىم تۇرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پۇل پاخاللىششى سەۋەبلىك قىممىتى تۆۋەنلەيدۇ. بايلارنىڭ بانكىدا پۇل ساقلىشى ئوبروت ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلار بۇگۈن ساقلاپ ئەتە ئالىدۇ. پۇل قەرز ئېلىش ئارقىلىق مەبلەغ توپلاش ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئادەتتىكىدەك ئىش. كەڭ كۆلەمدىكى مەبلەغ ئوبروت داۋامىدا تېخىمۇ كۆپ پايدا ئەكىلىدۇ. شۇنداق داۋاملىشىپ، بايلارنىڭ بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلى نامراتلار ئامانەتكە قويغان پۇل بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار بۇ قەرز ئالغان پۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەبلىغىنى تولۇقلاش بىلەن بىرگە نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. نامراتلار ھەر يىلى پەقەت ئۇسۇم پۇلغىلا ئېرىشىدۇ. بۇ بايلارنىڭ پۇل قەرز ئېلىپ ئېرىشكەن پايدىسىغا سېلىشتۇرغاندا، ھېچنىمە ئەمەس. نامراتلار ساقلىغان پۇلنىڭ پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتكەندە، بايلار ھەر ۋاقىت ئوبروت ئارقىلىق پۇل پاخاللىقى سەۋەبىدىن بولغان مەبلەغ ئېقىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بايلار بانكىنىڭ پۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ كەسپىنى باقىدۇ. نامراتلار ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن باشقىلارنى باقىدۇ.

پۇلنى بانكىدا ساقلاش ئاساسەن دەم ئېلىشقا چىققان ياشانغانلارنىڭ مەبلەغ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى. ئىدىيىسى مۇتىئەسسىپ ياشانغانلار پۇل پاخاللىقىدىن بولغان پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەشنى خالايدۇكى ،مەبلەغ سېلىشتىن قورقىدۇ. ئۇچۇر ـ تېخنىكا تېخى تەرەققى قىلمىغان شەھەرلەردە ئۇلار

ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش خەتەرلىك جەريان بولۇپ ،ئۇلار مەبلەغ سېلىشنى < تۆلەيدىغىنى تاپقىنىدىن كۆپ بولغان دو تىكىشىش> دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئادەتتە كۆرىدىغان تېلېۋىزىيە فىرگۇراممىلىرىدا مەبلەغ سالغۇچى تۇنۇش ئادەملەر تەرپىدىن ئالدىنىدۇ ياكى مەبلەغ سېلىش مەغلۇپ بۇلۇپ، نۇرغۇن ئادەملەر قاقسەنەم بولۇپ كېتىدۇ.بۇنداق كۆرۈنۈشلەر قولىدا پۇلى بار ،لىكىن ئىش قىلىشقا ئىككىلىنىپ قارار قىلالمايۋاتقان كىشلەرنى يەنە بىر قېتىم پۇلنى بانكىغا قويۇشقا قارار قىلغۇزىدۇ.

بېيجىڭ شەھەرىنىڭ فېڭتەي رايۇنىدىكى ۋاڭ خانىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دۆلەت كارخانىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققانلار. ئاتا ـ ئانىسى پىنسىيە مۇئاشى ئارقىلىق ئۆزىنى قامداش بىلەن بىرگە يەنە ۋاڭ خانىمغا كۇندۇلۇك خىراجەتلىرىنى بىرىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئۈچ يىل ئىچىدە 60 مىڭ يۈەن يىغقان بۇلۇپ، بانكىغا ئامانەت قويغان. ۋاڭ خانىم تۇرلۇك خەۋەرلەردىن پۇل پاخاللىقى سەۋەبلىك پۇلنىڭ قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كىيىن، ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەملىشىپ، فوند سېتىۋالدى. بۇنىڭدا خەتەر ئاز بۇلۇپ مۇقىم پۇل تاپقىلى بولاتتى. ۋاڭ خانىم ئۆزىمۇ مەبلەغ سېلىشقا باشلىدى ھەمدە ئۆزىمۇ ئاز بولمىغان پايدىغا ئېرىشتى.

ئىسلاھات ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندىن بېرى جۇڭگو ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلدى. ماشىنا، ئېلىكتېر ئۈسكۈنىلىرى تەدرىجى زۆرۈر بۇيۇمغا ئايلاندى. يېڭى گۈللەنگەن تاۋارلارنىڭ باھاسى ئۇلۇكسىز چۈشۈپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسى ئېشىش ھالىتىنى ساقلىدى. ھەمكارلىشىپ داۋالاشنى ئاساس قىلغان مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تىز بولدى. 2000 ـ يىلدىن 2010 ـ يىلغىچە گۆشنىڭ باھاسى ئۈچ ھەسسىگە يېقىن ئۆرلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىلگىركى پۇل بىلەن بۇگۇنكى تاماقنى سېتىۋالسا، ئېنىقلا تەنەرخى زىيان تارتقان ئېلىپ ـ سېتىش بولىدۇ.

ئىقتىساد ئىلمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزىرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، تەمىنلەش ئېھتىياجنى قاندۇرالمىسا، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ پۇل پاخاللىقنىڭ سەۋەبى. خەلقنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش سەۋىيىسىنى

بەلگىلەيدۇ. پۇتكۈل جەمئىيەتنىڭ مائاشى ئۆسكەن چاغدا، پۇقرالار تېخىمۇ كۆپ پۇلغا ئېرىشىدۇ. لىكىن تېخىمۇ يۇقىرى مال باھاسىغا يۈزلىنىش كېرەك. ئېنىقكى بۇ ۋاقىتتا بانكىدا ساقلانغان پۇل پارلىنىپ كېتىدۇ.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دۆلەت ئوتتۇرا - كىچىك تىپتىكى كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشنى قوللىدى. قەرز پۇلنىڭ خەۋىپ-خەتىرىنى تۆۋەنلەتتى. ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

يېقىندىلا ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان جوۋجۇن مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمىغاچقا، دۇكان ئېچىشنى ئويلىدى. ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق، ئالى مەكتەپتە ئوقۇش داۋامىدا، دائىم باردىغان بىر جاي ئۇنىڭ ياخشى تاللىشى بولۇپ قالدى. ئۇ بىر ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى تۈزدى. ئۇنىڭ پىلانى دۆلەتنىڭ قەرز پۇل مەبلىغىگە ئېرىشتى.دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن ئىشنى ئوبدانلا باشلىۋالدى.

بۇ قەرز پۇل جوۋجۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى، نوقۇل ھالدىكى ئېگىلىك تىكلەش مەبلىغى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تىرىشىپ خىزمەت قىلغانلىقى ۋە ئاكتىپ ئىلگىرلىگەنلىكىنىڭ كۈچى. بۇ پۇل ئۇنىڭغا ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇش بىلەن بىرگە قەرز قايتۇرۇشنىڭ بېسىمى ئۇنىڭ بوشاڭلىق قىلىشىغا يول قويمىدى. ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى غايىسىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە قانداق قىلىپ كەسىپكە سىڭىپ كىرىش، قەرز قايتۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش- ھەر بىر قەرز پۇلنى مەبلەغ قىلغان ئادەم ئەڭ ئاۋال قىلىدىغان ئىش.

جوۋجۇن سىرتتقى كۈچنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنىڭ بايلىق قارىشىنى ئەمەللەشتۈردى. ئۆزىگە تەۋە بولغان بايلىق ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن غەلبە يولىغا ماڭدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ★ ★ ★ **بايلىقنىڭ بايانى** ★ ★ ★

نامراتلار قارىغۇلارچە بايلىقنى يىغىپ ساقلايدۇ. لىكىن بىلىپ بىلمەي بايلىقنى يوقىتىپ قويىدۇ. بايلار پۇل ئارقىلىق پۇل تاپىدۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماي، يەنە «قەرز ئېلىش» ئارقىلىق پۇل تاپىدۇ. بۇ «قەرز ئېلىش» دەل بايلارنىڭ قانداق قىلىپ باي بولالىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر جەرياندۇر.

# بايلىق ئۆزگۈمەنلىكى ئوخشىماسلىق «قۇل» بىلەن «خوجايىن» نىڭ پەرقىنى بەلگىلەيدۇ

كىچىكىدىن ئائىلىسى نامرات بولغاچقا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تىركىشىدىغان ھالەت نامراتلاردا نامراتلىققا نىسبەتەن قورقۇش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ماددى تۇرمۇش ياخشىلانغاندىن كېيىنمۇ، نامراتلارنىڭ روھىيىتىدە يىلتىز تارتىپ كەتكەن بۇ پسىخىكا ئۇلارنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندى ھەم بۇ ئادەت ئۇلارنى پۇلغا تېخىمۇ بېقىنىدىغان ،پۇل بولسىمۇ ئىشلىتىشكە پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويىدى. ۋاقىت ئۆزارغانسىرى ئۇلار قورقۇشنىڭ قولىغا ئايلاندى ۋە بايلىق ساقلاش بىلەن بىرگە پۇلغا قۇل بولدى.

نامراتلار پۇلنى كۆرەش نىشانى قىلىش بىلەن بىرگە، پۇلنىڭ ئەكەلگەن ئەۋزەللىكىدىن بەھرىلەنمىدى. پۇل تاپقان تەقدىردىمۇ پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلمىدى. پۇلنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىپ باقمىدى. مەسىلەن: خىزمەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ،كىشىلىك ئالاقىنى ياخشىلاش قاتارلىق تەرەپلەرگە پۇل سەرىپ قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار پۇل تېپىشنىڭ قورالى،ھىساباتنىڭ قارانچۇقى ، تۇرمۇش ۋە خىزمەتنىڭ قولى بولدى.

فىرانسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى بالزاك ئۆزىنىڭ «يېۋگىنى گىراندى » ناملىق ئەسىرىدە گىراندى ئىسىملىك دۇنياغا داڭلىق بېخىل ئوبرازىنى ياراتقان. گىراندى ھايانكەشلىك بىلەن ئىش باشلاپ، شەھەر باشلىقى، مەمۇرىي ھەيئەت بولغان مەزگىلدە كۈچىنىڭ بارىچە بايلىق توپلىغان ۋە قىسقىغىنە 10 نەچچە يىل ئىچىدە شەھەردىكى ئەڭ چوڭ بايغا ئايلانغان.

گەرچە شۇنداق جىق پۇلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن پۇل قىس ھالەتتە ياشىغان. ئۇلار كونا ئۆيدە ناچار شارائىتتا كۈن كەچۈرۈپ، ھەر بىر سىنت ئۇستىدە ئىنچىكە ھىسابات قىلغان. قىزى يىغقان پۇلنى نەۋرە ئاكىسىغا قەرىز بېرىپ تۇرغاندا، دادىسى تەرىپىدىن قاماپ قويۇلغان ۋە پەقەت بولكا بىلەن سۇدا غىزالاندۇرۇلغان. ئايالى ئاغرىپ قالغاندا پۇل چىقىم

بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاۋال دوختۇر تەكلىپ قىلماسلىقنى ئويلىغان. لېكىن ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قىزىنىڭ قانۇن بويىچە ئاپىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلالايدىغانلىقىنى؛ ئۇنداق بولغاندا تەۋەلىكىدىكى بىرقىسىم مۈلۈكىنىڭ ئۆز ئىلكىدىن قىزىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ ئاندىن ئادەم تەكلىپ قىلىپ، كېسىلىنى كۆرسەتكەن. باشقىلارغا «قىز مېلى» بىرىشتىن قېچىپ يالغۇز قىزىنى بىر ئۆمۈر ياتلىق قىلمىغان.ئۆزى ئۆلۈش ئالدىدىمۇ پۇللىرىنى كۆرۈپ يېتىپ ئۆلۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بارلىق پۇل ۋە قىممەت باھالىق بىساتلىرىنى ھوجرا ئۆيگە ئەكىردۈرۈپ شۇنىڭغا قاراپ ياتقان ھەمدە قىزىغا «مال ـ دۇنيالىرىمغا ياخشى قارا،ئۇ دۇنياغا بارغاندا ماڭا ھساپ بىرىسەن »،دىگەن ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى قالدۇرغان...

گىراندى بىر ئۆمۈر بايلىق قوغلاشقان، لېكىن ئۇ پۇلنىڭ قۇلى بولغاچقا، قىممەتلىك قېرىنداشلىق مېھرىدىن مەھرۇم قالغان. پۇلغا بولغان ئاچكۆزلىكى ۋە بېخىللىقى ئۇنى نۇرغۇن بايلىق توپلاتقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن پۇلغا بولغان پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى قورقۇنۇش ۋە گۇماللىنىش ئىچىگە ئەكىرىپ قويغان.

ئۆلۈش چۇقۇم كىشىنىڭ كوڭلىنى يېرىم قىلىشى ناتايىن. ئېچىنىشلىقى پۇلنىڭ قاماللىشىغا ئۇچرىغاچقا ئۇ كىشلەر ھەقىقى ئادەمدەك ياشمايدۇ. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا ئادەم پۇلنى يانچۇقىغا قويۇش بىلەن بىرگە ھەقىقى بايلىقنى كاللىسىغا قويۇش كېرەك.

نامراتلارنىڭ خىزمەت ئىزدىشى ھەمىشە كۆپرەك پۇل تېپىش ئۈچۈن. سىز ئۇلاردىن پۇل تېپىشتىكى مەقسىدىنى سورىسىڭىز ،ئۇلار دائىم قانداق پۇل تېپىش ئۇستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بايلارنىڭ خىزمەتتە ئويلىشىدىغان نەرسىسى كۆپ. ئۇلار ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن پۇل چىقىرىشنى خالايدۇ.

پۇلنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى نامراتلىقنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئەمەس، باي ـ نامراتلىقتا قارىتا توغرا ئۇقۇمنى كىشىلىك ھاياتقا باشلاپ كىرىش ـ بايلار كوڭۈل بولىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى.پۇل تېپىش سۈرئىتىڭىز پۇل پاخاللىقى ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىشىگە

يېتىشەلمىگەندە، تېخىمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلغاندىن كۆرە، بار پۇلىڭىزدىن پايدىلىنىپ، خىزمەت ئۇسۇلى بىلەن پۇل تېپىش ئىدىيىڭىزنى ئالماشتۇرغىنىڭىز ياخشى.

ئادەم پۇلنىڭ قۇلى بولماي ،پۇلنىڭ خوجايىنى بولۇش كېرەك. كىشلەر پۇلنى تۇرمۇشتىكى خىزمەتچىسى دەپ بىلىشى، ئۆزى تۇرمۇشىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى بولۇشى، ھەر بىر پۇڭ پۇلنى مۇۋاپىق ئورۇنغا ئىشلىتىپ، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل مەسىلىنى ھەل قىلىشى كېرەك. پۇلنى بىكار قويماسلىق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمىزنى قالايمىقان قىلىشىغا تېخىمۇ پۇرسەت بەرمەسلىكىمىز زۆرۈر.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

گىرانىدىچە پۇلنى ساقلاپ پۇلنىڭ قۇلى بولۇش ـ بايلارنىڭ تىراگىدىيىسى. مەبلەغ سېلىشنى خالىمايدىغان نامراتلارنىڭمۇ باش كۆتۈرەلەيدىغان كۈنى يوق. پۇل تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ئادەمدەك ياشاشتىنمۇ مەھرۇم بولىشى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. شۇڭا ھەر بىر ئادەم پۇلدىن ئىبارەت بۇ قورالنى ياخشى ئىشلىتىشى، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك.

## ئىدىيەنى ئۆزگەرتكەندە، جاپالىق ئىشلىگەنگە قارىغاندا، تېخىمۇ ئاسان بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ

نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ بايلىققا ئېرىشىشى, مەبلەغنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. سەۋەبى تۇپ يىلتىزىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بايلىق ئۇقۇمىدا پەرىق مەۋجۇت. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىش جەريانىدىكى تەربىيلىنىش دەرىجىسى، ئىجتىمائى سەرگۈزەشتىسى ئۇنىڭ بايلىق قارىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا چوڭ تاللاشتىن كىچىك تۇرمۇش ئادەتلىرىگىچە ھەممىسىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دېھقان ئىشلەمچىلەر جۇڭگو شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى غايەت زور توپ. ئۇلار يېزىدىن كەلگەن. ئۇزۇن مەزگىل ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان زامانىۋى ئىقتىساد ئىدىيىسى بىلەن ناھايىتى ئاز ئۇچراشقان. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار جاپالىق ئىشلەپ تاپقان پۇل ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن بايلىق ئىدىيىسىنى ئازاد قىلالمىغان. قول تېلفون سېتىۋېلىش، كومپيۇتىر ئىشلىتىشنى بىلسىمۇ، مەۋھۇم بەھرىلىنىش پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. لېكىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىچۇ؟ باللار بەلكىم بالدۇرلا يېزىدا تېخى ئومۇملاشمىغان ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ كوڭۇل قويۇپ تەربىيلىشىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇلارنىڭ ئۆلگىسى كىم؟ سىرتتا ئىشلەۋاتقان ئاتا-ئانىسى! پەقەت كۈچىنى سېتىپ جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق پۇل تېپىش ئىدىيىسى بەلكىم باللار ئۇچۇن ئەنئەنىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.ۋە بەلكىم بۇ ئەنئەننى بۇسۇپ چىقىپ كېتىدىغانلارمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن.

نامراتلار پەقەت كۆز ئالدىدىكىنى كۆرىدۇ. كۆز ئالدىدىكى نەتىجىدىن قانائەتلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزگىرىشتىن قورقىدۇ. شۇڭا مۇتىئەسسىپلىك بىلەن جاپالىق ئىشلەشنى تاللايدۇ. بايلار كۆز ئالدىدىكىنى كۆرۈپلا قالماستىن، كەلگۈسى ئۇچۇن ياخشى ئاساس سالىدۇ، مەزمۇت دەسسەيدۇ. ھەمدە كەلگۈسى پىلانىنى تۈزەيدۇ.

داڭلىق باي شېن ۋەنسەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى جاڭسۇدا تۇغۇلغان. فېئوداللىق دەۋردىكى جۇڭگودا كۆپ قىسىم باي سودىگەرلەر پومچىكلار قاتلىمىدىن ياكى ئەمەلدار ئائىلىسىدىن چىققان بولۇپ، تۆۋەن تەبىقىدىكى دېھقانلار ئىچىدىن سودا قىلىشقا پېتىنالايدىغانلار، سودا قىلىپ باي بولغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى.چوڭ تىپتىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش ئوردا ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەچكە، خەلق ئارىسىدىكى سودا پەقەت كىچىك تىپتىكى ئالماشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنگەن. ھەقىقى مۇۋاپىقىيەت قازانغان باي سودىگەر شىن ۋەنسەن مۇشۇنداق شارائىتتا گەرچە ئاددى بىر دېھقان ئائىلىسىدىن كىلىپ چىققان بولسىمۇ ،لېكىن ئۇنىڭ بايلىقىنى يەر ئىگىللىرى ۋە ئەمەلدارلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتى. پادىشاھ جۇ يۈەنجاڭمۇ ئۇنىڭ بايلىقىغا ھەسەت قىلاتتى.

جۇ يۈەنجاڭ نەنجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن كىيىن، ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش چىقىمى كۆپ بولغانلىقتىن، دۆلەت سېپىل تاملارنى رېمونۇتلاشقا ئامالسىز قالغاندا، شېن ۋەنسەن مەبلەغ چىقىرىپ ئۈچتىن بىر قىسىمنى رىمونۇتلاپ بەرگەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەينى چاغدا شىن ۋەنسەن دۇنيادىكى ئەڭ ماھىر ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلغان بولۇپ، تەمىناتىنى ئالاھىدە يۇقىرى بەرگەن. پۈتۈپ چىققان سېپىل ئىنتايىن مەزمۇت ياسالغان بولۇپ، ئىشنى پادىشاھ ياللىغان ئۇستىلاردىنمۇ تىز پۈتتۈرگەن. كىيىن شىن ۋەنسەن جۇ يۈەنجاڭغا تەكلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ بىر مىليون تەڭگە چىقىردىغانلىقىنى ،پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئۇرۇش قىلغان جەڭچىلەرگە تارقىتىپ بېرىشىنى ئېيتقان. بۇ تەكلىپ ئۇنىڭ بايلىقىنى نامايەن قىلىش بىلەن بىرگە، جۇ يۈەنجاڭنىڭ كۈچلۈك نارزىلىقىنى قوزغىغان. ئاخىرى جۇ يۈەنجاڭ ئۇنى جازاغا ھۆكۈم قىلىپ، چىگراغا سۈرگۈن قىلغان. گەرچە ئىقتىدارسىز پادىشاھ ،ئەمەلدارلار ئۇنىڭ ئائىلىسگە ئاپەت ئېلىپ كەلسىمۇ، لىكىن سودىگەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ يەنىلا غەلبە قازانغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جېجاڭ سودىگەرلىرىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالغان.

كۆپىنچە كىشلەرگە ئوخشاش شىن ۋەنسەنمۇ ئەنئەنىۋى دېھقان ئائىلىسىدىن كىلىپ چىققان.

ئەمما ئۇ ئەنئەنىنىڭ توساقلىرىدىن ھالقىپ ،كۆز قارىشىدا ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلغاچقا ئاددىي بىر دېھقاندىن مۇۋاپىقەيەت قازانغان كاتتا سودىگەرگە ئايلانغان .ئۇ ئاۋال يەر تېرىشتىن ئىش باشلاپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مۇلۇكىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ھۇزۇر ھالاۋەتكە بېرىلمەي، يەر سېتىۋېلىپ بوز يەر ئاچقان. شۇنىڭ بىلەن « ھەممىلا يەردە ئېتىزلىرى بار» ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق يەر ئىگىسىگە ئايلانغان. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي يەنە كېمە سېتىۋېلىپ سۇ يولىدىكى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، جېجىياڭنىڭ يىپەك، فار ـ پۇر ، ئاشلىق، قول ـ ھۈنەرۋەن بۇيۇملىرىنى چەتئەلگە ئەپچىقىپ ساتقان. ئۇنىڭ قاپىيۇرەكلىك بىلەن سىرتقا قىلغان سودىسى ئۇنى ئاخىرى ئەڭ چوڭ بايغا ئايلاندۇرغان.

توغرا بولغان بايلىق ئىدىيىسى نەدىن كېلىدۇ؟ ئوخشاش يەردە ئىشلەيدىغان ئىككى يىگىتنىڭ نىمە ئۈچۈن بىرى ئاخىرى باش لېدىر بولىدۇ؟ يەنە بىرى داۋاملىق ئورنىدا ئىشلەۋېرىدۇ. پۇرسەتنى تۇتۇش يۈرەكلىك بولۇشقا مۇھتاج. پۇرسەتنى بايقاش ئىدىيەگە مۇھتاج. ئىدىيە مەڭگۈ توختىمايدىغان ئىنتىلىشچانلىق ۋە ئەستايىدىل تۇرمۇش پوزىتسىيەدىن كېلىدۇ. ئىنتىلىشچانلىقنى ساقلىغاندىلا، ھازىرقى ھالىتىدىن قانائەتلەنمەي، پۇختا، ئىنچىكە بولغىلى، يېتەرسىزلىكنى بايقاپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ.

★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★

نەزەر دائىرىسى تار، ئېتىقادى كەمچىل ياكى قورقۇنچاقلىقنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ غەلبە قىلىش يولىنى توسىدۇ. توغرا بولغان بايلىق قارىشى ھاياتلىق ‹ ماشىنىسى ›نىڭ رولى. پەقەت بۇ رولنى ياخشى باشقۇرۇشنى ئىگىلىسەك ئاندىن ماشىنا ئۈستىدىكى بايلىقلاردىن ئەپچىل پايدىلىنىپ، كۆزلىگەن نىشانىمىزغا يېتىپ بارالايمىز. چىڭ تۇتىمىساق مەيلى مايىنى قانچىلىك بېرەيلى جايىمىزدىلا پىقىرلايمىز.

# نىمە ئۈچۈن بايلىق قارشى بايلار بىلەن نامراتلارنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئاساس دەيمىز؟

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئاددىي پۇقرالارنىڭ تەلپۈنىدىغىنى تۇرمۇشىدا «ھەممە يەردە توك، تېلېفون بولۇش» بولغان بولسا ، 80 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە ماشىنا، گۈللۈك ھويلىلىق غەرىپچە ئۆي، ھەتتا داچا پۇقرالارنىڭ قوغلىشىدىغان ياشاش نىشانىغا ئايلاندى. تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ زور كۆلەمدە يۇقىرى كۆتۈرلىشى بىلەن ياشاش قارشىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئىلگىرى پۇقرالار بانكىدا پۇلى بولسىلا رازى بولاتتى. لېكىن ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مەبلەغ سېلىشنى ،مال ـ مۈلۈك باشقۇرۇشنى چۈشىنىشكە باشلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا نەچچە ياشلىق بالىدىن قېرىلارغىچە ئىقتىسادىي ئىدىيە شەكىللىنىشكە باشلىدى. پاكىت ئىسپاتلايدۇكى، ئىقتىسادىي ئىدىيىسى باشقىلارنىڭكىدىن ئىلغار ئادەم ھامان كۆپ پۇل تاپالايدۇ. تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەردىن بەھرىلىنەلەيدۇ.

جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ باي لى جىياچىڭ گۇاڭدۇڭدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتىلىغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ تاغىسىدىن پاناھلىق تىلەپ شاڭگاڭغا بارغان. بەختكە قارشى ئۇ 14 ياش ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، مەكتەپتىن چېكىنگەن ھەمدە ئائىلىسىنى قامداشقا باشلىغان.

لى جىياچىڭ چايخانىدا مۇلازىمەتچى بولۇپ، ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ ئۆيگە ئىشلەتكەن. چايخانىدا يېشى كىچىك ھەم ياقا يۇرتلۇق بولغاچقا، ئەڭ ئالدىراش مۇلازىم بولۇپ قالغان. باشقا مۇلازىمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئارام ئېلىۋاتقاندا، ئۇ يەنىلا خېرىدار كۈتەتتى... ئاسىيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى بايغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇنداق دېدى: «ئەينى ۋاقىتتا مەن ھەقىقەتەن كىشلىك ھاياتنى بىر خىل ئازاب ھېس قىلاتتىم. ئۇ چاغلارنى ‹ كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ ئىشقا بېرىپ ھەممەيلەن چىراق ياققاندا ئىشتىن چۈشەتتىم › دېيىشكە

بولىدۇ.»

نۇرغۇن ئادەملەرگە نىسبەتەن ،ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن بالا بۇنداق جاپالىق مۇھىتتا چۈقۈم چۈشكۈنلىشىپ ،ئىلگىرلەش روھىنى يوقىتىدۇ.لىكىن ئۇنىڭ تارىختىكى ھەربىر ئۇلۇغ شەخسلەرگە ئوخشاش جاپالىق مۇھىتتا ئىرادىسى سۇنمىدى.چۈنكى لى جىياچىڭ بىر ئىتقادى ،نىشانى بار ئادەم ئىدى .ئۇ ھەركۈنى ناھايىتى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە ئامال بار كۆپ كىتاپ ئوقۇپ ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇراتتى. بىر كۈندە پەقەت تۆت سائەت ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىنىڭ ھەممىسدە ئۆگىنىش قىلاتتى.ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئېشىشىغا  تۇرمۇش قارىشى ئۆزگىرىشكە باشلىدى ـ باشقىلارغا بىر ئۆمۈر مۇلازىم بۇلۇش پېشانەمگە پۈتۈلگەنمۇ ،بەختلىك ياشاش ئۈچۈن چۇقۇم ئۆزەم خوجايىن بۇلۇشۇم كېرەك!

ئىدىيسى ئۆزگەرگەن لى جىياچىڭ چايخانىدا ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كيىن بۇ جايدىن ئايرىلدى ،چۈنكى يەنە چايخانىدا تۇرۇۋەرسە ئىستىقبالى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى.ئەينى چاغدا ئۇنىڭ تاغىسى شاڭگاڭدىكى داڭلىق سائەت سودىگەرلىرىنىڭ بىرى بۇلۇپ،ئۇنىڭ شىركىتىدىكى بىر نەچچە سائەت رىمنۇتچىسى ئىستىپا بىرىپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاغىسىنىڭ شىركىتىگە بېرىپ بىر ياشانغان ئۇستامدىن سائەت رىمنۇت قىلىشنى ئۆگەندى.تاغىسىنىڭ شىركىتىدە ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كيىن تېخنىكىسى ئۇستۇن ئۇستامغا ئايلاندى، تۇرمۇشمۇ ئىلگىركىدىن ياخشىلاندى.ھەممەيلەن ئۇنى بىر ئۆمۈر سائەت رىمنۇتچىسى بۇلىدۇ دەپ تۇرغاندا ، ئۇ تاغىسىنىڭ شىركىتىدىن ئىستىپا بىرىپ باشقا بىر شىركەتكە بېرىپ ساتقۇچى بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى ئۇ سۇلياۋ زاۋۇتى قۇرۇشنى باشلىدى،كيىن جۇڭگودىكى داڭلىق بايغا ئايلاندى .چۈنكى ئۇ كەسىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇزلۇكسىز ئىدىيسىنى يېڭىلاپ تۇرغان .

لى جىياچىڭنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى،بىر ئادەمنىڭ ئىدىيسىنىڭ ئىلغار ياكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا نىسپەتەن بىر ئۆمۈر مۇھىم رول ئوينايدۇ ـ ئۇنىڭ تۇرمۇش سەۋيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپلا قالماي،كەسىپدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تېخىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ئېششى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا ،ئاددىي پۇقرالارنىڭ بايلىق قارىشىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆسمىسە ،ئۇنداقتا بىز ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ تېز ئېشىشى ئېلىپ كەلگەن ئەۋزەللىكلەردىن بەھرىمان بولالمايمىز .

ئىقتىسادىي قاراشنى تېخىمۇ يۇقۇرى ئۆستۈرۈش بىر قۇرۇق شۇئار ئەمەس ،بەلكى ھازىردىن باشلاپ قىلىش كېرەك بولغان زۆرۈر ئىش .مەسىلەن ھەركىمنى ئىقتىساد خەۋەرلىرىنى كۆپرەك كۆرۈش ،دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي يۈزلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ،ماكرو ئىقتىسادنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەسىرىگە ھۆكۈم قىلىش قاتارلىقلار .ئەلۋەتتە ،ئادەتتىكى پۇقرالارغا نىسبەتەن سىرلىق ،زىرىكىشلىك ئىقتىساد پىرىنسىپى ئۇلارنىڭ ئۇقۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىمايدۇ .ئاددىي ئاۋام ئۇچۇن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ ئاددىي ئىقتىسادىي ئىدىيىسىگە تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئىقتىساد ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس .ئۇنداقتا ئادەتتىكى پۇقرالار ئۆزىنىڭ قارىشىغا قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي قاراشلارنى قوشالايدۇ ؟

ئەمەلىيەتتە جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي ـ بايلىق ۋە پۇلغا كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق!

ئادەتتىكى پۇقرالارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتساق كۈندۈلۈك تۇرمۇشتىكى ئەڭ بىۋاستە تەسىرات پۇل قىممىتىنىڭ ئېششى ۋە تۆۋەنلىشى .كىشىلەر دائىم نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى چىققاندا مۇنداق گەپنى ئاڭلايدۇ ———«بۇ پۇلغا نىمانداق بارغانسىرى ھېچنىمە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى ، چۈشتە ئازراق كۆكتات سېتىۋالسام 10 نەچچە كوي بۈپتۇ ، لىكىن تېخى گۆش ئالمىغان تۇرسام . »مانا بۇ مال باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى ـ پۇلنىڭ قىممىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئەل روشەن ئىپادىسى .

ئەگەر بىر ئادەم مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلىگەندە ئاشۇ مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن مەھسۇلاتنى سېتىۋېلىشنى تاللىسا ،پەقەتلا ئۆزىگە تېخىمۇ زور زىيان ئەكېلىدۇ ؛ مال باھاسى تۆۋەنلىگەندە پۇلنى قولۇپلاپ ساقلاپ قويۇشنى تاللىسا ،ئۇنىڭ بايلىقنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ئوتتۇرچە ئېشىش سۈرئىتىنىڭ كەينىدە قالىدۇ .مەسىلەن 2008 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆي باھاسى تۆۋەن ۋاقىتتا ،ئۆي مۇلۈككە مەبلەغ سالىدىغانلار كۆپ ئەمەس بولۇپ ، نۇرغۇن كىشىلەر باھانىڭ يەنە تۆۋەنلىشىنى ساقلاپ تۇرغان . لىكىن 2008 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا

كەلگەندە باھا شىددەت بىلەن ئۆرلىگەن.2009 ـ يىلدىن كېيىن ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن.ناھايىتى روشەنكى بىر قىسىم كىشىلەر « پۇلغا بىر نەرسە كەلمەيدىغان» ۋاقىتتا مەبلەغ سالىدۇ، نەتىجىدە قاتتىق زىيان تارتىدۇ.ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى قارىشى يەنىلا كونىچىلىك بولسا،«ئۆسۈش»نى قوغلاشمايتتى.سالغان مەبلىغىدىنمۇ مەسىلە چىقمايتتى.

شۇڭا ھازىرقى بايلىق تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان دەۋردە،ئادەتتىكى پۇقرالار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى قارىشىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك،چۈنكى ئىلغار ئىقتىسادى قاراش بىر ئادەمنى تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئىگە قىلىدۇ.

**★ ★ ★ بايلىقنىڭ بايانى ★ ★ ★**

تۇرمۇش بىر مەيدان سودىغا ئوخشايدۇ،كىم ئۆزىنىڭ تەنەرخىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە كونترول قىلالىسا،شۇ ئەڭ چوڭ بەختكە ئېرىشىدۇ.لېكىن ھازىرقى دەۋر سودىسىدا كىم تېخىمۇ كۆپ بايلىق بىلىمىنى ئىگىلىسە،شۇ بەلكىم تېخىمۇ تۆۋەن تەننەرخىنى كونترول قىلالىشى مۇمكىن.مۇنداق بولغاندا تەبىيلا مەنبەسى ئۆزۈلۈپ قالمايدىغان بايلىققا ئېرىشىدۇ.شۇڭا بايلىق قارىشىنى تېزدىن يېڭىلاش، ‹بايلار بۆرە تەبىئەتلىك،نامراتلار قوي تەبىئەتلىك بولىدۇ› دىگەن ھۆكۈمنىڭ ماھىيىتىننى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش كېرەك.

**كىتاب تەرجىمىسى تۈگىدى**

---

ئەقىدە قاشگەرلىكى شىركىتى تەۋسىيەسى:

---

*تەپەككۇرىڭىزگە دىققەت قىلىڭ ،ئۇ كەلگۈسىدە گەپ سۆزىڭىزگە ئايلىنىدۇ .گەپ سۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ ،ئۇ كەلگۈسىدە ئىش ھەركىتىڭىزگە ئايلىنىدۇ .ئىش ھەركىتىڭىزگە دىققەت قىلىڭ ،ئۇ كەلگۈسىدە ئادىتىڭىزگە ئايلىنىدۇ .ئادىتىڭىزگە دىققەت قىلىڭ ،ئۇ كەلگۈسىدە خارەكتېرىڭىزگە ئايلىنىدۇ .خارەكتېرىڭىزگە دىققەت قىلىڭ ،ئۇ كەلگۈسىدە تەغدىرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ .*

*—— ساچىر خانىم (ئەنگلىيە سابىق باش ۋەزىرى)*

---

ھەقىقي بايلاردىن بولاي دىسىڭىز ،ئىشنى تەپەككۇر ئادىتىڭىزنى،تەبىئىتىڭىزنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاڭ،

هازىرلا...



ئەقىدە مەرۋايىتلىرى
ئەقىدە
AKIDA
阿克达
TEL: 400-1010-434


ئەقىدە يۇرۇشلۇك ئىلكىتاپلىرى
ئەقىدە
AKIDA
阿克达
1 مايۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەش دەرسخانىسى
2 نامراتلار قوي تەبىئەتلىك،بايلار بۆرە تەبىئەتلىك بولىدۇ (بىرىنچى قىسىم)
3 نامراتلار قوي تەبىئەتلىك،بايلار بۆرە تەبىئەتلىك بولىدۇ (ئىككىنچى قىسىم)
4 جېجىياڭ سودىگەرلىرىنى غەلىبىگە باشلىغان 22 تۈرلۈك سودا قائىدىسى
5 ۋېنجو سودىگەرلىرىنىڭ ئۆزگىچە تەپەككۇرى
6 خوتەن قاش مەدەنىيىتى
WWW. UYQT. COM | 400-1010-434